# نادىر ماقالىلەر توپلىمى

**(12)**

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2015 ـيىلى 2 ـئاي

مەنبە: شىنجاڭ يازغۇچىلار مۇنبىرى، باغداش مۇنبىرى، مىسرانىم مۇنبىرى قاتارلىقلار

www.kitaphumar.com

# مۇندەرىجە

1 . ئىسلام ئالىمىدىكى تىراگىدىيەلەر ۋە ئۇنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرى...............
ئابدۇۋەلى تۇرسۇن ئەر تۇرا3..............................................
2 . سىياسىي شاھمات ئويۇنلىرى.......................................28
3 . 1931 ـ يىلىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بىۋاستە سەۋەبچىسى جاڭ
گوخۇنىڭ تەقدىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش..........خوجا سالى ئابلىمىت ئابدۇللا49
4 . قۇتلۇق شەۋقىگە قىلىنغان تۆھمەت تەتقىقاتى................ئۆمەرجان نۇرى72
5 . شەرقشۇناسلىقنىڭ ئىسلامغا بولغان قارىشى.................. تالىپ ئۆزدەش81
6 . خوجىلار جەمەتى ۋە خوجىلار دەۋرى ھەققىدە مۇلاھىزە .......ئابلەت نۇردۇن90
7 . ياپونىيە ئالىمى ساگۇچى تورۇ ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭغا دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرى
.........................................................ئىمىن تاجى تۇرگۈن104
8 . لى بەيىنىڭ يۇرتى — سۇيئاب ھەققىدە .................ئابلەت نۇردۇن (ت)116
9 . ھىندىستان بۇددا دىنى مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر داستانچىلىقى..................
.......................................................... ئابلەت ياسىن بابا132
10 . ئەنگلىيەدە ساقلىنىۋاتقان كۇسەن پۈتۈكلىرى ....تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن141
11 . «ئىلاھىي تايغان» ـ موڭغۇل مىللىتىنىڭ بۆرە توتېمى......................جياڭ رۇڭ154
12 . ئۇيغۇرلاردا ھۆكۈمدارلارغا كىتاب تەقدىم قىلىش ئادىتى.......................
.........................................................ئىمىن تاجى تۇرگۈن184

# ئىسلام ئالىمدىكى تىراگىدىيەلەر ۋە ئۇنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرى

ئابدۇۋەلى تۇرسۇن ئەرتۇرا

پۈتۈن ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ ئىلگىرىكى كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت، سىياسىي، ھاكىمىيەت، پەلسەپە، تەبىئىي پەن ...لەردىكى ئالەمشۇمۇل ئۇتۇقلىرىنىڭ روياپقا چىقىشى ۋە كېيىنكى چۈشكۈنلۈك سىگناللىرىنىڭ ياڭرىشى، مەھكۇملۇق، توزانلىرىغا ئەسىر بولىشى، ئوتتۇرا شەرق جۇغلىدىن ئەرەپلەرنىڭ سەلتەنەت سۈرۈشى ياكى ئارقىغا چېكىنىش تارىخى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىدى. پاسىق، ھەددىدىن ئاشقان قىلمىشلارنىڭ شېرىكلىرى ئىدى. ئۇلاردا ئومۇمى يۈزلۈك قەبىلىۋازلىق، يۇرتۋازلىق، پاھىشۋازلىق ...تەك ئەقىل، ئەخلاق مىزانلىرىغا مۇخالىپ كېلىدىغان ئىشلار يۇقىرى بالداقتا كۆتۈرۈلگەن، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ھايۋان ئورنىدا قۇل قىلىپ سېتىلىشى، پەس ئىت ـ ئىشەكنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قېلىشى ئەڭ ئېغىر بولغان ئىدى. ئۇلار ئۆز قىزلىرىنىڭ بولغانلىقىدىن نومۇس قىلاتتى، ئۇلارنى خالىغانچە دەپسەندە قىلاتتى. ھەتتا ئاياللارنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىنى ھارام سانايتتى: ئۇلار ئاياللار ھەيزدار بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ قولىدىن بىر نەرسە يېيىش ھارام دەپ قارىشاتتى. قىزلارنى بولسا خۇپىيانە ھالدا ‹‹تىرىك كۆمۈشەتتى ››. شۇ سەۋەبلىك پۈتۈن ئىسلام ئالىمدە بولۇپمۇ ئەرەب ئېلىدە ئادەملەرنى قۇل قىلىپ سېتىش ھادىسىلىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ئىدى .ئۇنىڭ ئۈستىگە قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەپسىز نىزا ـ جاڭجاللار يۇقىرى پەللىگە چىققاچقا ،بىر قەبىلە يەنە بىر قەبىلىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغان ئەسىرلىرىنى قوشنا ئەللەرگە قۇل قىلىپ سېتىشاتتى ، ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىشاتتى ياكى خارلاپ ۋەھشىلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. ئۇلار ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن بۆلەك، سىرتقى ئەللەر بىلەن ئانچە بېرىش ـ كېلىش قىلىپ كەتمەيتتى .دۇنيانىڭ كۆلىمى ئۇلار ئۈچۈن غەربتە قىزىل دېڭىز، شەرقتە دەجلە، ئېفرات دەرياسىنىڭ شەرقىلا بولۇپ، ئۆزلىرىدىن باشقا ھەرقانداق مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلىقى ئۇلار ئۈچۈن بەرى بىر ئىدى. ئۇلار سەھرايى كەبىر قۇملۇقلىرىدەك ئادەمنى قىينايدىغان قۇرغاق تەپەككۇرلىرى سەۋەپلىك تالاي ئەسىر ماكېدونلارنىڭ، بابلونلۇقلارنىڭ، پارىسلارنىڭ ... مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغان

ئىدى ...

ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولىشى، ئۇلار ئۇچۇن ھەقىقەتەن كۈتۈلمىگەن كۆپ تەرەپلىمىلىك ئۆيغىنىشلارنى ئېلىپ كەلدى . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سىياسىي ، ھەربىي ۋە ھاكىمىيەت ...ستراتېگىيىسى ، ھەدىس ئىلمى ۋە ‹‹قۇرئانى كەرىم ››نىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتلىقتىكى دەستۇرى قىلىنىشى ، ئەرەپلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ساپاسىنى مىسلىسىز ئىلگىرى سۈردى . ئۆز قەبىلىلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ئەللەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىپ كۆرمىگەن ئەرەبلەر ، ‹‹سودا قىلىش›› يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، سودا كارۋانلىرىنىڭ ياردىمىدە پۈتۈن ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقا خەلقلىرى بىلەن بىۋاستە ئۇچۇرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېگە بولدى .كېمىلىرى بىلەن يىراق ئوكيانلارغا سەپەر قىلىشتى ... شۇ ئاساستا دۇنيانىڭ ئۆزلىرى ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە تولىمۇ كەڭرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى ... سىرتتىقى ئەللەر مەدەنىيەت تەپەككۇر ئېگىى ،ئۇلارنىڭ ئۇيقىچان ئىدراكىنى غىدىقلاپ ئويغاتتى. ئەرەب سەھرالىرىدا ئاندا ـ ساندا ئۆسۈپ قالىدىغان خوما دەرەخلىرىدىن بۆلەك ھېچ نىمىسى بولمىغان بۇ ئىنسانلار ،شەرق ۋە غەرپتىكى ئەللەرنىڭ تېببىي يەرلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ،قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنى يۇرتلىرىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەرسىلىرىنى ياقا يۇرۇتلارغا ئېلىپ باردى. بۇ جەرياندا شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت ۋە ماددىي ئەسلىھەلىرىدە، ئەنئەنىۋى خاسلاشقان، قۇتۇپلاشقان تەپەككۇرلىرىنىڭ سوقۇلۇشى يۈز بەردى. ئەرەب سودا كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما سادالىرى توختاۋسىز ھالدا شەرق ۋە غەرب ئارلىقىدا جاراڭلاپ تۇردى .

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرەپلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش يولىدىكى ئۇرۇشلىرى، ئۇلارغا بۇ تەرەپلەردىن نۇرغۇنلىغان كۈتۈلمىگەن مەنپەئەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان ئەللىرىنىڭ روھىي ۋە ماددىي بايلىقلىرى ئۇلارغا كۆپ ياقلىق ئوبيېكتىپ ۋە سوبيېكتىپ ئۇتۇقلارنى ئاتا قىلدى. ئۇلار بۇنىڭ تۈرتكىسىدە سوت ئۇيقىدىكى ياۋرۇپادا، شىمالىي ئافرىقىدا يېڭىچە بىر مەدەنىيەت يولى بەرپا قىلىپ ،ئوتتۇرا ئاسىيا مەرىپىتى، پەلسەپىسى، تەبئىي پېنى ...ئاساسىدىكى مەنىۋىيەت قۇۋۋەتلىرى بىلەن، قاقشال تېرەكتەك جانسىز ھالەتكە كېلىپ قالغان غەرب دۇنياسىنىڭ روھىيىتىگە جان ئاتا قىلغان ئىدى .

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىردىن باشلاپ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىن ئەرەب دۇنياسىدا جاھالەت قويۇنلىرى كۆتۈرۈلۈپ، مەزھەپچىلىك،

www.kitaphumar.com

يۇرتۋازلىق كۆچەيدى ( بۇ ھال ھازىرغىچە بىر ئىللەت سۈپىتىدە داۋام ئېتىپ كەلمەكتە ...) . ئەرەب سۇلتانلىرى يېڭىدىن ئىستىلا قىلغان زېمىنلاردىكى باشقا مۇسۇلمانلارغىمۇ ،ئەرەب بولمىغان مىللەتلەرگىمۇ قاتتىق قوللۇق قىلىشقا ،ئۇلارنى يەكلەشكە ، ئۇلاردىن ئالىدىغان باج سېلىقنىڭ مىقتارىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشقا باشلىدى . بۇ خەلقلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇر «« قۇرئان كەرىم »»نىڭ ئەھكاملىرىغا ئانچە ئېتىبار قىلماس بولۇپ كەتتى. مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسايىن ئۆتكۈرلىشىپ مىسىر پاتىمە سۇلالىسى، باغداتنى مەركەز قىلغان ئابباسىلار سۇلالىسى، ئىسپانىيە ئەرەب سۇلتانلىقلىرى ئۆز ئارا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، بىرلىكنىڭ ئورنىغا ئىچكى نىزانى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئوردا ھەرەملىرى نارەسىدە قىزلارنىڭ ـ سىرىتتىن ئېلىپ كېلىنگەن توقاللارنىڭ نالە ـ پەريادلىرى بىلەن زىل ـ زىلىگە كەلدى ... شۇڭلاشقا ئۇلار تېزلا زەئىپلىشىپ كەتتى.

ئەرەپلەرنىڭ ،جۈملىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ئىجتىمائىي ئېڭىدىكى بۇنىڭدەك ئارقىغا چېكىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ خىل . ئۇنىڭ يېتەرسىز ئامىللىرىنى ھەر تەرىپتىن ئىزدەشكە توغرا كەلسىمۇ ، يەنىلا ئۇنى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە يادرولۇق نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ :

مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىنكى تىراگىدىيەسىنىڭ تارىخىي سەۋەپلىرىنىڭ بىرى : ئۇلاردىكى دولەت باشقۇرۇش ،ھاكىمىيەت ...چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرسىز بولىشىدۇر . ئىسلام ئالىمىدە ئىلگىرى سۇلتان سەنجەر ،نىزامۇل مۈلۈك ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ... ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە بابۇر ، ئەكبەر ...دەك يېتىك سىياسىيون ۋە دولەت ئەربابلىرى يېتىشىپ چىققان بولسىمۇ ، بىراق مۇسۇلمانلار جامەسى بۇ ئۇلۇغلارنىڭ سىياسەت، سەلتەنەت، ئەلنى دېموكراتتىك ئۇسۇلدا ئىدارە قىلىش ... ھەققىدىكى تەدبىرلىرىنى ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ تېزلا ئۇنتۇپ كېتىشتى.

موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن، ئەرەبلەرنى يەنىلا تۈرۈكلەر ـ سالجۇقلار ئىستىلا قىلدى. تۈرۈكلەر ئەرەبلەرگە قاتتىق قوللۇق قىلىشتىن كۆرە ، ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي زىددىيتى بار ياۋرپالىقلارنى كۆپرەك ««تالان ـ تاراج »»قىلدى. چۈنكى ئەرەبلەر قانداقلا بولمىسۇن سالجۇقلار ئېتىقاد جەھەتتىن يېقىن ئىدى. تۈرۈكلەر ياۋرۇپادا باشقا مىللەتلەرگە ئەمەس، بەلكى ئۆز ئېتىقادلىرىدىن ئايىنىپ سلاۋيانلىشىپ كەتكەن بۇلغارلارـ غا ۋە جەنۇبىي سلاۋيانلارغا، روسلارغا قۇراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزدى. شۇنداقتىمۇ ئەرەبلەر تۈركلەرنى ئۆزلىرىگە مەڭگۈلۈك دۈشمەن دەپ قارىغان ئىدى . ئۇلار بۇ «« يات مىللەت»»

لەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، سىرتقى كۈچلەردىن ئىنگلىزلارغا تايىنىشى كىرەكلىكىنى ھېس قىلىشقان ئىدى. چۈنكى ئىنگلىز سىياسىيونلىرى ئەرەبلەرگە بىر تاغار قۇرۇق ۋەدىلەرنى بىرىپ ، ‹‹دۈشمەن››لەرنى ئەرەب زىمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارغا ‹‹ مۇستەقىللىق بىرىدۇ ››غانلىقىنى ۋەدە قىلىشتى ... ئەرەبلەر ئىنگلىزلارنىڭ سىياسىي ئويۇنلىرىغا ئالدىنىپ، تۈرۈكلەرنى شەپقەتسىزلىك بىلەن قىردى ،ھەتتا بىگۇنا ئاياللار، باللارمۇ بۇ قىر - چاپتىن مۇستەسنا بولالمىدى .. شۇنداق قىلىپ ئىنگلىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك مۇسۇلمان رەقىبلىرىدىن بىرى بولغان سالجۇقىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەربلەرنىڭ قولى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىدى ...1922- يىللاردىن باشلاپ بۇ شورلۇق زىمىندىكى پاجىئەلەر، ئەرەپلەرنىڭ ئالدىغا ھەر بىر قەدەمدە يىڭى بىر تەجرىبىنى بىرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەرەب سىياسىيونلىرى ۋەزىيەتنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق تەرەپكە بۇراشنى بىلەلمىدى. ئەكسىچە يات مىللەتلەرنىڭ قولى بىلەن تۈرۈك سۇلتانلىقىغا قاخشاتقۇچ زەربە بەردۇق ، ‹‹غەربلىكلەر بىزگە قىيامەت ئەمەس ،ئامەت ئىلىپ كىلىدۇ... ››دەپ قاراشتى .ئەرەب ئىنگلىز بىرلەشمە ئارمىيلىرى سالجۇقىيلارغا قارشى ئۇرۇشتا، تۈرۈكلەرنىڭ ‹‹ئائىلىسى 40مىليوندىن بىراقلا 10مىليونغا چۈشۈپ قالغان، ئۇلارغا پەقەت ئاناتولىيەلا قىلىپ قالغان بولۇپ، ئىنگلىزلار غەلبە قىلىش ئالدىدا تۇرغان پەيت ئىدى ››. مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، تۈرۈكلەرنى تامامەن يوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ نەسلىنى مۇتلەق يەر يۈزىدىن ‹‹قۇرۇتۇپ تاشلاش›› مۇمكىنلىكىنى كۈڭلىگە پۈككەن ئەرەب ھۆكۈمدارلىرى، ھە دەپ ئىنگلىزلار تەرپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلدى ... سالجۇق تۈرۈكلىرىنىڭ ئوتتۇرا شەرق، ياۋروپادىكى ھاكىمىيتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىشى بىلەن، ئىنگلىزلار ئەرەبلەرگە بەرگەن ۋەدىلىرىدىن تامامەن يىنىۋالدى. چۈنكى ئۇلار بۇ رايىش خەلقىنىڭ ئويۇشۇپ ئۆزلىرىگە قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى ئاجىزلىتىش قارارىغا كەلگەن ئىدى . ئاقىۋەت بۇ ئۇرۇشتا ئەڭ چوڭ زىيان تارتقىنى يەنىلا ئەرەبلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىگە تامامەن قارشى مەۋقەدىكى ‹‹دىنى ،تىلىمۇ ئوخشىمايدىغان مۇستەملىكە ئەل تەرىپىدىن بىسىۋىلىندى››. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى بىر پۈتۈن زىمىنى سانسىز ياماق چۈشكەن ئەسكى چاپاندەك، كىشىنىڭ ئىچىنى سىرلدۇرگىدەك دەرىجىدە پارچە - پارچە قىلىپ تاشلاندى .ھەتتا 1946- يىلى ئەشۇ خەلق سۇلتانلىرى چوڭ بىلىپ چوقۇنغان غەربلىكلەر ،ئۇلارنىڭ زىمىنىغا قۇراللىق بىسىپ كىرىپ ، سەرگەردان يەھۇدىلار ئۈچۈن ھازىرقى ئالقانچە كەلگۈدەك ئىسرائىلىيە دولتىنى قۇرۇپ بەردى ... ‹‹شۇڭا كۆپچىلىك ئەرەبلەر قاتتىق پۇشايمان ئىلىكىدە قالدى .››مانا بۇ ئەرەپلەرنىڭ، جۈملىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيەت، سىياسەت ...چۈشەنچىسىنىڭ

يېتەرسىز ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر تەرىپى .

بۇنىڭدىن باشقا ‹‹1922ـ يىلى 1ـ ئايدا تۈركىيەگە كەلگەن سوۋېت گېنرالى فرونزىنىڭ تەكلىپى بىلەن تۈركىيەنىڭ مەڭگۈ كاۋكازىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلماسلىقى (ياردەم بەرمەسلىككە )كۆنۈشى شەرتى ئاساسىدا ،تۈركىيە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنە نۇرغۇن پۇل ۋە قورالغا ئېرىشىدىغان بولدى ››{ ‹‹تۈركىيە ھازىرقى زامان تارىخى ››، 33ـ بەت ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، ئاپتورى : ياڭ تاۋجۈن ، تەرجىمە قىلغۇچىلار: ھاجى قۇتلۇق قادىرى ، ئەخمەتجان ئىسمايىل .} دېمەك، بۇنىڭدىن بىز ھالقىلىق پەيتتە ، تۈركىيە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆز قېرىنداشلىرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەملىكەنلىگىدەك ئەھۋالىنى كۆرەلەيمىز . بۇنداق بىنورمال تاشقى سىياسەت، بۇ دولەت ھازىرغىچە ئارلاپ ـ ئارلاپ قىسمەن باش باقانلار تەرپىدىن يۇرگۈزۈلىپ كەلدى ...

ئەرەب ھۆكۈمدارلىقىدىكى بۇنداق غەلىپەتلەر ،يېتەرسىزلىكلەر ،كېيىنكى چاغلاردا باشقا مۇسۇلمان ئەل خەلقلىرىنىڭ سياسىي ،ھاكىمىيەت باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىغىمۇ ، ئۇسۇلىغىمۇ مەنپىي تەسىرلەرنى كۆرسەتمەي قالمىدى . .. شۇنداقتىمۇ ئىسلام ئالىمى مەيلى ئافرىقىنىڭ سەھرايى كەبىرلىرىدە بولسۇن ، ئوتتۇرا شەرق ،ئوتتۇرا ئاسىيا ،جەنۇبىي ئاسىيادا ... تاجاۋۇزچىلارغا قارشى قۇربانلارنى بېرىپ ‹‹ مۇستەقىللىق ››قىمۇ ئېرىشتى ، بىراق بۇ يەنىلا غەربنىڭ ئىختىسادىي ،مەدەنىيەتتى ،سىياسىتى ئاستىدىكى قىسمەن ‹‹ئەركىنلىك ››بولۇپ ، بۇ ھال نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان دولەتلىرىنى يەنىلا تاشقىي قورالىلىق كۈچلەرگە بېقىندى قىلىپ قويدى . بۇ ئەللەرنىڭ نۇرغۇنى غەرب تەسىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەرەككۇرنى ئۈيغىتىش ئاساسىدىكى ئىجادىيلىق بىلەن ئەمەس ، ئەكسىچە قارا قويۇق دوراش ،شەكىلۋازلىق بويىچە قوبۇل قىلدى . مىسىر ،ماراكەش ، پاكىستان ...لار مۇشۇ مەقسەتتە كۆپلەپ ئوقۇغۇچىلارنى غەرب دۆلەتلىرىگە ئەۋەتتى .بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ،مىللىي روھىيىتىنى ئۇنتۇپ ،غەربنى دورايدىغان ماشىنا ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالدى . پاكىستاننىڭ ‹‹مىراسخور ››فىلىمىدىكى ‹‹ياقۇپ ››، ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى ‹‹ئەزمەتخان ›› مانا مۇشۇنداق غەرب ئىدىيىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغۇچىلارنىڭ سىمۋوللۇق تىپىدۇر ... غەربنى ئۆلۈك ھالدا تەقلىد قىلىش ياكى ئۇنىڭ ئىلمى ـ پەن مۇۋاپىقيەتلىرىنى تامامەن رەت قىلىش ،بۇ ئىسلام ئالىمىدىكى چۈشكۈنلىكلەرنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى . بۇ ھال تا 21 ـ ئەسىرگىچە يەسكويىغا چۈشۈش تۇرماق ،سەلبىي تەرىپتىن قىيامىغا يەتتى ...

ئىسلام ئالىمدىكى مەنىۋى ھالاكەتنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىدىن يەنى بىرى ، مۇسۇلمانلارنىڭ ‹‹دولەت قانۇن ››كىرى بولغان ئېتىقاد ،كالاملىرىدىكى ھەقىقەتلەرگە تەتۈر تاناسىپ يولىغا ماڭغانلىقى ،ئۇنىڭدا دىيىلگەن ئىلىم ــ ئىرپانلارنى ئۆگىنىش ،ئىنسانىي قىممىتىنى ھۆرمەت قىلىش ،ئەركىنلىك ـ ھۆرلۈك ئۇقۇملىرىنى ئۇلارنىڭ تەتۈر قوبۇل قىلىۋالغانلىقىدىن ئىدى .بۇنىڭ ئەكسىچە يەنىگە ،دېمۇكراتىيەگە …بولغان قىزغىنلىق غەربتە ئىزچىل داۋام ئەتتى .يەنى شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرا ئەسىردە كۆپلەپ يېڭىلىق يارىتىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئىدى .بۇنىڭغا ‹‹ قۇرئانى كەرىم ››دىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى كىتاب نازىل بولغاندا بەرپا ئېتىلگەن ‹‹ئوقۇ ›› دېگەن ئايەت مەنىۋى ئېلھام بولغان ئىدى .بۇنىڭدىن باشقا ئىلگىرىكى كۆپلىگەن ئىسلام ئالىملىرى ‹‹ئىسلام دىنى يەن ۋە ئېتىقاد ئاساسىغا قۇرۇلغان ›› دەپ قارىشاتتى . ئۇلار يەنە بۇ دىن كالامى بولغان ‹‹قۇرئانى كەرىم ››دە ئاسترونومىيە ، تېبابەت ، ماتېماتىكا ، خىمىيە … دېگەندەك پەنلەرگە ئالاقىدار نۇرغۇن مەسىلىلەر ئوتتۇرغا قويۇلغان … ‹‹ئاللا ئالەمنى يەن بىلەن ياراتقان ›› … يەن بىلەن ئېتىقاد ئايرىلماس گەۋدىدۇر ،يەنى ‹‹ بىز ئېتىقادتىن قالسا يەن ئارقىلىق خۇداغا يېتەلەيمىز ›› دەپ قاراشقان ئىدى .مۇشۇ خىل دۇنيا قاراشلار تۈپەيلى ، ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب دۇنياسى جۈملىدىن ئىسلام دۇنياسى ئۆز دەۋرىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن ئىدى .

بۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلەردىكى ‹‹ ھەقىقىي مۇسۇلمان قىشمۇ ـ ياز ياپراقلىرى كۆكلىرىپ تۇرىدىغان خورما دەرىخىگە ئوخشايدۇ .››دېگەن بايانلار ، نۇرغۇن ئەرەب ۋە باشقا مۇسۇلمانلاردا خورما دەرىخىگە ،جۈملىدىن تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى قوزغاپ ، ئۇلار ئېڭىدا مۇھىت قوغداش ئېڭىنى يېتىلدۈرگەن … بىراق موڭغۇل ئىستىلاسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ،بۇنداق ھەقىقىي ئەرزىگۈدەك ھاللار ئىسلام ئالىمىدە كەمدىن ــ كەم كۆرۈلىدىغان بولۇپ قالدى .بۇ بىكىنمە رايوندا مۇسۇلمانلارنى ھىدايەتكە باشلايدىغان ،ئاڭا ئۈلگە كۆرسىتىدىغان ،جۈملىدىن ئىنسانىيەت دېموكراتىيىسى ،باراۋەرلىكىنى …تولۇق چۈشىنىپ يېتىدىغان ئىستىداتلىق شەخسلەر تۈرۈكلەردە قىسمەن كۆرۈلدىيۇ ،لېكىن باشقا مۇسۇلمان ئەللەردە روياپقا چىقمىدى .شۇ سەۋەپتىن مۇسۇلمانلار دۇنياسى 16ـ ئەسىردىن كېيىن تېزلا غەربنىڭ مۇستەملىكە نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى .نۇرغۇن سىياسىيونلار ئىلىم ئېلىشنىڭ ئىسلام دىنىغا زىت ئەمەس، بەلكى بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ يېتەلمىدى ..ئىلگىرى ئۆز ئەجدادلىرى ياراتقان مەدەنىيەتلەرنى ئۆز قولى بىلەن ۋەيران قىلىپ تاشلىدى . بۇ ھالەت ھازىرقى

دەۋرىمىزگىچە داۋاملىشىپ كەلدى .يەنى ئافغانىستان ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىلىدە ، تالىبانلار نۇرغۇن چوڭ شەھەرلەردىكى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي قىممەتكە ئىگە قەدىمىي مەدەنىي مىراسلارنى ،كۇشان خانلىقىنىڭ پايتەختى بەلخ شەھەرىدىكى بۇددا ھەيكەللىرىنى چېقىپ تاشلىدى . ھەتتا ھىراتتىكى نەۋائىنىڭ قەبرىسىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن تۈزلىۋېتىلدى .بۇنداق ئېچىنىشلىق تىرورلۇقلارغا قارىتا باشقا مۇسۇلمان ئەللىرى ھېچقانداق ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرمىدى .ئوتتۇرا ئاسىيا ، شىنجاڭ رايۇنى ۋە ھىندىستان ...قاتارلىق دۆلەتلەردىكى گۈللەنگەن دەۋرلەرنىڭ نىشانى بولغان كۆپلىگەن مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنىڭ ئىسلام ئالىمىنىڭ زەئىپلىشىشىگە ۋەيرانىگە ئايلىنىشى ...

ئىسلام سىياسىيونلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئېگىغا سىڭگەن تارىخىي ئىللەتلەردىن بىرى ئىسراپخورلۇق ، بەدخەجلىك ئىدى . يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىدىكى بۇ چاكىنىلىقلار ،كۆپلىگەن پۇقرالارغىمۇ يامان رېئاكسىيەلەرنى كۆرسەتمەي قالمىدى. شۇڭلاشقىمۇ بۇنداق يىرگىنىشلىك ئەھۋاللار ئىسلام ئالەمىدە ئۇزاق ئەسىر داۋام ئېتىپ، تالاي ئىنسانلارنىڭ ئازغانلىقىنى ،ۋەيرانلىقىنى ،يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشىنى ...كەلتۈرۈپ چىقاردى . 13ـ ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىدىكى مەنئى بىتاپلىقىنىڭ مۇقەددىمە قوڭغىرىقىنى تۇنجى بولۇپ ئابباسىلار سۇلالىسى ياڭراتتى . ئۇ پەيىتتە ئابباسىلار نەسەبىنىڭ بايلىقى داغدەك دۆلىنىپ ، ھۆكۈمرانلار ھەددىدىن زىيادە بەتخەجلىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئۇسسۇلچىلار ، سازەندىلەر ، ئوردا شائىرلىرى ۋە ئوردا تېۋىپلىرىغا ناھايىتى كۆپ پۇل بېرىش ئارقىلىق ، ئۇلارنى سېتىۋالاتتى . سېتىۋېلىنغانلار خوجايىنلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتىرىشى شەرت بولۇپ . ئىگىللىرىنى قانچە كۆپ مەدھىيىلىسە شۇنچە جىق بايلىققا ئېرىشەتتى . تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا ،باغداتلىق مەشھۇر يەھۇدىي نەسلىدىن بولغان شائىر مەرۋان بىن ھەببىب ھەئۇ سەي ( 798ـ 821) بىر پارچە شېئىر ئوقۇپ ھارۇن رەشىدنى مەدھىيلىگەن ،بۇ شېئىرنىڭ شۆھرىتى شۇنچىلىك چىقىپ كەتكەنكى .بۇ شۆھرەت ئەشۇ دولەت ئاتىسىنىڭ ئوردا شائىرىغا 100مىڭ دەرھەم مۇكاپات بەرگەنلىكىدىن بولغان ئىدى . باشقا بىر شائىر بۇ شېئىرنى ناخشا قىلىپ ئېيتقاچقا ،ئۇمۇ 100مىڭ دەرھەم نائىل بولغان . يەنە بىر ناخشىچى مەلۇم بىر ئاخشىمى، خەلىپە(809ـ813 ) گە بېغىشلاپ شائىر ئىسھاق مۇسىل يازغان مەلۇم ناخشىسىنى ئورۇنداپ بەرگىنى ئۈچۈن ،خەلىپە ئۇنىڭغا 100دەرھەم بەرگەن . خەلىپە ئەمىنىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن پەزلە ئىسملىك بىر ئايال ناخشىچى ،نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن مۇكاپاتلانغان .

مەئمۇن ئەرەب ئىسلام تارىخىدا ‹‹ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى روھى››نىڭ نامايەندىسى ، بىراق ئۇ چەكتىن ئاشقان بەتخج پادىشاھلاردىن بولغان . يازما مەنبەلەردىن قارىغاندا ، ئۇ ‹‹بىر سائەت ئىچىدە 24مىلىيون دەرھەم خەجلىۋەتكەن ›› لىكى ... مەلۇم . بۇ دەۋىرلەردە پۇلنىڭ سۈدەك خەجلىنىش ھادىسىسى پەقەت ، ئەمەلدارلار ئارىسىدىلا ئىنتايىن كۆپ ئەۋج ئالغان .بۇنىڭ ئەكسىچە ‹‹تۆۋەن قاتلام خەلق ،مەرىپەت ئىگىللىرى ، ئىلىم ھامىيلىرى يەنىلا يوقسۇزچىلىق ، نامراتچىلىق ئىچىدە قاق سەنەم بولۇپ ›› ياشىغان . داڭلىق شائىر ئەبۇل ئەللامۇل ئەلى (973ـ 1057) نىڭ باغداتتا جان باقالماي ،يۇرتى مۇئەلگە قايتىپ غۇربەتچىلىكتە ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر .ھەممە جايدا ئەيش ـ ئىشرەت ، ناخشا ـ ئۇسۇل خۇمارلىق ئەۋج ئالغان.ئەربلەر يىراقتىن ئەلچىلەر كەلسىمۇ ئۇلارنى ئۇسۇل ئويناپ كۈتىۋالغان، ھەتتا دۈشمەنلىرى مۇڭغۇللارنىمۇ ئۇسۇل ۋە ناخشا بىلەن تەسىرلەندۈرمەكچى بولغانلىقى مەلۇم ...بىراق ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ،ھەتتا ئەھۋال ئېغىرلىشىپ شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى ، ئۇسۇل ۋە ناخشا بىلمەيدىغانلار ئادەم قاتارىغا كىرمەيدۇ دەپ قارىغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇلار ناخشا ـ ئۇسۇل بىلەن شۇنچىلىك بىخۇتلاشقانكى ،ئەرەب خەلىپىلىرىمۇ خەلقنى مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن مەغۇل قىلىپ باشقۇرسا ، ئۇنۇمىنىڭ ئىنتايىن چوڭ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان ... دولەت ئاتىللىرى ئۇرۇق ـ تۇغقان ، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ياكى ئۆزلىرىنىڭ توي مۇراسىملىرىنى پۈتۈن ئەرەب قەبىلىلىرىدىكى داڭلىق ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلارنى ئوردىغا يىغىۋېلىپ ، ھەشەمەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكەن . ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى بۇ خىل يىرگىنىشلىك ھالەت ئۇچۇنچى قارار خەلىپە مەھىدىنىڭ ۋاقتىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن .مەھىدى ھارۇن رەشىدنىڭ توينى ئۆتكۈزگەندە، بۇ تويغا كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىك سوۋغاتلارغا ئىگە بولغان ..ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ۋەزىر ،تۆرىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ھەشەمەتچىلىكتە بىر ـ بىر بىلەن بەسلەشكەن .

مىلادى 825ـ يىلى ،9ـ ئاي (رامىزان ئېيى ) دا ، خەلىپە مەئمۇنىنىڭ توي كېچىسى، كېيىنكى دەۋرلەردىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ بەس ـ مۇنازىرە قىلىدىغان چوڭ تېمىسىغا ئايلىنىپ قالغان. شۇ توي كېچىسىدىكى مەئمۇن بىلەن ئۇنىڭ باش ۋەزىرى ھەسەن بىن سەيىھلىنىڭ 18ياشلىق قىزى بۇللانىڭ تويىدا پۈتۈن ئوردا ئىچى ۋە سىرتى ھەشەمەتلىك قىلىپ كاتتا بېزەلگەن. بۇ تويغا 52مىليون دەرھەم خەجلەنگەن، يەنى بۇ فارس ( ھازىرقى ئىران دولىتى) ۋە ‹‹ئەھۋاس ››تىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مۇستەملىكە

دۆلەتتىن چىقىدىغان بىر يىللىق يەر بېجىدىن كېلىدىغان كىرىم بىلەن تەڭ ئىدى. شۇ كېچىسى ئوردىدىكى دەدەكلەر كۆتەرگەن چوڭ ئالتۇن پەتنۇسقا 1000دانە گوھەر سېلىنغان ئىدى . سۇلتان بۇلارنى چاچقۇزۇپ ئاندىن تېرىتىپ ، يېڭى كېلىنىنىڭ بوينىغا ئاستۇرغان.

ھادى ۋە رەشىت تەختكە ئولتۇرغاندا ، بۇ بېغەملەشكەن دۇنيا ئۇسۇل، نەغمىگە شۇنچىلىك بېرىلگەنكى ،بۇ ھال پۈتۈن ئەرەبلەردە تاڭ قالغۇدەك دەرىجىدە ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلانغان .ھارۇن رەشىت نۇرغۇن پۇل خەجلەپ بىر ئەلنەغمە ئورنى ( ئىشرەت سارىيى ) سالدۇرغان ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ نامىنى قويغان . . .

يۇقىرىقىدەك كۆپلىگەن ئىسلام سىياسىيونلىرى، دولەت پاسىبانلىرىنىڭ مۇشۇنداق سەۋەنلىكلىرى تۈپەيلى ،ئىسلامىيەت جۇملىدىن ئەرەب ئىسلام دۇنياسى 1258ـ يىل مۇڭغۇللارنىڭ دەھشەتلىك قوشۇنىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن، مۇڭغۇللار بۇ ئىشرەتخور قەۋمنى بولۇپمۇ مەركىزى پايتەختى باغداتنى ۋە سودا مەركىزى شامنى تامامەن ۋەيران قىلغان ... خەلىپە ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۆتتىن ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىنىپ ، پارچىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن ...پەقەت مىسىر مەملۇك سۇلالىسىنىڭ قىپچاق ـ تۈرۈك نەسلىدىن بولغان سەركەردىسى بايباراس، چەۋەندازلارغا باش بولۇپ قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ ،جىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھىلاكونىڭ قوشۇنلىرىغا مىلادى 1259ـ يىلى نىل دەرياسىدىن ئۆتۈش ئىمكانىيتى بەرمىگەن ۋە دۈشمەننى ئارقىغا چېكىندۈرگەن . ھىلاكۇ شۇ مەغلۇبىيىتى تۈپەيلى ئىراقتا ‹‹ئىلخانىلار ھاكىمىيىتى ›› نى قۇرۇپ ، مىسىرغا ھۇجۇم قىلىش نىيىتىدىن يانغان. بايبارسىنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ دۆلەتنى قانداق باشقۇرۇشنى بىلەتتى. بۇ ياش قوماندانىنىڭ ياۋغا قارشى جەڭ قىلغان پەيىتى، ئۇنىڭ مىسىر سۇلتانى بولمىغان چېغى ئىدى .ئۇرۇش ئەڭ ئەۋجىگە چىققان پەيتلەردە، مىسىرنىڭ ئەرەب سۇلتانى ھەرەمخانىسىدا ئەيش ـ ئىشرەت ، ئۇسۇل، نەغمە ـ ناۋا بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى ... مۇڭغۇللارنىڭ ياۋرۇپا ئەھلى سەلىپچىلەر بىلەن بىرلىشىپ مىسىرغا قىلغان ھۇجۇمنى بايبارسىنىڭ چېكىندۈرگەنلىكىنى بىلگەن سۇلتان، ھاكىمىيەت تايقىنىڭ ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ، بايبارسنى سۇلتانلىققا تەكلىپ قىلغان ئىدى .

ئەربلەردىكى ناخشا ۋە ئۇسۇل خۇمارلىق كېيىنچە باشقا مۇسۇلمان ئەللىرىگە تېزلىكتە كېڭىيىپ ئۇلارنىڭ چۈشكۈن تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان .

بۇلاردىن باشقا مۇسۇلمان تۈركىي مىللەتلىرىدىمۇ بۇنداق ھاكىمىيەت

چۈشەنچلىرىنىڭ يېتەرسىز ئالامەتلىرىمۇ نۇرغۇن : ئۇيغۇرلار قۇرغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنىڭ پاجىئەلىك بولىشىمۇ ، ئۇيغۇرلاردىكى دولەت باشقۇرۇش تەدبىرىنىڭ چولتىلىقىدىن دىيىشكە بولاتتى . شاھ مەھمۇد جورۇس يازغان ‹‹ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ماترىياللار ›› دا يېزىلىشىچە ،سەئىدى خاننىڭ ‹‹ سوپىلىق جەندىسىنى كەيگەن ، ھەزرىتى ئەزىزلەرگە ››گە ... ‹‹مەختۇم ئەزەم ›› ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ‹‹ئىشانلارغا قول بىرىپ ،مۇرىت بولغانلىقى ›› ۋە بۇ كۇلا - جەندە ئەھلىلىرىنىڭ دولەت سىياسىيتى يۇرگۇزۇشتە ئۆزى بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇپ ،ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنغان ... سەئىدخاننىڭ مۇشۇ سەۋەنلىكى تۈپەيلى كېيىنكى ۋاقىتقا كەلگەندە مەختۇم ئەزەمدەك چۈپرەندىلەرنىڭ ئىشانلىق ئەقىدىلىرى سەئىدىيە خانلىقىنى چىرىتىپ ،ئىسمايىلخان دەۋرىگە كەلگەندە دولەت قانۇنىنىڭ رولىنى تامامەن چىرىتىپ تاشلىغان .

قارىخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاقۇۋتىنىمۇ ئۆزىمىزدىكى مۇشۇ خىل يېتەرسىزلىكلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇ: ‹‹ سۇلالە سەردارلىرى بىلەن قارىخانىلار خوجىدارلىرى ئوتتۇرسىدىكى زىددىيەت ، شەرقي سۇلالىلەر بىلەن غەربىي سۇلالىلەر ئوتتۇرسىدىكى زىددىيەت ، دەھرىي ھاكىمىيەت بىلەن ،دىنىي ساھەلە ئوتتۇرسىدىكى زىددىيەت ، سۇلالە بىلەن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ سەركەردە – سەردارلىرى ئوتتۇرسىدىكى زىددىيەت ››{ ‹‹قارىخانىلار تارىخىدىن بايان ›› 2006ـ بەت ، 2000ـ يىل قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، ئاپتورى : ۋېي لىياڭ تاۋ } ، شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشىر قىلغان پەرھات جىلاننىڭ ‹‹مەھمۇد قەشقەرى ››ناملىق رومانىنىڭ 309ـ بەتلىرىدە ‹‹سۇلايمان ئارسلان خان بىلەن مۇھەممەد بوغراخان ( ئاكا - ئۇكىلار ) ئوتتۇرسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش تۈپەيلى ››قارىخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى .. . بۇيۈك ئاسترونوم ،ئالىم ، دانا سىياسىيون ئۇلۇغبەگنىڭ ئوغلى شاھزادە ئابلىتىپخان ،جىيەنى ئەبۇ سەئىدى مىرزا ...قاتارلىقلار تەرىپىدىن قەتلە قىلىنىشى ،رەسەتخانىلىرىدىك ئىلمىي جاۋاھىراتلىرىنىڭ كۆيدۇرۇلۇشى ...ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدە شەكىللەنگەن نەچچە ئەسىرگە سوزۇلغان ئىچكى ئۇرۇشلار ... بۇندىن سىرىت 15ـ ئەسىردە ھىراتنى مەركەز قىلىپ ھاكىمىيەت قۇرغان ھۈسەيىن بايقارا، ھاكىمىيىتىنىڭ خاتىمىسىگە قەدەم قويغاندا ،نەۋائىيدەك ‹‹ئىلىم ئەھلىلىرىنى كۆزگە ئىلماس ›› بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم . مەنبەلەردە ئۇ توغرىدا ‹‹خۇراساندا قىرىق يىلغا يېقىن پادىشاھ بولۇپ ،پىشىندىن كېيىن ئىچمىگەن كۈنى يوق ئىدى ... ھەددىدىن ئارتۇق ئىشرەت ۋە پاسىقلىق بىلەن مەشغۇل ئىدى ... شۇ

سەۋەپلىك بۇ دۆلەت ھالاكەتكە يۈزلەندى .›› { ‹‹ ئەلىشىر ناۋائى ›› ،35ـ بەت ، ئاپتورى : ئەسئەت سۇلايمان شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002ـ يىل 8ـ ئاي } دېيىلگەن .مۇشۇنداق مەنئى يىمىرىلىشلەر تۈپەيلى ،ھېرات كېيىنكى چاغلاردا ئىچكى نىزا پاتقىقىغا پاتقان ، ھالاكەتكە دۇچ كەلگەن . بۇ تىراگېدىيىلەرگە يەنىلا قارىخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىدىكى ھۆكۈمدارلارنىڭ سىياسەت ئىلمى دۆلەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە دۆلەت ئىگىلىرىنىڭ ئىستىبداتسىزلىقى تۈپ سەۋەب بولغان . سەئىدىيەنىڭ ئاخىرقى پادىشاھلىرىدىن قانخور ئابابەكرى خان ۋە قوقان خانى خۇدايارخانلارنىڭ خەلق ئۈستىدىكى زوراۋانلىقلىرى ... ۋەلىخان تۆرىنىڭ قەشقەردە ‹‹ئادەم بېشىدىن مۇنار ياسىشى ››، ياقۇپ بەگنىڭ خوتەندە بىگۇنا خەلققە قارىتا ئېلىپ بارغان ‹‹قەتلىئام ›› لىرى ، پۈتۈن قەشقەر ،خوتەندىكى قاسساپلارنى ئېلىپ كېلىپ ، خوتەندە ئۆزگە قارشى تۇرغان ـ تۇرمىغانلىنىڭ ھەممىسىنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇق بېرىشى ( بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە 40مىڭ ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ) ... بۇلارنىڭ بەرى ، ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى گۈللەنگەن دەۋرلەردىن كېيىنكى ھۆكۈمدارلىق كەمتۈكلۈكىنىڭ بىر تىمسالىدۇر .

بۇنىڭدەك مەنئى ۋاكۇملۇقلار تا يېقىنقى دەۋرگىچە ،ھەتتا ھازىرغىچە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە . 19ـ ئەسىرگە قەدەم قويغاندا ، بۇھال ئىراندەك چوڭ تارىخى ئۇزۇن بىر دۆلەتنىمۇ غەربكە بېقىندۇرۇپ قويدى . بۇ ئەسىردە روسىيە ،ئەنگلىيە قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەر ئىرانغا بېسىپ كىردى ۋە بۇ دۆلەتنىڭ مۇھىم قاتناش ـ تىرانسپورت ،تاموژنا تۈگۈنلىرىنى ،دېڭىز پورتلىرىنى ... زورلۇق كۈچى بىلەن ئىگەللىۋالدى .نەتىجىدە ئىران دۆلىتى مۇستەملىكە قىلغۇچى دۆلەتلەرنىڭ خام ئەشيا مەنبەيى ۋە مەبلەغ سېلىش ئورنى بولۇپ قالدى ... بۇ قانلىق پاجىئەگە شۇ دۆلەتلەردىكى كاللىسى قۇرۇق فېئوداللار ،بىغەم سىياسىيونلار سەۋەپچى بولغان ئىدى ... بۇ ئىلىمسىزلەرنىڭ سەۋەبىدىن ئىران 20ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىران تامامەن روسىيە بىلەن ئەنگلىيەنىڭ يېرىم مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى . 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئاتاقلىق دېموكراتىزمچى ،مۇتەپەككۇر مىرزا پاتالى ئاخۇندوۋ ( 1878ـ 1812) جەڭگىۋار قەلىمى بىلەن ، تاجاۋۇزچى كۈچلەرنى ،قۇللۇق ئىدىيىسى كۈچلۈك قورچاقلارنى سۆكۈپ تاشلىدى .خەلق ئاممىسىغا قارىتا ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ بۇ زور بۆلىكىنى قۇتۇلدۇرۇش شوئارىنى تەشەببۇس قىلدى ... بىراق يېڭىلىققا قارشى تۇرىدىغان، دىنىي تونىغا ئورىنىۋالغان قورچاق ھۆكۈمەت ھامىلىرى ئۆز قېرىنداشلىرىنى ، مىرزا پاتالىدەك ئەزىمەتلىرىنى ۋەھشىلەرچە قىرغىن قىلدۇ ...

1979ـ يىلى ‹‹پادىشاغا قارشى كۈرەش ›› بىلەن داڭ چىقارغان ھومەينى ،ئۇزاق ۋاقىتلىق سەرگەردانلىق ھاياتىدىن كېيىن دۆلەتكە قايتىپ كېلىپ ،ئىسلام ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى تەسىس قىلىدۇ . ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىر قاتار ‹‹ئىسلاھات ›› لار ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھومەينى تىكلىگەن ‹‹ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى››، ‹‹قۇرئانى كەرىم ›› نى ئاساسلىق دولەت قانۇنى قىلغان بولسىمۇ ،لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەشۇ مۇقەددەس دەستۇرىدىكى ‹‹ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار ›› { ‹‹قۇرئانى كەرىم ›› ، سۈرە بەنى ئىسرائىل ،33 ـ بەت } دېگەن ئەھكاملارنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ . بۇنداق سىياسىيونلاردىكى ئازغۇنلۇق ،ئىككى ئورتاق دىنغا ئىگە دۆلەتلەردىن ئىران بىلەن ئىراقنىڭ مۇشۇ ئەسىردە يۈز بەرگەن ،ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئەڭ قانلىق ئۇرۇشىدا گەۋدىلىك كۆرىلىدۇ . ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشىدا ھېچقانداق تالاش ـ تارتىش قىلغۇدەك چوڭ مەسىلە يوق ئىدى . بۇ پەقەت ئىككى مۇسۇلمان دولەت رەھپەرلىرىنىڭ ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى . ئىككى كاتتىۋاش ئۆز دولەت قانۇنلىرىنىڭ ئەكسىچە ،ھەممىنى بىراقلا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولدى . ھەتتا ھومەينى :‹‹ئامېركاچوڭ شەيتان››، ‹‹بارلىق ئەرەب دۆلەتلىرى كىچىك شەيتان›› دەپ جار سالدى . بۇنىڭ بىلەن باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىمۇ ئىرانغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولدى .

ئىسلام ئالىمىدىكى بۇ يوقىلاڭ ئۇرۇش مانا مۇشۇنداق باشلاندى .بۇ 80ـ يىللاردىكى ئەڭ دەھشەتلىك ئۇرۇش ئىدى 9ـ ئاينىڭ 22ـ كۈنى ئىراق 100 مىڭ كىشلىك قوشۇن بىلەن ئىرانغا ھۇجۇم قىلىدى . بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئەملى كۈچى تەڭ بوغاچقا بۇ خورىتىش ئۇرۇشىغا ئايلاندى . بىكاردىن ــ بىكارغا بۇ ئىككى مۇسۇلمان دولىتى سانسىزلىغان بىگۇنا ئاممىنى ئۇرۇشنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇردى .سوۋېت ئىتتپاقى ‹‹ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدىغۇچى دولەت ›› بولۇۋېلىپ ، ئىككىلي دۆلەتكە ئاسترىتتىن قۇرال ساتتى . ‹‹ئۆزىنىڭ قولى بىلەن ئۆزىنى ئۇرۇش ›› تاكتىكىسىنى ئىشلىتىپ مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئارا ئۇرۇشقا سالدى . ھومەينى بىلەن سادام باشقىلارنىڭ بۇ سىياسىي نەيرىڭىگە ھەدەپ ئۇسۇل ئوينىدى . .. روسلار 2ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئېشىپ قالغان ۋە ئولجا ئالغان كونا قۇراللارنى ئۆزلىرىمۇ قانداق بىرتەرەپ قىلىشنى بىلەلمەي ئىككىلىنىپ قالغان بىر پەيتتە ، بۇ ئۇرۇش ئۇلارنىڭ ئۇنى ئىككى مۇسۇلمان دۆلىتىگە سېتىپ بىر تەرەپ قىلىشىدىكى پۇرسەتكە ئىگە قىلدى ھەم روسلار زور پايدىغا ئېرىشتى . بىھۇدە ئۇرۇش تۇيۇقسىز پەيلى ئىككى دولەت سانائەت ، ييزائىگىلىك ... جەھەتتە تامامەن 40 يىللىق ھالىدىن كەتتى. ئىران ۋە ئىراق ئۇرۇشى ئەرەب ۋە پارىس سىياسىيونلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ، سىياسەت،

ئىنسانپەرۋەرلىك غايىسىنىڭ نەقەدەر چاكىنىلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىدى ...

بۇ توغرىدىكى ئەملى مىساللار،هازىرقى ئىسلام دۆلەتلىرى سىياسىي سەھنىسىدىمۇ تالايلاپ ئۇچرايدۇ : ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن تۈركمەن باشى ـ سەپەر مۇرات نىيازوف 1990ـ يىلى دولەت زۇڭتۇڭى بولغان .بىراق ئۇنىڭ ئۆزىنى ‹‹مەڭگۈلۈك دولەت ئاتىسى ـ تۈركمەنىستان پادىشاھى ›› دەپ ئاتىشى ، پۈتۈن سىياسىي ھوقوقنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشى ،ئەلگە دېموۇكراتىيە ،ئەركىن سايلام ھوقوقنى بەرمەسلىكى ، ئاخپارات ئەركىنلىكىنى بوغۇشى ... ئۆز خەلقىنىڭ يوللۇق تەلەپلىرىدىن گۇمانلىنىپ ، ئۇلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن روسىيە ۋە ئوكرانىيە دۆلەتلىرىدىن 2005ـ يىلىنىڭ بېشىدا كۆپلەپ ھەربىي قۇراللارنى سېتىۋېلىشى ... قىرغىز زوڭتۇڭى ئاسقار ئاقايېۋنىڭ 2004ـ يىللىق سايلامدا يېڭىلىپ ، ئۆز سىياسىي رەقىبلىرىگە ئاستىرتتىن ھۇجۇم ئورۇنلاشتۇرىشى ،ئەركىن مەتبۇئاتنى، نامايىش قىلىشنى چەكلىشى ... قازاقىستان زوڭتۇڭى نەزەربايېۋنىڭ ئۆزىگە قارشى تۈرغانلارنى ۋە سايلامدا ئۆزى بىلەن رىقابەتلەشكەنلەرنى ھاكىمىيەتتىن يىراقلاشتۇرىشى ... ئۆزبېكىستان زوڭتۇڭى ئىسلام كەرىموپنىڭ خەلق دېموكراتىيىسىنى چەكلىشى ،خەلق مەنپەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ‹‹ئەرك دېموكراتىك پارتىيىسى ››رەھبەرلىرىنى دۆلەتتىن قوغلاپ چىقىرىشى ھەم بىر قىسىم نامايىشلارنى قانلىق باستۇرۇشى ... تاجىكىستان زوڭتۇڭى ئىمام ئەلى راخمانوپنىڭ ئۆز دۆلىتىدىن ئاللا قاچان چىقىپ كەتكەن روس ئەسكەرلىرىنى قايتا چاقىرىپ كېلىپ ، دۆلىتىنى يېرىم مۇستەملىكە ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويىشى... ھازىرقى ئىران رەھپەرلىرىنىڭ دۆلىتىدە ئوتتۇرا ئەسىر ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى قوللىنىشى ... ۋە ئۆز دىنىنى قېرىنداشلىرى ، خوشنىسى تۈرۈكلەر بىلەن دۈشمەنلىششى . ‹‹جەنۇبىي ئەزەربەيجان ››تۈرۈكلىرىنى ،تۈرۈكمەنلەرنى قاتتىق باستۇرۇشى ،ئۇلارغا ھېچقانداق ھوقۇق ،ئەركىنلىك بەرمەسلىكى ...ھازىرقى ئەرەپلەرنىڭ 20دىن ئوشۇق دولىتى بولسىمۇ، 300 مىليوندىن ئوشۇق نوپۇسى بولسىمۇ ،تېخىچە بىرلىككە كېلەلمەي ،نوپۇسى 4ـ 5 مىليون كەلگۈدەك ئىسرائىلىيىگە بوزەك بولىشى ، پەلەستىن دۆلىتىنى قۇرالماسلىقى بۇلارنىڭ بەرى ئىسلام ئالىمىدىكى ھاكىمىيەت ،سىياسەت دولەت ...چۈشەنچىسىنىڭ تولىمۇ يېتەرسىز ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنىڭ بىر سالقىن مەنزىرىسى .

مۇسۇلمانلار جامەسىنىڭ قالاق ھالەتتە قېلىشىدىكى تۈپ سەۋەپلەردىن يەنە بىر ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ئىناق بولماسلىقىدۇر. ئىسلام دىنىنى تۇنجى قوبۇل قىلغان ئەرەبلەردە ، قەبىلە ۋازلىق ،تەبىقە ۋازلىقنىڭ يىلتىزى خېلىلا چوڭقۇر بولۇپ. ھازىرقى نۇرغۇنلىغان

ئافرىقا ، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ بەرى، ئەشۇ قەبىلىلەر ئايرىمىسىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان . ئۇلار بۆلۈنۈشىنى ئەۋزەل بىلىشتەك يېتەرسىزلىكلىرى تۈپەيلى ، غەربتىكى بەزى دۆلەتلەرگە بېسىنچاق بولۇپ قالغان. ئىلگىرى ئەرەبلەر گۈللەنگەن دەۋرلەردە سانى ئاز ،قۇراللىرى ناچار تۇرۇپ، دۇنيادا قۇدرەتلىك سانالغان رىم ئىمپېرىيىسىنى ھالاك قىلغان .مۇندىن مىڭ يىل ئاۋۋال ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ تالاس دەرياسى بويىدا قۇدرەتلىك تاڭ سۇلالىسىنىڭ زور قوشۇنلىرىنى بىتچىت قىلىپ ،ئۇلارنىڭ 1000يىقىن ئادىملا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدىكى پايتەختىگە يېتىۋاللىغان ... بۇنى ئەلۋەتتە شۇ چاغلاردا ئەرەپلەرنىڭ ھەممەدەملىك ـ ئېتىقاد ئاساسىغا قۇرۇلغان بىرلىكىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى . ئەشۇ دەۋرلەردە ئەرەبلەر يەھۇدىلارنى باش كۆتۈرگۈزمىگەن ئىدى ... بىراق ھازىر ئەھۋال تامامەن ئۆزىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ . ئەرەب دۇنياسى ھەتتا ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كىچىك دۆلەتلەر ئالدىدىمۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي، ھەربىي، مەدەنىيەت تەسىرىنى كۆرسىتەلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالدى .ئىناقسىزلىقتا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى ،ئۇلاردا مىللىي روھ چۈشەنچىسى تولىمۇ كەم . شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە ... قاتارلىق مۇستەملىكىلەرنىڭ تەسىرىدىن، يەنى سىياسىي تەسىرىدىن ھازىرغىچە قۇتۇلغان ئەمەس . ئوتتۇرا شەرق ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ بىر قىسمى روسىيىنى ،بىر قىسمى شەرقتىكى مۇستەبىت دۆلەتلەرنى ،يەنە بىر قىسمى ئىران ۋە ئامېرىكىنى ياقلايدۇ . ئۇلار ھامان مۇشۇ دۆلەتلەر بىزگە ھامىي بولالايدۇ دەپ قارايدۇ . ئۇلاردا ئۆزلىرىدىكى قۇدرەتكە ئىشىنىش تۇيغۇسى يېتەرسىز بولغاچقا ،«ھەر نەرسىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئۆزىنىڭ قولىدىدۇر » { سۈرە ياسىن ،83ـ ئايەت } دېگەن مىزاننى ئۇنتۇپ قېلىشقان. ئۇلارچە ئۇلارنى بىردىنبىر قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان نەرسە، ئەرەب مىللىي روھى بولماستىن، بەلكى ئەرەب نېفىتلىرىگە كۆز تىككەن «كۈچلۈك غەرب» لىكلەردۇر .

2004ـ غەربلىكلەر ئىراققا باستۇرۇپ كەلگەندە ،ئىراق ئارمىيىسى بۇندىن 40ـ 50يىل ئىلگىرىكى روسىيەدىن نېفىتقا تېگىشىپ ئالغان كونا قوراللار بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ .ئۆزلىرىنىڭ غەرب ئالدىدىكى تولىمۇ ئاجىز مەۋقەسىنى ئاشكارلاپ قويغان ئىدى .ھەتتا ئىراق ئەسكەرلىرى ئاشۇ كونا قوراللار بىلەن ئۆز قېرىنداشلىرى كۇۋەيت ئەربلىرىگە تاجاۋۇزچىلىق يۈرگۈزۈپ ، «جاھاندا ئۆزىدىن قۇدرەتلىك دولەت يوق »دەپ جار سالغان ئىدى . ئەمەلىيەتتە روسىيە ئۇنى ئاستىرتتىن كۈشكۈرتۈۋاتاتتى .ئىراق ھۆكۈمدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز قېرىنداشلىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى بىلگەن بىلەن ،تارىخى دۈشمىنى

ئىسرائىلىيىگە ھېچقانداق قۇرال ئىشلىتەلمىدى . مۇشىنىڭغا ئوخشاش باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىمۇ ھە دەپ غەربكە خۇشامەت قىلىشنى ئەرەبلەردىن ئۆگىنىۋاپ ، ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرىۋەتتىكىنى بىلەن .غەرب بۇ دۆلەتلەرنىڭ پەقەت نېفىت ۋە خام ئەشيالىرىغا قىزىقىپ ،ئۇلارغا ھېچقانداق چوڭ بىر سانائەت زاۋۇتلىرىنى قۇرۇش ئاساسىدىكى مەبلەغلەرنىمۇ سېلىپ بەرمىدى .ئوتتۇرا شەرىقتىكى ھەم ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشنا بولغان چوڭ دولەت ئىران، باشقا دۆلەتلەردىن كۆرە دىنىي قېرىندىشى تۈركىيەدىن بەكرەك ئەنسىرەيدۇ . چۈنكى ئىراننىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان ‹‹جەنۇبىي ئەزەربەيجان ››دىكى 20مىليونغا يېقىن ئەزەرلەر ،ئىران شەرقى شىمالىدىكى تۈرۈكمەنلەر تۈركىيە تەرىپىدىن قوللاشقا ئېرىشكەن . چۈنكى ئۇلار ئۆز ئارا قانداش خەلق .شۇڭا ئىرانلىقلار ئۆزلىرىنى دەي ـ دەيگە سېلىۋاتقان غەرب دۆلەتلىرىگە ئەمەس ، بەلكى ئۆز ئىچىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە ،ئەتراپىدىكى ئۆزىگە ئوخشاش ئاجىز دۆلەتلەرگە زوراۋانلىق قىلىشقا ئىمتىيازلىق ... بۇ دولەت سىياسىيونلىرىغا ئۆزلىرىگە خىيانەت قىلىدىغان ھاكاۋۇرانە ھوقوقنى ،ئاستىرىتتىن كۆشكۈرتۈپ ئەرەب ـ تۈرۈك مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە قارشى قويۇۋاتقان ‹‹ئاكا دولەت ››روسىيە بەرگەن ، چۈنكى روسىيەنىڭ كونا قۇراللىرىنى پۇل خەجلەپ سېتىۋالىدىغان بىردىن بىر چوڭ دولەت ئىراندۇر .ئىران مىللەتارىسلىرى، دولەت بېشىدىكى موللىلار ... مۇشۇ ئەمەلدىن قالغان نەرسىلەر بىلەن ئۆزلىرىنى ۋە خەلقىنى ئالداپ، دۇنيا خەلقى ئالدىدا بىر ‹‹ قەغەز يولۋاس››قا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېچقاچان سەزگەن ئەمەس .شۇڭلاشقا روسىيە بۇ مۇسۇلمان دۆلىتىنى كۆشكۈرتۈپ، سوۋېت ئىنتىپاقىدىغان قالغان كونا ھېلە بىلەن، ئىراندا ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇش مەيدانى ئېچىش ئۈچۈن ، ‹‹يادرو ئېلېكتر ئىستانىسىسى قۇرۇپ بېرىمىز ›› دېگەن باھانادا، ئۇنى بىر يادرو دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ نەزىرىنى بۇراپ ئۆزىنىڭ ئىمپېرىيىلىك ھوقوقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى قايتا قولغا كىرگۈزۈش مەقسىتىدە ھەرىكەت قىلماقتا .تۈركىيە سىياسىيونلىرى ئىراننىڭ بۇخىل تۈيۈق يولىنى ئالدىن سەزگەچكە، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىپ ئۆزىنى قوغدىماقچى بولىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ بەرى، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئاسىيانىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ ئىنقاسىزلىقىدىن، باشقىلارنىڭ ئۆنۈملىك پايدىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ بىر مىسالىدۇر .

ھازىرقى ئىران ـ پارىسلىرى ئۆزلىرىنى ، بىز ئىسلام ئالىمىدە بىرىنچى سەركەردە ، تارىخىمىز ئۇزۇن... چوڭ دولەت دەپ قارايدۇ .ئەمما ئۇلار پەقەت ئىلىمىزدىكى

تۇڭگانلارنىلا بىر مەزھەپ بولغىنى ئۈچۈن ھەقىقىي مۇسۇلمان دەپ چۈشىنىدۇ . ..سالا ، ئۇيغۇر ، قازاق ،تاتار ... مۇسۇلمانلارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ . ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ۋە ئەدەپلەرنى مەنسىتمەيدۇ .ئۇلارنىڭ مەزھىپىدە بولمىغان ھەممە مۇسۇلمان ‹‹غەيرى مۇسۇلمان››دۇر .بۇ قاراشلار ئۇلار دولەت قانۇنى دەپ قارايدىغان مۇقەددەس كالامدىكى ‹‹ئى مۆمىنلەر ! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى ( بىر جامە ،يەنە بىر جامەنى ،بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى ) مەسخىرە قىلمىسۇن ››{ سۈرە ھۇجۇرات ،11ـ ئايەت } دىگەن ئايەتلەرگە تامامەن زىت كېلىدۇ .

90ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ،ياۋروپادىكى جەنۇبىي سىلاۋىيانلار ‹‹يۇگوسلاۋىيىگە ›› سېرپىلىرى روسىيەنىڭ قوللىشى بىلەن دولەت چىگىراسى ئىچىدىكى مۇسۇلمان ئالبانلارغا ئىرقى قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى .بۇنىڭ بىلەن ‹‹كوسوۋا مۇسۇلمانلىرى ›› نىڭ ھەقىقىي سەرگەردانلىق ھاياتى باشلىنىپ ،پىرتكول ياۋروپادا مۇساپىر مۇسۇلمان ئالبانلارغا ياردەم كۆرسىتىش پائالىيتى باشلىنىپ كەتكەندە. پەقەت تۈركىيە بۇ سانى كۆپ ھەم ئېغىر كۈندە قالغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا مىليونلاپ پۇل ،ماددىي ياردەم كۆرسەتتى ھەتتا ئۇلارغا ئولتۇراق يەر ئاجىرتىپ بەردى ... ىراق باشقا ئۆزلىرنى چوڭ سانىغان ئەرەب ، ئىران ،ئافرىقا ... مۇسۇلمان دۆلەتلىرى روسىيەدىن قورقۇپ ياردەم قولىنى سۇنالمىدى ... ھەتتا بەزىللىرى بىر مىللەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولۇشتى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك ۋەقە كاۋكازىيەدە روي بەردى . داغىستان باشچىلىقىدا چېچىنلار ئۆز ئەركى ئۈچۈن روسىيە ھۆكۈمىتىگە قارشى جەڭ قىلدى . داغىستان كېيىن ئۇلارغا ئارسلان ماسخادوف سەردار بولۇپ ،روسىيە تەۋەسىدە ‹‹4 يىل مۇستەقىل ›› بولدى ... ىراق روس ھۆكىمىتى بۇ قېتىم ئۇلارغا ۋەھشىيانە باستۇرۇش ئېلىپ باردى .بۇ قىرغىنچىلىققا پەقەت ئامېرىكا ۋە بىر قىسىم غەرب دۆلەتلىرى ئېتىراز بىلدۈردى ھەم بۇ دۆلەتلەردە روس ھۆكىمىتىنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى نامايىشلار ئەۋج ئالدى .تۈركىيە غەرب باشلىقلىرنى ئىستانبۇلغا يىغىپ چېچىنىيە مەسىلىسىنى تىنچ سىياسى يول بىلەن ھەل قىلماقچى بولدى . لېكىن ئامال بولمىدى .روسىيە خەلقارا قانۇنغا پىسەنت قىلماي ،كاۋكازدىكى زوراۋانلىقىنى داۋام قىلدۇرىۋەردى .  باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلەر بۇ قانلىق قىرغىنغا قارشى بىرەر ئورۇندا كەڭ كۆلەملىك نامايىش ياكى دۆلەتلەر ئوتتۇرسىدىكى يىغىلىش ــ مۇنازىرىمۇ بولمىدى ... بەلكى ئەرەبلەر ، ئىرانلىقلار ، ئوتتۇرائاسىيالىقلار ، پاكىستانلىقلار ...مۇشۇنداق چوڭ ۋە ئەڭ سەزگۈر دۇنياۋى مەسىلىلەرنى كۆرمەسكە سېلىپ ،ئۆزلىرنى چەتكە ئالدى .قازاقىستان ، ئۆزبېكىستان ...

قاتارلىق دۆلەتلەر ‹‹روسىيەدىن خۇدۇكسىرەپ ›› مۇساپىر چېچىنلارغا پانا بېرىشتىن باش تارتتى .

ئىسلام ئالىمدىكى ئىجتىمائى چېكىنىشلەرنىڭ سەۋەبلىرىدىن يەنە بىرى : ئۇلارنىڭ ئىلىم ــ پەننى تازا دېگەندەك راۋاج تاپقۇزمىغانلىقى. بولۇپمۇ ماددىي ئەشيا ــ ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى، جۇملىدىن يېزائىگىلىك، يېنىك سانائەت ــ ئېغىر سانائەت: ماشىنسازلىق، ھەربىي ئەسلىھە، دولەت مۇداپىيەسى ...دەك چوڭ ئىشلاردا زامانىۋىلىشىش قەدىمىنىڭ يوق دىيەرلىك ئىكەنلىكىدۇر ...‹‹ئەگەر سىلەر راستىنلا بىلسەڭلار غەلىبەتتە قالماڭلار .››{سۈرە تەكاسۇر ،5ـ ئايەت} دېگەن ھۆكۈمنىڭ ئەكسىچە ، كۆپلىگەن مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ئىلمۇ ـ ئىرپان، زامانىۋىلىشىشتىن ھازىرغىچە ‹‹غەلىبەتتە ››قالغان. ئۇلار ھەيدەيدىغان ماتورلۇق بۇيۇملار، ئىشلىتىۋاتقان ئېلېكتىر سايمانلىرى، ھەربىي، دولەت مۇداپىيە سانائەت ئەسلىھەلىرى، قاتناش ـ ترانسىپورت ۋاستىلىرى ... بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى غەرب ئەللىرىدىن سېتىۋالىدۇ. بۇ تەييار تاپ دۆلەتلەر ئاساسلىقى غەربنى خام ئەشيا بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بىرلا سەۋۇدى ئەرەبىستانىغا سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەتلەر ئامېرىكا ، ياپونىيە ۋە كۆپلىگەن غەرب دۆلەتلىرىدۇر. بۇ دۆلەتلەرگە ئەرەبىستان نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان بولۇپ ،ئومۇمى ئېكسپورتنىڭ 95% نى تەشكىل قىلىدىكەن . غەربتىن ئەرەبىستانغا ئىمپورت قىلىنىدىغىنى ئېغىر تىپتىكى سانائەت ، ئېلېكتىر بۇيۇملىرى . ماشىنا ئۈسكىنىلىرى ،ترانسىپورت ،بىناكارلىق قۇراللىرىدىن تاشقىرى ،يېمەك ـ ئىچمەك ،كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ...دۇر . ئىرانمۇ ئىسلام ئالىمىدىكى چوڭ دولەت بولىسمۇ ،ىىراق ئۇنىڭ سانائىتى ۋە يېزائىگىلىكى تەرقىي قىلمىغان . ئىراننىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى پۈتۈن يەر كۆلىمىنىڭ ئاران 10 % تەشكىل قىلىدىكەن، دائىم غەربتىن ئاشلىق ئىمپورت قىلىدىكەن . ئېكسپورت قىلىدىغىنى پەقەت نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئىكەن .

1998ـ يىلى 9ـ ئايدا جۇڭگو خەرىتە نەشرىياتى تەرپىدىن نەشىر قىلىنغان ‹‹دۇنيا خەرىتىسى قوللانمىسى›› ناملىق كىتابتا ،مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىشلەپ چىقارغان يېزائىگىلىك، سانائەت ... ماددىي مەھسۇلاتلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مۇنداق بېرىلگەن : (قىسقارتىلدى )

‹‹پاكىستان››: ئەنئەنىۋى قالاق يېزا ئىگىلىك دولىتى . ئېكسپورت قىلىدىغىنى پاختا ، پاختا توقۇمىچىلىق ئەشيالىرىدۇر .

‹‹ئەرەب برلەشمە خەلىپىلىكى ››، زۆرۈر دائىم ئىشلىتىدىغان يېزائىگىلىك ۋە سانائەت ...مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ چىقىرالمايدۇ .ئىقتىسادى پەقەت گاز ۋە نېفت ئېكسپورتىغا تايىنىدۇ .

‹‹ئومان سۇلتانلىقى ››:بارلىق ئىقتىسادى كۆچى نېفت ئېسپورت قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە پەقەت چىلان، دېڭىز مەھسۇلاتلىرىدىن قۇرۇق بېلىق. سانائىتى تەرققي قىلمىغان.

‹‹يەمەن جۇمھۇرىيىتى››: بۇ دۆلەتتە تېخنىكىسى تەرققي قىلمىغان چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ.

‹‹ئىئوردانىيە پادىشالىقى ››: تەرققي قىلمىغان يېزائىگىلىك دولتى. مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي ، تاماكا سەي ـ كۆكتات ،مېۋە ـ چېۋە ،

‹‹سۇرىيە ئەرەب جۇمھۇرىيىتى ›› :ئەنئەنىۋى يېزائىگىلىك دولتى ...

‹‹سودان جۇمھۇرىيتى ››: يېزائىگىلىكى ۋە سانائىتى ئوخشاشلا تەرققي قىلمىغان .

‹‹ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيتى ››: بۇ دۆلەتتە كانچىلىق ۋە يېزائىگىلىكنى ئاساس قىلىدۇ .

‹‹ئەرەب سوتسىيالىستىك لىۋىيە جۇمھۇرىيىتى ››: بۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ % 99نى نېفت ئېكسپورتى تەشكىل قىلىدۇ .

‹‹تۈركمەنىستان ››: بۇ دولەت ئاساسلىق نېفتكە تايىنىدۇ .

‹‹ئۆزبېكىستان ››: بۇ دولەت يېزائىگىلىك ئىشلەپ چىقىرىشىدىكى پاختا ئېكسپورتىغا تايىنىپ ئىقتىسادىي ئېنېرگىيەنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ .

‹‹قازاقىستان ››: كونا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مىراس قالغان تۆمۈر ـ تەسەك ،ياغاچ ماتېرىياللىرى ،كۆمۈر ... ئېكسپورت قىلىشقا تايىنىدۇ .

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تايانچ كۈچى بولغان ، ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپ چىقىرىشتىكى ئەملى ئەھۋالىدۇر . بۇنىڭغا روشەن سېلىشتۇرما بولىدىغىنى غەرب دۇنياسىنىڭ يۈكسەلگەن يېزائىگىلىك ،پەن ـ تېخنىكا ،سانائەت ...لىرىدىكى ئۆزگىچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدۇر .بۇلارنىڭ ئىلغار تېخنىكا بىلەن قوراللانغان يۈكسىلىش سۈرئىتى ،ئىسلام ئەللىرىدىن ئالھىدە خاسلىقلارغا ئىگە بولۇپ . بۇ ھال بۇ ئىككى مۇسبەت ۋە مەنپىي قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنىڭ ئاسمان ـ زېمىن ئىكەنلىكىنى بىزگە شەرھلەپ بېرىدۇ . ..بۇ ئوخشىماسلىقلارنى تۆۋەندىكى جانلىق پاكىتلار تېخمۇ روشەن دەلىللەيدۇ :(قىسقارتىلدى )

www.kitaphumar.com

‹‹بولغارىيە ››: كانچىلىق ، خىمىيە ، ئېلېكترون ،كېمىچىلىك سانائىتى تەرەققىي قىلغان ،يېزائىگىلىكى ماشىنىلاشقان

‹‹بېلگىيە ››:تەرەققىي قىلغان سانائەت دۆلىتى .

‹‹ئاۋستىرىيە›› : سانائىتى ۋە يېزائىگىلىكى تەرەققىي قىلغان .

‹‹نورۋېگىيە ›› :تەرەققىي قىلغان يېزائىگىلىك ، سانائەت دۆلىتى .

................................................................

يۇقىردا بىز ئىسلام ئالىمى بىلەن غەربتىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ،سانائەت ، يېزائىگىلىكى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقتۇق .بۇلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدىكى ، ئىسلام ئالىمىدىكى تىراگىدىيىلىك كۆرۈنىشلەر ، بولۇپمۇ بۇ دۆلەتلەردىكى نامراتلىق ،نادانلىق، ئاچارچىلىق ...نىڭ مەنبەيى ،تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولىشى قاتارلىقلارنىڭ تۈپكى سەۋەبلىرى ،ئۇلار تۇرغان مۇھىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىپلا قالماستىن ،بەلكى ئۇلارنىڭ ئىلىم ئېلىش مۇھىتىنىڭ تۆۋەنلىكى ،تەربىيىلىنىش ئەھۋالى شۇنداقلا ئۆز دۆلەتلىرىدىكى يېزائىگىلىك ۋە سانائىتىنىڭ زامانىۋىلاشمىغانلىقى ،بۇ ئەسلىھەلىرىنىڭ ئىپتىدائىي شەكىلدە قالاق پېتى قالغانلىقى ...بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر . بىزنىڭچە بىر دۆلەتنىڭ خەلقىنىڭ ئىختىسادىي ئاساسى قالاق ، پەقەت ئەنئەنىۋىي ئىشلەپچىقىرىشقىلا تايانسا شۇنداقلا نېفىت ۋە تەبىئىي گاز دېگەندەك تەبىئىي نەرسىلەر بىلەن چەكلىنىپ قالسا ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزىدىن ئىلغار بولغان دۆلەتلەرنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ . ئۇ دۆلەت نامىدا ‹‹مۇستەقىل ›› سانالسىمۇ ،ئەمەلىيەتتە ئەشۇ ئاكتىپ ئورۇنىدىكى ئەللەرگە بېسىنچاق بولۇپ ،ھەقىقىي مۇستەقىللىق رولىنى يوقىتىدۇ . يەنى باشقا تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرالمىسا ،پەقەت سىرتقا تايىنىدىغان ،ھەتتا ئۆز دۈشمىنىدىن ئۈمىد كۈتىدىغان ئاجىز دۆلەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ . ھازىرقى شارائىت ئىلىم پەننىڭ ئۇچقاندەك يۈكسىلىشىنى، بىر دولەت ۋە خەلقنىڭ مىللىي قۇۋۋىتىنى مەدەنىيەت، مەرىپەت ...ئىشلىرىدىن سىرىت يەنە ھەربىي سانائەت، ماشىنىسازلىق ئېلېكترون، ئاۋتىئاتسىيە، قاتناش سانائەتلىرىنىڭ ... تەرەققىياتىمۇ بەلگىلەپ قويىغان. يۇقىرىقىلاردىن بىزگە مەلۇمكى، ئىسلام ئالىمى بۇ جەھەتتە پەقەت ئىستېمال قىلىدىغان، ئىشلەپ چىقىرالمايدىغان پاسسىپ زۇناغا ئايلىنىپ قالغان.

ئۇنداقتا بىزنىڭ كاللىمىزغا ئىسلام ئالىمى نېمە ئۈچۈن سانائەت تېخنىكىسىدا غەربتىن ئارقىدا قالدۇ .؟ نېمە ئۈچۈن بۇلار ھازىرغىچە بۇ نوقتىنى چۈشۈنۈپ يېتەلمىدى ...؟ دېگەن سوئاللارنىڭ كېلىشى تۇرغانلا گەپ .بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ بولسىمۇ ،ئۇنى

مۇنداق نوقتىغا جەملەشكە بولىدۇ : مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنى دەستۇرىدا ‹‹تۆمۈرنى ياراتتۇق ، تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار››{ ‹‹قۇرئانى كەرىم ››، 57ـ سۈرە ھەدىد ،25ـ ئايەت .} دېيىلگەن .بۇ يەردە ئېيتىلغان تۆمۈر ئىككى خىل سىمۋوۋۇللۇق ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. بىرى، ئىنسانلار قەدىمدىن ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان، قۇرال سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغان تۆمۈرنى. يەنە بىرى ئاشۇنىڭغا ئوخشاش رودا تاشلاردىن ئېرىتىلىپ ياسالغان باشقا ھەرخىل مېتاللارنى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ‹‹تۆمۈر ››ـ مېتالغا تالاي سىرلار يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تۇرمىشى، مەدەنىيىتى، ئېتقادى... ۋە باشقا ساھەلەردە ھازىرغىچە مۇھىم روللارنى ئويناپ كەلمەكتە. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئەشۇ ‹‹تۆمۈر ـ مېتال›› دىن ئىبارەت مۇھىم نەرسە، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تالاي رەت ئۆزگەرتىۋەتكەن، يۈكسەلدۈرگەن ... ئەگەر ئۇ بولمىغاندا ھازىرقىدەك تەرەققىياتلار بولمىغان بۇلاتتى دېسەك ھېچ خاتالاشمىغان بولىمىز. شۇنداقلا ئۇنىڭسىز ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى بارلىق سانائەت ،يېزائىگىلىك، دولەت مۇداپىيەسى ...قاتارلىقلارنىڭ روياپقا چىقىشى مۆمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭلاشقىمۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا تۈنجى بولۇپ سانائەتنىڭ خورۇچى، ئاساسىي ماددىسى ئەشۇ تۆمۈر ـ مېتالنى كەشىپ قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ـ تۇرانىيەلىكلەر، ئەڭ بۇرۇن ئىنسانىيەت تارىخىدا تەرەققىيات، مەدەنىيەت ... يارىتىش باسقۇچىغا كىرگەن ئىدى. ئەشۇ تۆمۈر ـ مېتالنىڭ كۈچى بىلەن ئۇلار دۇنيادا تۈنجى بولۇپ يايلاق ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۇل تېشىنى تۇرغۇزغان . ئۇنىڭ قۇدرىتىدىن پايدىلىنىپ جەڭدە كېرەك بولىدىغان قۇراللارنى، مىنىدىغان ئېتىغا كېرەك بولىدىغان تاقىلارنى ياسىغان.. . ئەگەر تۆمۈر ـ مېتال بولمىغىنىدا، يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئاتلىرى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، غەرب ـ شەرق ئارلىقىدا بۇنچە چوڭ مەدەنىيەت ،ئىرىقى ئەبجەشلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرالمىغان ،غايەت زور ‹‹ ئوچۇق مەدەنىيەت›› نىڭ ئاساسىنى تىكلىيەلمىگەن بۇلاتتى .بۇ خەلقلەر ئاشۇنىڭ قۇدرىتى ئارقىلىقلا ھەقىقەتنىڭ يولىنى ئاچالىغان . ئۇلار تۆمۈردىن زور ‹‹مەنپەت ››كۆرگەچكە ، ئۆزلىرىدە ئەشۇ مۇستەھكەم قاتتىق تۆمۈر ـ مېتالدەك روھنى يېتىلدۈرگەن . خۇددى تۆمۈردەك قاتتىق بىردەكلىكنى ـ ھىملىقنى ،زور ئۇيۇشۇش كۈچىنى ، ھەرقانداق زەربىگە بولغان يىمىرىلمەسلىكنى ،ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ چىرىمەسلىكنى ... ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى قىلغان ئىدى .شۇڭلاشقا ئەجداتلىرىمىز بولغان تۇرانىيەلىكلەر تۆمۈرگە ـ مېتالغا بولغان ئىزدىنىشنى توختاۋسىز ئىچكىرلەپ ئېلىپ بارغان ۋە ئۇنىڭدىكى ئىلاھىي ھەقىقەتنى تاپماقچى بولۇشقان . ھەرخىل تۆمۈر ـ مېتال مەدەنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

تۇپراق ۋە تاغلارغا چوقۇنغان .تۆمۈر ۋە تۆمۈر روھىدىكى سىرلار ئۇلارنى بارغانچە ئۆزلىرىگە
جەلپ قىلىپ بارغاچقا .ئۇ ئۇلار تۇرمۇشىنىڭ ۋە ئېتىقادىنىڭ بىر تەركىبى قىسمىغا
ئايلىنىپ قالغان .شۇڭلاشقا ئەجداتلىرىمىز ئۆزلىرى ياشىغان ۋە چوقۇنغان تاغلارغا ،ئەشۇ
مېتاللارنىڭ نامىنى بېرىپ ‹‹ ئالتۇن ››ـ ‹‹ئالتاي تاغ ››،‹‹تۆمۈر تاغ ›› ...دەپ ئاتىغان
بولسا ، ئادەم ئىسىملىرىغىمۇ ئەشۇ خىل تۆمۈر ــ مېتال روھىنى نامايان قىلىپ ،ئۆز
پەرزەنتلىرىنىڭ تۆمۈر خىسلىتىگە ئىگە بولۇپ ‹‹مۇستەھكەم ــ چىڭ ›› ، ‹‹باتۇر ››،
ئەخلاقىي نوقتىدىن جەلىپكار ياكى ‹‹پاك ›› بولىشىنى ... ئارمان قىلىشىپ ‹‹ چىن تۆمۈر
باتۇر ›› ،‹‹تۆمۈر لەك ››، ‹‹ پولات ›› ،‹‹كۆمۈش بىبى ››، ‹‹قوغۇرسۇر ئالتۇن›› ...
دېگەندەك ئىسىملارنى قويغان ئىدى قەدىمكى يايلاق مىللەتلىرى جۇملىدىن
تۇرانىيەلىكلەر ياشىغان ئوردۇس يايلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيا ...رايونلىرىدىن نۇرغۇنلىغان ھون
، تۇرۇك...مىللەتلىرىنىڭ قەبرىلىرى تېپىلغان بولۇپ ، بۇ قەبرىلەردىن ئالتۇن تاج ،
مېتالدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى ، تۆمۈر قوراللار كۆپلەپ تېپىلغان .دېمەك ، بۇ
ئەجداتلىرىمىزنىڭ تۆمۈر ـ مېتال تەتقىقاتىنىڭ ،ئۇنىڭغا بولغان ئىزدىنىشىنىڭ خېلى بۇرۇن
باشلانغانلىقىدىن ۋە شۇنى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى قىلغانلىقىدىن
دېرەك بېرىدۇ .يېپەك يولىنى تۈنجى بولۇپ ئاچقان ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ــ تۇرانىيەلىكلەر
دەسلەپ ئىشنى تۆمۈر بىلەن ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان مېتاللاردىن ، يەنى
ئالتۇن سودىسىدىن باشلىغان ئىدى . ئۇلار ئالتاينىڭ ئالتۇنلىرىنى ، شىمالى يايلاقتىكى
ئېپتىدائىي يايلاق يولى ‹‹ئالتۇن يولى ›› بىلەن غەربكە ئاپىرىپ ساتقان ئىدى . ئۇلار
ئوتتۇرا ئاسىياغا قۇرغان بىرنەچچە قەدىمى شەھەرلەرگە ‹‹تۆمۈر قاپاقا ›› دەپ نام بەرگەن
بولسا ، شەھەر قوۋۇقلىرىنى تۆمۈردىن ياسار ئىدى . ئىلگىرى ئالتاي ــ ئالتۇن تېغىدا
تۇنجى بولۇپ تۆمۈر تاۋلىغان كۆك تۇرۇكلەر ،ئەشۇ تۆمۈرنىڭ كۈچىدە تولۇق قۇرئالىنىپ ،
ئۆزلىرىگە زوراۋانلىق قىلغان ئاۋارلارنى ھالاك قىلىپ ، 6ـ ئەسىردە ‹‹كۆك تۇرۇك خانلىقى››
نى ئالتاي ــ ئورخۇن ۋادىسىدا قۇرغان .ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن ھونلار شەرقىي رىم
ئىمپېرىيىسىنى تۆمۈر روھى ۋە تۆمۈردىن ياسالغان ئىلغار قۇراللار بىلەن يەڭگەن ئىدى .
ئۇلار ئىجاد قىلغان ئوقيانىڭ باشقى ئۆتكۈر ھەم ئۇچلۇق تۆمۈردىن ياسالغان ئىدى
.ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ــ ئۇيغۇرلار تۇنجى بولۇپ ،مۇندىن 4ـ 5 مىڭ يىل ئىلگىرى تۆمۈر
ساپان ئارقىلىق تارىم ۋادىسىدا بوز ئاچقان .

دېمەك ، ئۇيغۇر ــ تۇرانىيەلىكلەر تەبىئەتنىڭ كۈچ ــ قۇدرىتىنى ،ھەقىقىتىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان تۆمۈر ـ مېتالنىڭ سىرىنى تۇنجى ھېس قىلغاچقا ،ئىنسانىيەت تارىخىدىكى

كۈچلۈك مەدەنىيەت ياراتقۇچىلاردىن بولۇپ قالغان ئىدى . تۆمۈر ـ مېتال روھى ۋە ئۇنىڭ هازىرقى تەتقىقاتى ،هازىرقى ئىنسانلارنىڭ سانائەت ـ مەدەنىيەت يۈزلىنىشىنىڭ ، تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ تېز ـ ئاستىلىقىنى بەلگىلەپ قويغان مۇهىم ئامىللاردىن بىرىدۇر . ئەملى مسال بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا تۆمۈر سانائىتى ،جۇملىدىن مېتالچىلىق سانائىتى تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ئەملى كۈچى ھەقىقەتەن زوردۇر . بولۇپمۇ ياۋروپا ـ غەرب ، ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ ھەرجەھەتتىن تەرەققىي قىلىپ ،مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ھازىرقى شارائىتتا بۇ جەھەتتە ئارقىدا قېلىشىدىكى تۈپ سەۋەپلەردىن بىرىمۇ مۇشۇ بولسا كېرەك . ھازىرقى غەربلىكلەر سانائەتنىڭ ئاساسىي ماددىسى بولغان تۆمۈرنىڭ قۇدرىتىنى ،تۆمۈر روھىنى ـ ‹‹تۆمۈر ھەقىقىتىنى ››چۈشەنگەن. شۇڭا ئۇلاردا تۆمۈردەك ئۇيۇشۇشچانلىق ، ھېملىك ۋە سانائەتلىشىشى ئالدىغا كەتكەن. مۇسۇلمانلار بۇ روھتىن كۆرە ،ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان قۇملۇقلاردىكى قۇرغاق ‹‹قەۋم››دەك چېچىلاڭغۇلۇق ،ئۇيۇشالماسلىقتەك ... يامان تەرىپلەرنى ئۆزلىرىگە سىڭدۈرۈۋالغان. شۇ سەۋەپتىن 19ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا كېلە ـ كەلمەي ،بوراندا قالغان قۇمدەك ھەر تەرىپكە چېچىلىشقا باشلىغان ... بۇنىڭ ئەكسىچە بۇ روھ بىلەن تەپەككۇرنى تويۇندۇرغان غەربلىكلەر ،مېتال ـ مىستىن ياسىغان چېركاۋ قوڭغۇراقلىرىنىڭ سادالىرى ،ئىلگىرىكى يېپەك يولىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئەزان ئۈنلىرىنى بېسىپ كەتتى ...

ھەقىقەتەن .ھەرقانداق دولەت مۇداپىيەسى ،ئېلېكتىرون ، قاتناش قۇراللىرى ، قۇرلۇش ماتېرىياللىرى ...قاتارلىق سانائەت ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى مىللەت روھىنىڭ بارلىققا كېلىشى ،ئەشۇ ھەم ئۇيۇشىشچان ھەم ئەۋرىشىم تۆمۈر ـ مېتال روھسىز ھۆججۇتقا چىقمايدۇ . ئۇنىڭ خىسلىتى ـ ھەقىقىتى ئىنسانىيەتنى ـ تەڭرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ . ئىنسانىنى يۈكسەلدۈرىدۇ ،ئىنسانىنى ئەزىز قىلىدۇ. ئۇ خۇددى ئېيتقاندەك مۇستەھكەمدۇر. شۇڭا خەلقىمىزدە ئاجىز ئادەم ياكى مىللەتلەرنى تەرىپلىگەندە ‹‹قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق خەلق ياكى ئادەم ›› دېگەن سۆزنى كۆپ ئىشلىتىدۇ. بۇ سۆزگە ھەقىقەتەن زور ھېكمەت يوشۇرۇنغاندۇر. ئەگەر قولىدا تۆمۈر ـ تۆمۈر قۇرالى بولمىغان ئادەم ،سەپەرلەردە ھەرخىل قىسمەتلەرگە دۇچار بولىشى ئېنىق ... پىچاق ـ تۆمۈر شۇڭا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ گۆش توغراپ يەيمىز ۋە باشقا ئىشلارنى قىلىمىز. ئۇ بولمىغاندا بۇ ئىشلارنى قىلىش تولىمۇ تەسكە توختىلار ئىدى . ھازىرقى غەربلىكلەر ئۆزلىرى تەتقىق قىلىپ ياسىغان سانائەت بۇيۇملىرىنى(تۆمۈرنى ـ مېتالنى ـ ھەقىقەتنى) ساتسا، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئەكسىچە پۇلى يوق ئادەم قان ساتقاندەك، ‹‹ئاللا يارىتىپ قويغان›› نېفىتنى، تەبئىي گازنى ...ساتماقتا ...

بىز بۇلاردىن مۇسۇلمانلارنىڭ نەچچە ئەسىرلىك ۋە ھازىرقى تىراگېدىيىلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاسانلا بىلىپ ئالالايمىز، يەنى مۇسۇلمانلاردا ‹‹تۆمۈر ـ مېتال خىسلىتى›› كەم . بۇ توغرىدىكى ئىزدىنىش تېخمۇ كەم . ئۇلاردا تۆمۈردەك بىرلىك، يەنى ھەمدەملىك يوق. يەنە بىر تەرەپتىن ئىلىم پەننىڭ سىمووۋلى بولغان ‹‹تۆمۈر ـ مېتال ›› غا بولغان ئاشىقانە تەلپۈنۈش ،ئۇنى تەتقىق قىلىدىغان روھى ،قىزغىنلىقى كەمچىل. ئۇلار ھەرقانداق پەننىڭ ئاشۇنى ئۆزلىرىگە ھامىي قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. غەرب ئەللىرى ئاشۇ تۆمۈر مەھسۇلاتلىرىدىن پايدىلىنىپ، تۆمۈر سانائىتىدىن مەھرۇم قالغان بۇ يىپيىق زونا ئىنسانلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇشقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقلىرىدىن قانغىچە پايدىلاندى ۋە پايدىلانماقتا.

ئىسلام ئالىمىدىكى غېرىبلىقلارنىڭ يەنە بىر سەلبىي سەۋەبى: تارىخى يىلتىز ئۈزۈن بولغان، ئۇلار ئېڭىغا يۆگىمەشتەك چىڭ چىرماشقان ئىشرەتۋازلىقتۇر. ئەمەلىيەتتە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابىدا :‹‹زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر ››{سۈرە ئىسرائىل ،32ـ ئايەت .} دېيىلگەن. روسىيەنىڭ مەشھۇر شائىرى پۇشكىن ئۆزىنىڭ داڭلىق ئەسىرى ‹‹باغچا ساراي فونتانى››ناملىق ئەسىرىدە ، ئىسلام ئالىمىدىكى ئىشرەتخورلۇق ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە توختۇلۇپ ئۆتكەن ئىدى. ئەسىرىدە شائىر قىرىمدىكى تاتار خانلىقلىرىدىن بىرى ‹‹قىرىم خانلىقى ››ۋە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن خارابىلىككە مەھكۇم بولغانلىقى ھەققىدە تەپسىلى ئانالىز ئېلىپ بارغان. ئەسلىدە قىرىم خانى جىلايى›› ئىنتايىن ئىشرەتخور بولۇپ ،ئۇ ھەر بىر ئىستىلا قىلغان زېمىندا بۇزۇۋچىلىققا يول قويىدۇ. ئۆزى بولسا پايتەخت شەھەر ‹‹ باغچا سارايغا ›› بىنا قىلىنغان ھەشەمەتلىك ئوردىسى ئىچىدىكى ھەرەمخانىسىغا بىر فونتان ياساتتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىشرەتخورلۇقى ۋە ‹‹توقاللىرىنىڭ سەگىدىشى›› ئۈچۈن ئىدى. ھەر بىر مۇستەملىكە ئەلدىن نارەسىدە قىزلارنى ئۆز ھەرەمخانىسىغا ئېلىپ كېلىۋېرگەچكە، ھەرەمخانا دېپسەندە قىلىنغان قىز ـ چوكانلارنىڭ پەريادى بىلەن زىلزىلىگە كېلىدۇ. ئەسەردە زۇلمىغا چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ‹‹گىرۇزىن قىزى سەلىمە ››، ۋە ‹‹رۇس قىزى مارىيە›› لەرنىڭ ھالاكىتى ئارقىلىق ،پۇشكىن بۇ ئەسەردە جىلايخانىنىڭ ئىشرەتخورلۇقى ،ئۇنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى، ھەممە ھەرەمخانىدىكى ‹‹باغچا ساراي فونتانى ››مىليونلىغان ئىسلام ئالىمىدىكى دېپسەندە بولىۋاتقان ،بىگۇنا ئاياللارنىڭ كۆز يېشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

ئوخشاشلا ،ئىسلامىيەتنىڭ گۈللەنگەن ئوتتۇرا ئەسىرىدىن كېيىنكى پاجەلىرىنىڭ

تۆپ سەۋەپلىرىمۇ يەنىلا ئىشرەتخورلۇق ئىدى . بۇنىڭدەك كېسەللەنگەن پىسخىك ھادىسە ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغان بىر ھالدۇر . بۇنىڭدا ئەرەبلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى باشلامچىلىق رولى ،مەنىۋى يېتەرسىزلىكى كۆرۈنەرلىك بولۇپ كەلدى .بۇ ئىللەت ھازىرغا قەدەر مۇشۇ ئەللەردە روي بېرىۋاتقان بولۇپ : ئىشەنچلىك مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ،ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ شۇنداقلا ئۇرۇش ـ نىزاغا تولغان ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ نارەسىدە قىزلىرىنى ھىندونېزىيىگە ،ئەرەپلەرنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى دۇبەيدەك ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلىرىگە ئاپىرىپ ساتىدىغان ،پاھىشە بولۇشقا زورلايدىغان ئىشلار ھازىرمۇ بارلىقى مەلۇم . نۇرغۇنلىغان ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭ غەربتە شۇنچە پۇل تېپىپ شۇ پۇللارنى ، نامرات دۆلەتلەرنى ـ خەلقلەرنى يۆلەشكە ئەمەس ، بەلكى ئامېركىلىق ،فىرانسىيەلىك پاھىشىلەرگە ئىشلىتىدىغانلىقى ... بۇمۇ بىر ئەمىلى پاكىتتۇر .

بۇنىڭدىن باشقا نەشكەشلىك ـ زەھەرلىك چېكىملىك ھازىرقى ئىسلام دۇنياسىدىكى يامان ئىللەتلەردىن بىرىدۇر. روسىيە ئافغانىستاندىن چېقىپ كەتكەندىن كېيىن، پۈتۈن دۇنيا بويىچە %70زەھەرلىك چېكىملىك چىقىدىغان دۆلەتلەردىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى . زەھەرلىك چېكىملىكلەر بۇ يەر ئارقىلىق پۈتكۈل مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ۋە غەربكە تارقىلىدۇ ،ھازىر پاكىستان ئارقىلىق شىنجاڭغىمۇ كىرمەكتە.بۇ ئىسلامىيەت ئالىمىلا ئەمەس ،پۈتكۈل دۇنيا تەشۋىشلىنىۋاتقان جىددىي مەسىلىلەردىن بىرىدۇر

بىز يۇقىرىدا ئىسلام دۇنياسىدىكى غېرىبلىق : پەن ــ تېخنىكا ،سانائەت ... قاتارلىقلاردىكى تىراگىدىيىلىك ئەھۋاللار ھەققىدە مۇناسىپ چۈشەنچىلەرنى بېرىپ ئۆتتۇق . بۇ يالغۇز ئوتتۇرا شەرق ،ئافرىقا ...مۇسۇلمانلىرىغىلا مەنسۇپ بولۇپ قالماي ، بەلكى ھازىرقى ئۇيغۇرلار جامەسىگىمۇ ھەققىي ماس كېلىدۇ . چۈنكى تارىختىن بۇيان ئەرەب ، ئىران ئوتتۇرا ئاسىيالاردىكى ئىجتىمائىي داۋالغۇشلار ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ،ئىجتىمائىي ،مەدەنىيەت ھاياتىغا ھەرخىل يۆلىنىشتە تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن . ھەتتا ئۇلاردىكى تالاي چېكىنىشلەرمۇ بىزگە ئۆتۈپ تاناسىپلىق غىدىقلاشلارنى ئاتا قىلغان ... شۇڭا كېسىپ ئېيتالايمىزكى ، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئىلغار مىللىي مائارىپ ،يۈكسەك ئىتتىپاقلىق ، پاك ئىجتىمائىي ئەخلاق ، پاكا ئېتىقاد ...ئاساسىغا قۇرۇلمىغان غايىلەر ، تەلپۈنۈشلەر ... ھامان ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مەۋقەسىنى ساقلاپ قالالمايدۇ .شۇڭا دەيمىزكى ئىسلامىيەتنىڭ غەرب دۆلەتلىرى ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى : يەنىلا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەنىۋى كېسەللىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . كۆپلىگەن ئىسلام ئەللىرى ھە دەپ ئۆزلىرىنى توغرا يولدىمىز دەپ قارىسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ھىدايەت يولىدىن،

ئىنسانىيلىقتىن، بىرلىكتىن ، ئىلىم پەنگە يۈزلىنىش قىلىشتىن ... چەتلەپ كەتكەن. بولۇپمۇ ئىسلام ئالىمىدىكى سىياسىيونلار ئېتىقادىنى ـ ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ قانۇنلىرىنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆردى . ئۇلار ئەشۇ خەلقلەرنى تولۇق تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشنىڭ بىردىن بىر يولى ئۆزلىرىگە تايىنىش ،غەربنىڭ ئىلغار پەن تەتقىقاتىنى ئۆز ئەمىلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى كۈچلەندۈرۈشنى ئاڭقىرالمايدۇ .ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇلار قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق قۇلچىلىقنى ياكى بولسا بىرتەرەپلىمىلىك بىلەن ھەممىنى ئىنكار قىلىشنى، ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشنى ، بىر بىرى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشنى ئەۋزەل بىلىدۇ ...مانا بۇ ئىسلامىيەتنىڭ تارىخي، يەنى رېئاللىق پاجىئەسىنىڭ سىرى ... مانا بۇ مۇقەددەس كىتاپلاردا ئېيتىلغان ‹‹تۆمۈر ›› روھىنىڭ زەئىپلىشىشى ...!

# سىياسىي شاھمات ئويۇنلىرى

تېمىغا كىرىش سەۋەبىم

بەزى سىياسىي ھادىسىلەر ھەققىدە پىكىر قىلىشىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دەپ يۈرگەن گەپلىرىدىكى بالىلىق، گوللۇق ئادەمنى ئۈمىتسىزلىككە غەرق قىلغۇدەك دەرىجىدە ئىكەنلىكى بۇ تېما ھەققىدە يېزىشقا، توغرىسى ئوخشاش گەپنى ئايلاندۇرۇپ،باشقا تۈرلۈك قىلىپ يەنە تەكرارلاشقا مەجبۇر قىلدى. ھەتتا بىز ئېپتىخارلىنىپ يۈرگەن ئالىملىرىمىزدىن بىرىنىڭ دۇنيا سەھنىسىدە ئوينىلىۋاتقان ئويۇنلارغا بالىلارچە ئىشىنىپ، ئوقۇغۇچى بالىدەك پىكىر قىلىشىغا شاھىت بولدۇم. ئالىملىقىغۇ ھەق راست-دە، ئەمما پەقەت شۇ كەسپىنىڭ ئالىمى، ئەگەر ئۆزى بۇنى ئېتىراپ قىلغان تەقدىردە سىياسىي شاھمات ھەققىدىكى بالىلىقنى كەچۈرۈشكە بولاتتى، ئەپسۇسكى، باشقاخەقنىڭ ئالىملىرىدەك كەسپى بولمىغان ساھەلەر ھەققىدە ھەق ئىددىئاسىدا بولماسلىقنى پەزىلەت ئەمەس، ئەيىپ سانايدىغان بولساق كېرەك، ھەممە ئىشتا ئالىملىقتىن تامادابولۇش بىلەن، نەتىجىدە بەكمۇ سەتچىلىك پەيدا قىلىش يامان-دە.

يەنە تورلاردا ئوخشىمىغان سىياسىي ھادىسىلەر، دىن، دۆلەت، ئۇرۇش، ئاشقۇنلۇق تېمىلىرىدا بولۇۋاتقان ئىنكاسلار ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرغۇدەك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرگەندە، پوققا پايدىسى يوق ئىشقا ۋاقىت سەرپ قىلماي دېسىمۇ بولماي قالۇدۇكەن كىشى. بەزىلەرغۇ خۇپىسەنلىك بىلەن ئېغىز تاتىلاش،ئوتتۇرىدا خۇسۇمەت تۇغدۇرۇپ، دىققەتنى چالغىتىش قاتارلىق — دەل مۇشۇ ماۋزۇنىڭ تەركىبىدە بولغان شاھمات ئويۇنلىرىدىكى بىر خىل رولنى ئېلىۋاتقان بولۇشىمۇ ئەقىلگە كەچمەي قالمايدۇ؛ يەنە بەزىلەر بولسا ھەققەتەنمۇ گاڭسالىق بىلەن مانا شۇنداق ساددا گەپلەرنى گەپ دەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ يۈرۈدۇ. بۇنى، بىلمىگەنلىكتىن دېيىشىمۇ ئەيىپ ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇغۇنىسى ھەممىنى بىلىدىغاندەك، بىردىن-بىر ھەقىقەت شۇدەك تەلەپپۇزدا ئىشەنچ بىلەن دېيىشلىرى يەنە كىشىنىڭ سەبرىنى تاشۇرۇدۇغان بىر تەرەپ.مانا شۇنداق سەۋەپلەردىن بەزىلىرى ھەتتا بۇ تېمىنى تەخىرسىز قىلغان ئامىل دېسەممۇبولۇدۇ.

## شاھمات قانداق ئويۇنۇلۇدۇ؟

شاھماتتا گامبىت ئۇسۇلى بولغاندەك، سىياسىي شاھماتلاردىمۇ خۇددى شۇنداق بولۇدۇ. شاھماتتا ئالداش، كۆز بوياش بولغاندەك بۇنىڭدىمۇ شۇ. ھەتتا چېدىماسلىق، ساختىلىقمۇ بولۇشى مۇمكىن. سىياسىي باشقا پەنلەرگە ئوخشاش، دەللىكى بولغان ئىلىم ئەمەس. نىسبەتەن ئەۋرىشىملىكى بولغان ئىلىم. شۇڭا ئۇنىڭ مۇقۇملاشقان فورمۇلاسى، پىرىنسىپى بولۇشىمۇ ناتايىن. ئەگەر ئۆزگەرمەس بىر پىرىنسىپى بار دېيىلسە، ئۇ دەل مەنپەئەت ئۈستىگە ئىنشا قىلىنغانلىقىدۇر. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئادالەت، ئادىللىق، ئادىمىيلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك،... دېگەندەك چىرايلىق گەپلەر سىياسىنىڭ پەردىسى بولۇپ، ئۆزى ياكى مەخسىدى ئەمەس. بۇنى ماكياۋېللىنىڭ كىتابىنى ئوقۇغانلار يادا بىلىدىغان گەپلەر. بۇ نەزەرىيەلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلار كۆپ بولسىمۇ، بۈگۈنكى رىيالللىقىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر ھەققىدە بۇ نەزەرىيە بويىچە ئويلاپ كۆرەي دەيدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. يەنى، دۇنيادا ھەققەتەنمۇ مەلۇم قۇتقازغۇچى بارمۇ؟ (ئاللاھتىن باشقا، مەخلۇق ئىچىدىن دېمەكچى) ئادالەتنىڭ ھامىسى بىر كۈچ بارمۇ؟ لىللا مەسىلە ھەل قىلىپ قويۇدۇغان مەلۇم كۈچ ياكى كۈچلەربارمۇ؟ كېسىپ ئېيتىمىزكى، يوق!

ئىلگىرىكى بەزى يازمىشلىرىمدا دەپ ئۆتۈلگەن ھەتتا تەكىتلەنگەن بىر ئىستىخبارات فورمۇلىسى بار: بىر ھادىسىنى (ۋەقەنى، ئۆزگىرىشنى، قانىنى...) كىم قىلدى؟ دېگەننى چۈشۈنۈشتە، بۇ ھادىسە كىمنىڭ ئىشىغا بەك ياردى؟ كىمگە بەكرەك پايدا ئەكەلدى؟ دېگەن سوئاللار بىلەن مۇلاھىزە قىلىشنىڭ ھەرقاچان توغرا بولۇدۇغانلىقى. ئىستىخبارات كەسپىنىڭ ئەڭ موھىم بىر خىزمەت فونكتسىيىسى دەل «ئېپچىتىش» (provocation) بولۇپ، دەل بىزنىڭ ھېلىقى باللارچە پىكىر بايان قىلىپ يۈرۈدۇغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ چۈشەنچىسىگە ئوخشاش چۈشەنچىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلغان بولۇدۇ. ئېپچىتىش يەنە ئەينى ۋاقىتتا خاتا ئادرېس كۆرسىتىش دېمۇ ئاتىلىدۇ. ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان، «ئاممىسى» دېيىلىدىغان ئاددىي خەلق كۆرسىتىلگەن ئادرېسقىلا قارايدۇ؛ بۇنىڭ خاتا بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ. ئىستىخباراتنىڭ يەنە بىر خىزمەت تۈرى: «پىتنە-پاسات تارقىتىش» (سۆز-چۆچەك دېسەك چىرايلىقراق چىقىشى مۇمكىن). دۆلەت ھاكىمىيىتى ھەرقاچان بىر ھاكىمىيەت كۈلتۈرى يارىتىپ، مانا شۇ كۈلتۈرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. بۇ دۆلەت كۈلتۈرى

ئۇستقۇرۇلمىنىڭ بارلىق ماشىنىلىرى (مېدىيا) تەرىپىدىن، مائارىپىمىزنىڭ ئۆزئىچىگە ئالغان ھالدا، دۆلەت پۇخرالىرىنى قايتا شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ھەتتا بۇ جەھەتتە ئاساسەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولۇدۇ. يەنى، پۇخرالار ھاكىمىيەتنىڭ ئارزۇ قىلغان پۇخرالىرىدىن بولۇپ يېتىشىدۇ. گەرچە ئۆكتىچىلىك قىيامەتكىچە مەۋجۇت دېيىلسىمۇ، ئۆزىمىزمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاشۇ سىڭدۈرۈلگەنلەرنى ئۆز پىكرىمىزدەك مېنىڭسىگەن بولۇمىز. شۇنداق پىكىر قىلىمىز، شۇنداق باھا بېرىمىز، شۇنداق مۇھەببەت ياكى نەپرەتتە بولۇمىز.

مەسىلەن، ئامېرىكا ئارمىيىسى ئىراققا كىرگەندىن كېيىن ئەڭ ئاز ئۈچ مىليون بالىنىڭ يېتىم قالغانلىقى مەلۇم. ئەمما، پۈتۈن دۇنيادىكى تەشۋىقات قوراللىرى ياپونىيەلىك رىيھەننىڭ قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە دىققەت قىلىۋاتىدۇ. گېتلېرنىڭ بۇنىڭغا ماس كېلىدىغان بىر سۆزىنى ئىلگىرىكى بەزى كىتابلىرىمدا ئوخشاش نۇقتىئىينەزەرنى ئىسپات قىلىش ئۈچۈن دەلىل قىلغان ئىدىم، يەنە شۇنىمۇ تەكرار نەقىل قىلاي: «ئاخباراتــ يېتەرلىك دەرىجىدە تۈتامسىز، ھەتتا كۈلكۈلۈك بىر ۋەقەنى قىسقا مۇددەتتە ناھايىتى موھىم بىردۆلەت مەسىلىسى ھالىغا كەلتۈرۈپ، ئەسلى ناھايىتى موھىم بولغان بىر مەسىلىنى جامائەتنىڭ دىققىتىدىن قاچۇرۇپ، ئۇنۇتتۇرۇش كۈچىگە ئىگە». مانا شۇنىڭغا ئوخشاش، ئادەمنىڭ قاراشلىرىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا، ئىستەلگەن يۆنۈلۈشتە شەكىللەندۈرۈش تامامەن مۇمكىن. ياۋروپالىقلار بۇ ئىشتا بەكمۇ ئالدىدا. چۈنكى ماركسىنىڭ زاماندىشلىرىدىن(بىر مەزگىل دوستمۇ بولۇشقان) لاسسال، مائارىپ ئارقىلىق ئىنسانلارنى ماشىنىلارغا ئايلاندۇرغىلى بولۇدۇغانلىقى تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىر ئادەم سىنىپ مەسئۇلى تاپىلىغان ئىشنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ئېسىدە تۇتۇپ، ئەمەل قىلىدۇغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى دەلىللەپ كۆرسەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇن جەمىيەتشۇناسلار، ھۆكۈمران گورۇھقا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ كونكرېت پىلان-پروگراملىرىنىمۇ تۈزۈپ چىققان. دەۋرىمىزدە يىراقتىن تۇرۇپ ئادەمنى (خۇددى تىزگىنەكتە باشقۇرۇلۇدۇغان ماشىنىلاردەك) باشقۇرۇش سىناق قىلىنماقتا، ھەتتا مەلۇم جەھەتلەردە يولغا قويۇلماقتا.

رىياللىق بۇ ئىكەن، بىز تېخىچە مەكتەپ باللىرىدەك، تەشۋىقات تەرىپىدىن سۇنۇلغان ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈنگەن يۈزىگىلا ئىشەنسەك دەل بىزنىڭ ئاشۇ پروگراممىلىنىشتىن نەسۋىمىزنى ئالغانلىقىمىز بولۇدۇ. ياكى، كالللىمىز ئوتتۇرا ئەسىردىكى پېتىچە قېتىپ قالغان ساددا دېھقاندىن بىرى بولغان بولۇمىز.

ئەمدى كونكرېت مەسىلىلەرگە كېلەيلى. فرانسىيىدىكى ھەجۋىي ژۇرنال تەھرىر

بۆلۈمدە يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەنى يۇقارقى فورمۇلىغا سېلىپ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈڭ. بۇ ھادىسە ئىسلام نامىغا قانچىلىك پايدا ئېلىپ كەلدى؟ يەنە باشقا كىملەر بۇنىڭدىن پايدا ئالدى؟ كىمنىڭ قازانچى ئەڭ كۆپ؟

ئوتتۇرا شەرقتە خۇددى «تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك»لا پەيدا بولغان ئىراق-شام ئىسلام دۆلىتى نامىدىكى بىر گورۇھ ھەققىدىمۇ بۇ فورمۇلانى ئىشلىتىپ بېقىڭ. بۇ گورۇھ ئىسلام نامىنى سۈيئىستېمال قىلغىنى ئۈچۈنلا باللاردەك ئىشىنىپ، ئۇلارنى ئىسلامچى دېيىشىمىز مۇمكىنمۇ؟ ئۇلار قانداق پەيدا بولدى؟ تۇيۇقسىز بولۇش بىلەن بىرگە ناھايىتى كۈچلۈك شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىشى تاسادىپىي ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ لوجىستىك ياردەملىرى قەيەردىن؟ ئادەتتە شۇنداق بىر ھېساپنى قىلىپ كۆرسەكلا مەسىلە ئايدىڭلىششى مۇمكىن: مىڭ ئادەمنىڭ بىر ۋاخ قوسىقىنى بېقىشقا قانچىلىك نان كېتىدۇ؟ (پەقەتلا قۇرۇق نان)، بۇ نان قانچىلىك ئۇندا بولىدۇ؟ ئاندىن قايىل بولمىساق، قۇرال-ياراق ئەسلىھەلەرنى ھېساپلاپ كۆرسەك بولىدۇ. بۇ گورۇھنىڭ تەركىبىدە مىڭلارچە غەرپلىكنىڭ بولۇشى قانداق گەپ؟ شۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامغا قايتقانلارمىدى؟ ئۇلار قىرغىن قىلىۋاتقان كىشىلەر كىملەر؟ (تەشۋىقاتلاردا ئېغىزدىن چۈشمەيۋاتقان بىرنەچچە غەرپلىكنى قويۇپ تۇرۇپ، مىڭلارچە قۇربانىنىڭ كىملىكىنى ئويلاڭ). ئۇلار قىلىۋاتقان قىلىقلارنىڭ ئىسلام پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئانچە دىنىي ساۋادى بولمىغانلارمۇ بىلىدىغان بىر پاكىت، شۇنداق تۇرۇپ بۇلاردىن ئىسلام نامىغا ئەيىپ ئارتىش توغرىمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى كۈچ كىم؟ ئارقىسىدىكىسىمۇ «ئىسلام»مۇ ياكى بۇلار پۇلغا ياللانغانلارمۇ؟

مەن گېپىنى قىلغان ئالىم مەلۇم بىر ئاممىۋي توربەتتە ياپونىيەلىك رېھىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ئېچىنىپ شۇنداق تەسىرلىك بىر ئىنكاس، توغرىسى بىرنارازىلىق ئىپادىلەپتۇرلەركى، ئاخىرىدا ئۆزىنى تۇتالماستىن بۇ «ئۇقۇمىغان، دۆت،مائارىپ تەربىيىسى كۆرمىگەن ‹ئىسلامچى›لارنى» ئۆزەڭ ئۆلۈپ، جەننەتنىڭگە كېتىۋال! دېيىشكىچە بېرىپ يېتىپتۇ (دېمەك، جەننەت بۇ ئالىممىزغا مۇناسىۋەتسىز بىر يەركەن). ئالدى بىلەن بۇ گورۇھنىڭ «ئىسلامچى» كىملىكىنى تەتقىق قىلىپ كۆرگۈلۈك. ئەگەر دىنىنى بىلسىڭىز، بۇنى بەك ئاسان ئايرىيالايسىز. كىمدۇر بىرىنىڭ ئىسلامغا قارا چاپلاش، كىشىلەرنى ئىسلامدىن نەپرەتلەندۈرۈش ئۈچۈن قۇرغان تۇزىقىغا بۇنچە ئاسان دەسسەش قانداق گەپ بولۇپ كەتتى؟ ئىسلامنى ئۇرۇشخۇمارلىقتا ئەيىپلەۋاتقان بىلەرمەن قېرىنداشلار، بىلەرمەنلىكىڭلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يەنىمۇ بىر ئاز بىلىپ بېقىڭلاركى، ئىسلام تارىخىدا، قوشۇننىڭ گازارمىسىدىكى بىر چېدىرغا قۇش ئۇۋۇلاپ تۇخۇم سالغىنى ئۈچۈن، قوشۇن

يۈتكۈلۈدۈغان چاغدا ئاشۇ بىر چېدىر ئىككى ساھابە بىلەن بىرگە قالدۇرۇپ قويۇلغان، تاكى قۇش باللىلىرى تۇخۇمدىن چىقىپ، ئۇچۇرۇم بولغانغىچە! پېشىدە ئۇخلاپ قالغان مۇشۇكنى ئويغاتماسلىق ئۈچۈن، پېشىنى كېسىپ، نامازغا قوپقان ھېكايىلەرنى ئوقۇيسىز. ئىسلامنىڭ ھۆكمىدە بىر ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرۈش پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆلتۈرگەن بىلەن ئوخشاش گۇناھ! جەسەتنى كۆيدۈرۈش، جەسەتنى خارلاش(دۈشمەننىڭ جەسىتى بولسىمۇ ئوخشاش)، جەسەتنىڭ ئەزالىرىنى كېسىش قاتارلىق قىلمىشلار ئىسلام ئەك نەپرەتلىنىدىغان قىلىقلاردىن ھېساپلىنىدۇ. سىز دەل قارشىڭىزدىكىلەر كۆتكەندەك چۈشەنچىلەرنى كاللىڭىزغا قاچىلىۋالسىڭىز، دوستقا تاپا، دۈشمەنگە كۈلكە بولۇدۇغان ئىش. ئەمدى كەلدۇق، تېروردىن نەپرەتلىنىشكە. ئالىمىمىزنىڭ تېروردىن نەپرەتلىنىشى ئەلۋەتتە توغرا. مېنىڭچە ھەممىمىز نەپرەتلىنىمىز! ئەمما، ۋەقەنىڭ ئىسلام نامىغا بولۇشىنى قوبۇل قىلىشتىكى ساددىلىق كەچۈرۈلمەيدۇ؛ ئەگەر شۇنداقمۇدەيلى، ئوتتۇرا شەرقتىكى قانلار نېمە سەۋەپتىن، كىمنىڭ سەۋەبىدىن تۆكۈلۈۋاتىدۇ؟ كىملەر تېخىمۇ كۆپ ئىنساننى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ؟ دېگەنلەرنىمۇ ھېساپقا قېتىپراق قىزىپ كەتسەك توغرا بولار؟ تاجاۋۇزچىنىڭ ياخشىسى بولمايدۇ، مەيلى ئۇ قانداق چىرايلىق باھانە، چىرايلىق ئاتاقلار بىلەن خەقنىڭ تۇپرىقىغا كىرگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق تاجاۋۇزچى ئوخشاشلا نەپرەتلىك، ئوخشاشلا نومۇسسىز! بۇنى ئېسىمىزدىن چىقارمىساقلا، باشقا قاراشلار ئۆز-ئۆزىدىن توغرا يولىنى تاپىدۇ.

يوقۇرىدا ئىستىخباراتتىكى ئېچىتىشتىن گەپ ئاچقان ئىدۇق. ئېچىتىش، سىياسىي مەخسەتلەردە جامائەت پىكرى ھازىرلاش، سىياسىي غايىلەر، مەخسەتلەر ئۈچۈن باھانە ئىشلەپچىقىرىش، ئەيپكار سۈپىتىدە باشقا ئادرېس كۆرسىتىش قاتارلىق نۇرغۇن ئىشقا يارايدۇ. گىتلېر چېخسلوۋاكىيەنى بېسىۋېلىشتىن بۇرۇن، چېخسلوۋاكىيە تەۋەسىدىكى نېمىسلار رايونىدا ماجرا چىقارغان ئىدى. ماجرادىن كېيىن ئىرقىي ئايرىمچىلىققا، ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان قانداشلىرىنى «قۇتقۇزۇۋېلىش ئېھتىياجى» تۇغۇلدى. نەقەدەر گۈزەل باھانە! چارلېز چاپلىننىڭ بىر كىنوسىدا چاپلىننىڭ بالىسى تاش ئېتىپ، ئەينەكلەرنى چېقىپ ماڭسا، ئارقىسىدىن ئەينەك يۇدۇپ، مۇلازىمەت سۇنۇپ، چاپلىننىڭ ئۆزى پەيدا بولۇدۇ ئەمەسمۇ؟ خۇددى شۇنداق. ئاۋال ئەينەك چاقتۇرۇلۇدۇ. ئاندىن سىز «خالىس مۇلازىمەت» سۇنۇشقا تەييار ئىكەنلىكىڭىزنى ئىپادە قىلالايسىز. مانا شۇنداق.

ئوتتۇرا شەرقتىكى پۈتۈن خاپىلىق نېفىت ئۈچۈن كۆرەش، يەنە بىرى ئىسرائىلىيەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەمىن ئېتىش. بۇ يەردىكى باشقا ھەممە ئىش ئەينەك چېقىشقا ئوخشايدۇ!

ئامېرىكا بۇ يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ تىنچىشىنى خالىمايدۇ. شۇڭا يېڭى-يېڭى غەۋغالار چىقىپلا تۇرۇشى كېرەك. ئاندىن قالسا «بۈيۈك ئوتتۇرا شەرق قۇرۇلۇشى» (project) نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى. تۈركىيەنى پارچىلاش كېرەك، يەنى شەرقىي جەنۇبتا بىر كۇرد دۆلىتى قۇرۇش كېرەك. لېكىن تۈركىيە ناتو ئەزاسى، ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورتىقى. بۇ دوستلۇقمۇ تەسىر يەتكۈزمەي تۇرۇپ كۇردلارنى قۇراللاندۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەردە ئاشۇنداق بىر باش-باشتاق گورۇھنىڭ مەيدانغا چىقىشى زۆرۈر. مانا ھازىر ئىراق-شامئىسلام دۆلىتى كۈچلىرىگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىشى ئۈچۈن شىمالىي ئىراق كۇردلىرى زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇلماقتا. ئەگەر ئۇلار بولمىغان بولسا، تۈركىيە خۇش بولمايدىغان بۇنداق كۇردلارغا ياردەمنىڭ باھانىسى نېمە بولاتتى؟ كۇردلار كۈچەيتىلگەندىن كېيىن تەبىئىي يوسۇندا بۇ كۇرد خەلقىنىڭ ئۆز تاللىشى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىرىلسا، تۈركىيە دېموكراتىك بىر دۆلەت سۈپىتىدە خەلق رايىنى ئىنكار قىلالمايدىغان ۋەزىيەتكە كېلىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ تۆرت دۆلەتنىڭ چېگرىلىرى تۇتاشقان جايلاردىكى كۇردلار بىرلىشىپ، غەرپنىڭ ئاسترىتتىن ياردىمى بىلەن بىر كۇردىستاننى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

شۇنداقلا ئوتتۇرا شەرقنىڭ مەڭگۈ ھەل بولمايدىغان سۈننىي-شىئە توقۇنۇشىمۇ كۈن تەرتىپتە ئاكتىپلىقىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ خۇددى مۇددەتلىك بومبىدەك، ھەرقاچان غەرپنىڭ ئىشىغا ياراپ كەلدى. قاچان كېرەك تېپىلسا شۇ ۋاقىتتا توغرىلىسىلا بولىدۇ. ئەخمەدى نىجات دەۋرىدە ئىراننىڭ غەرپكە قارشى ئىنتايىن كەسكىن دۈشمەنلىككە تولغان مەيدان ئوقۇشلىرىغا قاراپ نۇرغۇن كىشىلەر ئىران بېشىغا بالا تېپىۋالدۇدۇغان بولدى دەپ ئەنسىرەشكەندى. مەن ھەتتا سۆھبەتداشلىرىمدىن بىر مۇنچىسى بىلەن بۇ ھەقتە باغلاشقان ئىدۇق. مەن غەرپ ئىراننى ئۇرمايدۇ! دەپ قارايتتىم. چۈنكى ئىران شىئەلىكنىڭ مەركىزى بولۇپ، شىئەلەر سۈننىيلەرنى بىر خىرىستياندىن، بىر بۇددىستتىنمۇ بەك يامان كۆرىدۇ. بۇنداق تېپىلماس بىر كوزۇرنى ئۇجۇقتۇرۇش ھېچقاچان غەرپنىڭ ئىشىغا يارىمايدۇ. شىئە-سۈننىي دۈشمەنلىكىنى كۆرۈكلەپ تۇرۇش ئەڭ ئۈنۈملۈك زىددىيەت مەنبەسى بولۇپ، بۇ غەرپلىكلەرنىڭ قولىنى سوۋۇتۇدۇغان، باشلاپلا قويسا توختاتقىلى بولماي قالغۇدەك ئوبدان ئىش تۇرسا، ئىراننىڭ يىمىرىۋېتىلىشى ئۇلارغا پايدىلىق بولاتتىمۇ؟ بۈگۈنگە كەلگەندە سۈرىيەدە بىر قايناشما كېتىۋاتىدۇ. «ئەرەپ باھارى» باشقا دۆلەتلەردە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش بىلەن ئاخىرلاشتى، ئەمما دۆلەت تۈزەلمەي، چېچىلاڭغۇلۇق، ھۆكۈمەتسىزلىك ئۈچ-چېكى كۆرۈنمەس بىر يولدا كېتىۋاتىدۇ.

بۇ ۋەزىيەتمۇ ئۆز-ئۆزىدىن بولۇپ قالمىدى، ئەلۋەتتە. ئەگەر سىزنىڭ بىر دۈشمىنىڭىز بولسا، سىز بۇ دۈشمىنىڭىزنىڭ تېنىچ تەرەققىي قىلىشىنى خالىغان بولاتتىڭىزمۇ؟ خۇددى شۇنداق. ئەمدى كېلىپ، بۇ «باھار» سۈرىيەگە كەلگەندە تاقىشىپ توختاپ قالدى. ئامېرىكا خالىسا ئىدى، بۇ ئۇرۇشنى ھەرقانداق بىر نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشتۇرالايتتى؛ يا ئەسەدنىڭ چۈشۈشى شەكلىدە، ياكى ئورنىدا قېلىشى شەكلىدە. ئەمما بۇ يەردە ئويۇننىڭ بىر ئاز ئۇزۇنغا سوزۇلۇشىغا مەلۇم ئېھتىياجلار بولۇۋاتقىنى ئېنىق. شاھمات تاختىسى سۈرىيە بولۇپ قالدى. بۇ يەردە چوڭ شاھماتچىلار، رايون زومىگەرلىرىنىڭ ھەممىسى بار. بەزىلەر گەردە، بەزىلەر پىل، ئات، توپ رولىنى ئېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ يولداشلارمۇ ئويۇنغا پىچكا تىقتى. ئەمما مۇشۇ سورۇندا قازانماقچى بولۇشى ناتايىن. بۇ يەردە مايسا يېتىشتۈرۈپ، خۇددى شال كۆچۈرگەندەك، باشقا يەردە ئويۇنغا سالماقچى ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەش تەس ئەمەس. قەيەردە ئۇرۇش، ھۆكۈمەتسىزلىك بولسىلا ئۇ يەرگە نۇرغۇن كىملىكسىز كىشىلەر سوقۇنالايدۇ. بۇ ھەر خىل كۈچلەر ئۈچۈن ھەر خىل ئىمكانلارنى سۇنىدۇ. توپۇلاڭ بولمىسا، توغاچنى قانداق ئوغۇرلايسىز؟

ئىستىخباراتنىكى ئېچىتىشتا مەۋجۇت زىددىيەت مەنبەلىرى ئەڭ ياخشى پايدىلىنىش دېتالى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن شىئە-سۈننىي زىددىيىتىدەك، ئۇرۇقداشلىق ئەنئەنىسىدىكى دۆلەتلەردە ئۇرۇقداشلار ئارا تارىختىن قالغان زىددىيەتلەرنى قايتا چوخچىلاپ قوزغاشقىمۇ، يېڭىدىن پەيدا قىلىشقىمۇ بولىدۇ. بۇندىن باشقا بىزدىكى يۇرتۋازلىقتەكلەر. ئەگەر بۇنداق تەييار پايدىلانمىلار بولمىسىمۇ گېتلېر ئۆرنىكىدە كۆرۈلگەندەك ياكى چاپلىن مىسالىدىكىدەك، ئاۋال بىر ۋەقە توغدۇرۇلىدۇ. بۇ ۋەقەشۇنداق ئۇستۇلۇق بىلەن توغدۇرۇلىدۇكى، «پىچاق ئارىيەت ئېلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن بولىدۇ»؛ ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا بولىدۇ. ئىستىخبارات كىتاپلىرىدا 11-سىنتەبىر ۋەقەسىنى بىر ئېچىتىش ئۆرنىكى كۆرسىتىدۇ. دېمىسىمۇ بۇ ۋەقەنىڭ گۇمانلىق نۇقتىلىرى ھەققىدە توردا ئۇ قەدەر كۆپ دەلىللەر بار. ھەتتا مەخسۇس توربەت ئېچىپ، ئېچىپ تاشلاش بىلەن شۇغۇللانغانلارمۇ بولغان. ئەمما ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ توربەتلەرنى تاقىتىۋەتكەن. شۇنداق بولسىمۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە يەنىلا يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتلار تېپىلىدۇ. ھاۋاچىلىق مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ مۇلاھىزىلىرى، بىنكارلىق ئىنژېنېرلىرىنىڭ مۇلاھىزىلىرى ھەممىسى بۇ ۋەقەنىڭ تەشۋىقاتتا دېيىلگەندەك بولغانلىقىنى رەت قىلىدۇ. ھەتتا شۇ ۋەقەدە نۇرغۇن ئادەم قۇتۇلدۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ مىللىي قەھرىمانى نامىغا ئېرىشكەن ۋىليام رودگېز (قوشماق بىنالارنىڭ شىمال تەرىپىدىكىسىدە تازىلىقچى) تەشۋىقاتتىكى يالغانلارغا چىداپ تۇرالماي

ئىسلامغا قايتقانلىقىنى سۆزلەيدۇ. يەنى، قاراپ تۇرۇپ مۇسۇلمانلارغا ئارتىپ قويۇلۇۋاتقان بۇ تۆھمەتكە بولغان نارازىلىقىدىن مۇسۇلمان بولۇدۇ. ھېلىمۇ ئۇنىڭ ۋىدىئولىرى توردا مەۋجۇت. ئۇ ئايروپىلاننىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا دېگۈدەك، بىنانىڭ ھەرقەۋىتىدە پارتلاشلارنىڭ بولغانلىقىغا شاھىتلىق بەرمەكتە. بىر دۆلەت ھاكىمىيىتى ھەرزامان دۈشمەنگە ئېھتىياجلىق بولۇدۇغانلىقىنىمۇ ئىلگىرىكى يازمىشلىرىمدا دېگەنىدىم. دۈشمەنگە بولۇدۇغان ئېھتىياج، ئىچكىي ئىتتىپاقلىقنىڭ تەقەززاسىدىن تۇغۇلۇدۇ. يەنى،بىر تاشقىي دۈشمەن ۋەھىمىسى بولغاندىلا دۆلەت پۇخرالىرى ھاكىمىيەت ئەتراپىغا ئۇيۇشۇدۇ. بىر تاشقىي دۈشمەن ۋەھىمىسى بولغاندىلا ھەربىي خىراجەتلەرگە سەۋەپ تەمىنلىگىلى بولۇدۇ؛ بىر تاشقىي دۈشمەن بولغاندىلا ئاندىن دۆلەت مالىيەسىنىڭ سەرىپ قىلىنىشىدا بەزى چىقىملارغا ئادرېس كۆرسەتكىلى بولۇدۇ. ئىلگىرى غەرپنىڭ كۆنتەرتىپىدىكى دۈشمەن سوۋېت ئىتتىپاقى ــ ياكى كوممۇنىزىم ۋەھىمىسى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، دۈشمەنگە بولغان ئېھتىياج بوشلۇقىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلام ياكى ئىسلام تېرورىزمى بېكىتىلدى.

بۇ دۈشمەن، دۈشمەنلىك قىلغانلىقىدىن مەيدانغا چىققان دۈشمەن ئەمەس، بېكىتىلگەن دۈشمەندۇر. شۇڭا، سىز قانچە شۈك ئولتۇرۇۋالسىڭىزمۇ، سىزنىڭ نامىڭىزغا باشقىلار بۇنداق دۈشمەنلىك ھەركەتلىرىنى تەشكىللەپ، دۈشمەننى ئاكتىپ تۇتۇشقا مەجبۇردۇر. ھەر قاچان ۋاقىت ھەر نەرسىنى ــ مۇسىبەتلەرنى، غەزەپنى، نەپرەتنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىدۇ. بۇ سەۋەپتىن، دايىملا دۈشمەننىڭ يېڭى دۈشمەنلىك ھەركەتلىرى ئوتتۇرىغا چىقىشى كېرەك. بۇنداق بولمىسا جامائەتتە ھازىرلانغان ياكى ھازىرلاش پىلانلانغان كەيپىيات، تۇتۇم سۇسلاپ كېتىشى ھەتتا تەتۈرىگە يېنىشى مۇمكىن. شۇڭا نەپرەتنى يېڭىلاپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئالىممىزنىڭ يەنە بىر ئاجايىپ گېپى بارىدى: «ئەمىسە تۈركىيەمۇ ئەيپلەيدىغا-نلىقىنى بىلدۈردىغۇ؟»

ئەمىسە قانداق قىلاتتى؟ بىر دۆلەت باشقا بىر دۆلەتنىڭ ئويۇننى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار تەرىپىدىن رەسمىي تەلەپپۇز بىلەن سۇنۇلغان باياناتقىلا ئىشىنىش كۆرۈنۈشى بېرىشكە مەجبۇر بولۇدۇ. دىپلوماتىك نازاكەت پرىنسىپلىرى بويىچە بىر دۆلەتنىڭ دۆلەت سۈپىتىدە دەۋاتقان گېپىگە شۇ يەردىلا «ماڭاۋە يالغانچى!»دېيەلەتتىمۇ؟ مۇشۇ بىرلا ئىش بىلەن «ئىگەر-توقۇمنى قارنىغا ئالسا» ئاقىۋىتى قانداق بولۇدۇ؟ دۆلەت، دۆلەت مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ قەدەم ئالۇدۇ، ئادالەتنى،ئادىمگەرچىلىكنى ئەمەس! شۇڭا مۇشۇنداق بىر

ئـىش ئۈچـۈنلا مۇناسـىۋەتلەرنى بـۇزۇپ قويـۇپ كېتەلمەيـدۇ. پەقەت بـۇنى مۇناسـىۋەتلەر يىرىكلىشـىدىغان، مەلـۇم ئىشـى قارشـىلىققا ئۇچرىغـان ۋاقىـتلار ئۇچـۇن كـۈزۈر قىلىشـى مـۇمكىن: «سـىلەرمۇ پـالان چاغـدا ھېلىقـى ئويـۇننى ئوينىغـان ئـىدىڭلار، بىزمـۇ گەپ قىلمىغـان... » دېگەنـدەك شـەكىلدە يـۇزىگە سېلىشـى مـۇمكىن. ئەممـا، مەنـپەئەت توقۇنۇشلىرىغا دۇچ كەلمىسمۇ، پەقەت ئادالەت ئۈچۈنلا بۇنداق ياقا يىرتىپ چىقىش دۆلەت دېگەن بۇ ھەم مەۋھۇم، ھەم كونكرېت مەخلۇقتا زادىلا بولمايدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر كەچمىشىم بولغان. بىر بۇرادىرىم ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە تارتىشىدىغان بىر ۋەزىيەت بېشىمىزغا كەلگەن ئىدى. بـۇرادىرىمىزنى مەلـۇم دۆلەت ھېلىقى مـودا بولغـان ئاتـاقنى ئارتىـپ تۇتـۇۋالغـان ئىـدى؛ يەنە بىـر دۆلەت ئۇنىـڭ داۋاسـىنى قىلىۋاتـاتتى. بىـز بۇرادەرلىك سالاھىيىتى بىلـەن تاشقىي ئىشلار مىنىستىرلىقىنى داۋاغا ئۈنـدەپ، نەتىجىنى سۈيلەپ تۇرۇۋاتقاندا، مىنىستىرلىقنىڭ بىر ئادىمى بۇرادىرىمىزگە ئارتىلغان بۆھتاننىڭ بەك چوڭ ۋەقورقۇنۇچلۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ھەتتا ئۇنىڭغا كونكرېـت ۋاقىـت ۋە كونكرېـت بىرجايدىكى بىر ئىشمۇ ئارتىلغان ئىكەن. بىـز بۇنىـڭ يالغانلىقىنى ئاسانلام دەلىللىـدۇق، چۈنكى دېيىلگەن ۋاقىتتا، دېيىلگەن يەردە ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان مىڭلاپ ئـادەم كۆرسـۈتەلەيتۇق. بـۇلارنى دېگىنىمىـزدە مىنىسـتىرلىقنىڭ ئـادىمى دېـدىكى: «بىـز بۇنىـڭ تـۆھمەت ئىكەنلىكىنـى بىلىمىـز، ئەممـا دۆلەتـلەر ئارىسـىدىكى مۇناسـىۋەتتە دىپلوماتىـك نازاكەت پىرىنسىپى بار. شۇڭا رەسمىي دۆلەت ئورگانلىرى تەرىپىـدىن بىـزگە ئۇقتۇرۇلغانغا ئىشـەنگەندەك كۆرۈنۈشـكە مەجبـۇرمىز. شـۇ يەردىـلا يـۈزىگە رەت قىلغىلـى بولمايـدۇ. ۋاقىت،شارائىت ئۇيغۇن بولغاندىلا ئاندىن دەلىللەرنى كۆرسۈتۈشكە بولۇدۇ... » دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان ئىدى.

يەنە شۇنداق قايناپ، نەپرەتلىرىنى ئىسلام نامىغا ياغدۇرۇدۇغان بىلىملىك زاتلارغا بىر ئويلۇنۇش سوئالى بېرەي: قايسى مۇسۇلمان دۆلىتى خرىستىيان دۆلىتىدە ئىشغالىيەتچى ياكى چىرايلىق ئاتىسىاق «گۇللەندۇرۇمچى» بولۇپ، كىرىۋالغانچە تۇرۇۋالغان مىسالنى بىلىسىز؟ بۇگـۇن قـان تۆكۈلۈۋاتقـان ئىسسىـق نۇقتىلارنىـڭ ھەممىسـىلا مۇسـۇلمان تـۇپراقلىرى، ئـۇلار ئۆزى ياشاپ كەلگەن تۇپراقتا تۇرۇپ قىرغىنغا، ئىرقچىلىققـا، بـوزەك قىلىنىشقا، بـايلىقلىرى تـالان-تاراجقـا ئۇچراۋاتامـدۇ يـاكى ئەكسـىچىمۇ؟ بـۇ سـوئالالارنىڭ جـاۋابى سـىزنى قانائەتلەندۈرۈشكە يېتەر دەپ ئويلايمەن.

يەنە ئېچىنىشـقا قـايتقۇم كېلىۋاتـىدۇ. چـۈنكى، بىزنىـڭ بىلىملىـك تەبىقىمىزنىـڭ مېنىڭسگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئېچىنىشنىڭ نەتىجىلىرى. ئېچىنىشتا سۈنئىي ئېچىنىش،

تەييار زىددىيەتنى كۆرۈكلەشلەرگە بىرەردىن مىسال بېرىلدى. ئەمدى ئاغزىمىزغا باقساق گويا ھەممىمىز نەپرەتلىنىدىغاندەك بىلىنىدىغان يۇرتۋازلىقنىڭمۇبىر تۇرلۇك ئىپچىتىش نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى غىل-پال تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتكەنتۇق. بەلكىم مىنىڭ ئىلگىرىكى كىتاب ياكى پارچە-پۇراتلىرىمنى ئوقۇمىغانلار بۇنىڭ قانداق ئىپچىتىلىدىغا-نلىقىغا قىزىقىشلىرى مۇمكىن.

تەبىئىيكى، بۇ ئىش ئۆچۈن يوقۇرىدىن بىر كادىر ياكى خىزمەت گورۇپپىسى كەلمەيدۇ. شۇنداقلا دىرىكتور لاۋجاڭ سىزنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، ئىش تاپىلاش شەكلىدە دېمەيدۇ. بۇنى ئەڭ يېقىن بىر دوستىڭىزنىڭ ئاغزىدىن، ئەڭ ھۆرمەتلىك بىر ئۇستازىڭىزنىڭ ئاغزىدىن، ئەڭ يېقىن بىر تۇققىنىڭىزنىڭ ئاغزىدىن چىقىرىشى تامامەن مۇمكىن. ئەگەر بۇ سىز بىلىپ قالغۇدەك شەكىلدە قىلىنسا قانداقمۇ ئىستىخبارات ئىشى بولسۇن؟ ئۇ چاغدا نا ئۇستىنىڭ چوپلىسىدەكلا بىر نېمە بولۇپ، بازارغا يارامدۇ دەيسىز؟ ئەڭ يېقىنىڭىزغىمۇ بىۋاستە ئاشۇ رەھبىرى يولداش دېمەسلىكى مۇمكىن. بۇنداق ئىشلار ھەتتا ئوچۇق-ئاشكارە تەلەپپۇز بىلەن، ئېنىق سۆز-جۈملىلەر بىلەنمۇ بولماسلىقى تەبىئىي.

قانداق بولىدۇ؟ ئەقىلگە ئىشارە شەكلىدە بولۇشى مۇمكىن. سىزنىڭ ئەقلىڭىزگە، تەپەككۇرىڭىزگە ئىلھام بېرىش شەكلىدە، بۇنداق بولغاندا سىز بۇنى ئۆز ئىجادىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلىدە تۇغۇلغان پىكىر زەن ئېتىسىز-دە، بىرسىنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئوينىغانلىقىڭىز ئەقلىڭىزگە كېلىشمۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، سەھنىلەردە يۇرتلارنىڭ بىرەر كەمچىلىكى ياكى كەمچىلىكمۇ ئەمەس، ئالاھىدىلىكى، تەلەپپۇزى، بىرەر قىزىقراق ئىشى ئېتوت دېيىلىدىغان «قوشماق ئۆردەك، جوپ كېپىنەك»چە ئادەم خوش قىلىدىغان مەھسۇلاتلاردا دوراپ چىقىلىش ئارقىلىق، كۈلكە تۇغدۇرۇلۇۋاتىدۇ. كۆرۈۋاتقاندىغۇ ھەممىمىز ئىختىيارسىز كۈلۈشتىن ساقلىنالمايمىز، ئەمما شۇ كۈلكە ئوبيېكتى بولغانلار كۈلكىلىرىدىن كېيىن قانداق تۇيغۇدا بولىدۇ؟ تېخىمۇ چەكتىن ئاشقان، دەردىنى بىر ئاز بولسىمۇ ئاشۇرۇۋېراق ئالۇدۇغان بىر يول ئىزدەيدۇ. تېخىمۇ ئاچچىق بىر چاخچاق ئويلاپ تاپىدۇ. بۇنىڭغىمۇ كۈلۈمىز... شۇغۇنىسى بۇلار پىسخىكىدا روھىي يوك دېيىلىدىغان بىر خىل مەسىلە خامىنى ياكى چاتاق جۇغلانمىسى بولۇپ، كۆنسېرى كۆپىيىپ بارىدۇ. بۇنىڭ ئاشۇ تېتىقسىز بىردەملىك كۈلكىدىن باشقا نەقەدەر چوڭ ئاپەتنىڭ ئۇندۇرمىسى بولۇدۇغانلىقىن ئويلىيالىدۇقمۇ؟

ئەلۋەتتە، ياق. بىر يېقىنىمىز كېلىدۇ، بەلكىم ئۇ ئىستىخباراتقا ئىشلەيدىغان بىرى بولۇشى مۇمكىن ياكى ئۇمۇ ئاشۇنداق بىرسى تەرىپىدىن قىزىقتۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن،

قىزىقچىمىزغا بىر چاخچاقنى ئېيتىپ بېرەي، مۇشۇنى سەھنىگە ئاچىقىپ، سەن ئورۇندىساڭ راسا قىزىق بولاتتى، دېگەن شەكىلدە مەسلىھەت بېرىشىمۇ مۇمكىن ياكى ئۇنىڭ تىنىتاك تومۇرىغا تېگىش (ئېچىتىش) ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۆزىدە مۇشۇنداق بىرنىيەتنى تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، «ئۆتكەندە، قارا، پالانى دېگەن ...لۇق ماندا دەپ مېنى شاڭخو قىلدى» دېگەندەك بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىۋاستە ئوغىسىنى قايىنىتىپ، ئۇنىڭ سەنئەتكارانە تالانتىنى جارى قىلىپ تۇرۇپ، قارشى تەرەپكە بىر زەربە بېرىپ قويۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمۇ مۇمكىن. قانداقلا بولسۇن بۇنىڭ قازاقلارنى شاڭخو ۋارىياتىمۇ خېلى كۆپ، تورلاردىمۇ بار... بۇلارنىڭ ھەممىسى زىددىيەتنىڭ يۆنىلىشىنى بۇراش نەتىجىسى بېرىدىغان ئىشلار، دۈشمەننى ئىچىمىزدىن ئىزدەش يولىغا باشلاش ئويۇنى. پايدا-زىياننى ئويلاپراق قىلغاننىڭ زىيىنى يوق.

يەنە مۇشۇ تورىبەتتە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مائارىپى ياكى مودېرىن مائارىپىنىڭ ئەسلىدە غۇلجىدا باشلانغانلىقىنى بايقاپ قالغان بىر قېرىندىشىمىزنىڭ بۇ بايقاش جەريانى ھەققىدىكى ماقالىسىنى كۆرۈپ قالدىم. (يالقۇن روزىغا قارشى ئوبزور ھېسابىدىراق يېزىلغانكەن)، راستىنى دېسەم تەپسىلىي ئوقۇيالمىدىم. سەۋەبى مېنى ئۇنىڭ راست-يالغىنى، دەلىلىنىڭ بار يوقلۇقى قىزىقتۇرالمايتى. چۈنكى غۇلجىمۇ، ئاتۇشمۇ ئوخشاشلا مېنىڭ ۋەتىنىمنىڭ بىر پارچە تۇپرىقى بولغاچقا، ئۇ يەردە ياكى بۇيەردە ئوخشاشلا بۇ ئىشنى مېنىڭ مىللىتىمنىڭ كىشىلىرى قىلغاچقا شان-شەرەپكە ھەغدالىقىمدا ھېچنەرسە ئۆزگۈرۈپ قالمايتى. ھەتتا شۇنىمۇ دەپ قويايكى، ئەگەر قازاقلاردىن بولۇپ چىقسىمۇ مەن يەنىلا شەرەپكە ھەغدالىق ھېس قىلىمەنكى، ئۇنى ھەجەپ مېنىڭكى بولۇپ قالماپتۇ دېمەيمەن. ئىگە بولالمايۋاتقانلىرىمىز ئازمىدى؟ شۇڭا مەن ئۇنىڭ يېڭى بايقىشىنىڭ تەپسىلاتى بىلەن ئىشىم بولمىدى. پەقەت ئەنسىرىگىنىم بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان خۇسۇمەت، ئارىمىزنىڭ تېخىمۇ ئېچىلىشىدەك نەتىجە بولدى.1985-يىلى يېڭى زامان مائارىپىمىز 100 يىل بۇرۇن باشلانغان دەپ بەك داغدۇغىلىق خاتىرىلەنگەن، ھەتتا ئاكا مىللەتنىڭ يېڭى زامان مائارىپىنى باشلىشىدىنمۇ بىر نەچچە يىل بۇرۇنكەن دېيىلىپ، بەك خوش بولۇپ، پەخىرلىنىپ كەتكەنتۇق. ئارىدىن ئوتتۇز يىل ئۆتكەندە بۇ ئېنىقلىمىنىڭ بىرەر جىددىي زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى بىلەلمىدىم. خاتالارنىڭ توغرىلىنىشىغۇ ياخشى، بىراق ئۆز ئىچىمىزگە مۇناسىۋەتسىز بىھېساپ ئويدۇرمىلار يوقمىدى؟ ئۇلارنىڭ ھاي دەيدىغان ئىگىسى، قورقۇتۇدۇغان قىلىچى بارمىكەن؟ 30 يىل جەريانىدا نەشرىيات، ئاخبارات ساھەمىزنى، مەتبۇئات ساھەمىزنى ئاساسەن ئىشغال قىلغان، ھەتتا بۇنى ئۆز قورغىنىنى

قوغدىغاندەك قوغداپ كېلىۋاتقان ئېلى ئۇيغۇرلىرىدىن بۇ تېمىدا ئويلىنىپ باقىدىغان بىرەرى چىقمىغان بولغىيمىدى؟ ئەجەبا ئۇلار «ھەممىسى بىزدىن بولسا» ئارزۇسى شۇنچىلىك كۆچلۈك تۇرۇپ، بىرەر ئىشخانىغا ئادەم ئېلىش بولسىمۇ بەك دىققەت بىلەن يۈرتنى سۈرۈشتە قىلىپ ئالىدىغان دەرىجىدە يۇرتپەرۋەر، يۇرتپەرۋەرلىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى نەچچە قات بېسىپ كەتكەن ئادەملەر تۇرۇپ، بۇ ئىشنىڭ ئاتۇشلۇقنىڭ بولۇپ كېتىشىگە چىداپ قانداقمۇ ئۇتتۇز يىلنى ئۆتكۈزگەندۇ؟ ھەممە مەتبۇئات يولداشلاردىن قالسىلا چاڭگاللىرىدا بولغاندىكىن بىرەر پاسىق سۆڭەكنى گۆردىن قېزىپ چىقىپ دەلىل قىلىپ بولسىمۇ بۇ ئىشنىڭ ئاتۇشلۇققا شەخسىي شەرەپ بولۇپ قېلىشىدەك بالا-قازانىڭ ئالدىنى ئالسا قىلالىغۇدەك كۈچى باردىغۇ؟ كوچىدا ھاراققا چىلىشىپ، دەلدەڭلەپ يۈرگەن بىر دەلدۈش دەل ئەنە شۇ قولايلىقلار خاسىيىتىدە «مەشھۇر» ئادەم بولۇپ تىكلىنىپ، تارىخىمىزدىن ئورۇن ئالدۇرۇلمىدىمۇ؟ (كاشكى بۇ ئۆملۈك روھى پۈتۈن مىللەتنى قاپسىغان بولسىدى، نەقەدەر پەزىلەتلىك ئىش بولغان بولاتتى!) كىم دېيەلەيدۇ، ئۈنچىلىك قىزىقچى ھېچيەردە يوقتى دەپ؟ ھەر يۇرتتىن تېپىلاتتى. ئەمما، مەشھۇرنىڭ مەشھۇر بولۇشى ئۈچۈن تەشۋىق قىلىنىشى شەرت! بولمىسا ئاللىمۇ نەزەرگە ئىلىنمەي، نامسىز ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن. دېمەك مانا شۇنداق ئىمكانلىرى بار ئەمەسمىدى؟ ئاڭلىسام يازغۇچىلار تورىنىڭ ئۇيغۇرچە بېتىنىڭ باشقۇرغۇچىسى تۈڭگانمۇ، شىۋەمۇ، داغۇرمۇ بىرنېمە ئىكەن. شۇنىمۇ ئالتەشەلىك بىرى بۇ ئورۇنغا كېلىپ قالمىسۇن دېگەن ئەندىشە بىلەن، بىزنىڭ مەشھۇر مىللەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر يازغۇچىمىز ياكى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بېشى بولغان زات ھاپىلا-شاپىلا ھەركەت قىلىپ، «يۇرتلۇق» قىلىپ، ئىلىدىن يۆتكەپ كەپتىكەن!(ئالتەشەلىك ئۇيغۇردىن ئاۋۇ ...لۇق مانجۇ يېقىنراق تۇيۇلغان مىللەتپەرۋەرگە قاراڭلار! ئىلى دەپ تۇراي، بەك ئۇششاقلاپ كەتمىسۇن، دېدىم) شۇنىڭغا ئوخشاش ئىمكانىيەتلەر تولۇپ تۇرغاندا ئاتۇشلۇقلارنى چوقۇم يېڭىۋەتكىلى بولاتتى.

ئەمدى كېلەيلى، بىزنىڭ مەۋجۇت ھالىمىز ۋە زۆرۈرىيەتلىرىمىزگە. بىزخۇددى بىرلىرى تەرىپىدىن چوڭقۇر ھاڭغا ئىتتىرىپ چۈشۈرۈلۈۋاتقان، چۈشكەن يېرىمىزدە ساق قېلىش ئېھتىمالى ھېچ يوق ۋەزىيەتتىكى ئادەملەرمىز. ئىگىز ھاڭدىن چۈشۈۋاتقىچە بىر-بىرىمىز بىلەن بېقىنلىشىپ، جاڭجال ئوينىغاننىڭ قانچىلىك پايدىسى بولسا بۇنداق بايقاش، بۇنداق ئىزدىنىشلەرنىڭمۇ شۇنچىلىكلا پايدىسى بار. مەنغۇ چىن كۆڭلۈمدىن رازى، بۇ ئۇلۇغلۇق سىزلەرگە مەنسۇپ بولسىمۇ مەن ھەغدا، ئاۋۇلارغا مەنسۇپ بولسىمۇ مەن ھەغدا. ھەتتا مەن چەتئەللىكلەر بىلەن گەپلىشىشكە توغرا كېلىپ، بىرەر پۇرسەت بولسىلا

«بىزنىڭ بەك كۈچلۈك مىللىي تىبابىتىمىز بار، غەرب تىبابىتى ھىچ چارە قىلالمىغان بىر قانچە كېسەل تۈرىگە بىزنىڭكىدە داۋا بار، بۇ تىبابەت بىزنىڭ خوتەن دېگەن شەھىرىمىزدە ئەڭ مەشھۇر» دەپمۇ پەخىرلىنىمەن. بىر تۈرككە بىر پۈرسەتتە شۇنداقمۇ ماختاندىم: «تۈركىيەلىكلەردىن ئامېرىكىنىڭ ناسا دېگەن يېرىدە ئىشلەيدىغانلار بارمۇ؟ يوق. ئەمما مېنىڭ بىر قېرىندىشىم ناسادا ئىشلەيدۇ!» 70-يىللارنىڭ ئاخىرى، 80-يىللارنىڭ بېشىدىغۇ دەيمەن، خوتەن قەغىزى ھەققىدە بىرئۈچۈر ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە دېگۈدەك، ئەبەيدۇللاھ ئىبراھىمنىڭ «خوتەن قەغىزى» دېگەن مۇخەممىسى ئېلان قىلىنغان ئىدى. ھەۋەسكار بولۇشۇم، ئانچە تەجرىبەمنىڭ بولماسلىقىغا قارىماي، بۇ مۇخەممەسكە ئوبزور يېزىشقا ئۇرۇنغۇنۇم، خوشلۇقۇمدىن بۇ مۇخەممەسنى يادلىۋالغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. قەغەز بىزنىڭ خوتەندە ئىشلەنگەن! بىر قېتىم ئۈزاق بىر دۆلەتنىڭ مېۋە بازىرىدا بىزنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر قوغۇننى كۆرۈپ قالدىم، ئۈستىگە چاپلانغان ماركىدا خامى قوغۇنى دەپ لاتىن ھەرپلىرىدە يېزىقلىقكەن، يۈرىكىم خۇددى ئانام گۆردىن قايتىپ كەلگەندەك تىپچەكلەپ، كۆزلىرىمگە ياش تىقىلدى ۋە يېنىمدىكى ھەمراھىم بولغان يەرلىك ئەپەندىگە: «خامى دېگەن نېمە بىلەمسە؟ ياق. خامى دېگەن مېنىڭ ۋەتىنىمنىڭ بىر شەھىرى، بىزنىڭكىدەك قوغۇن دۇنيانىڭ ھېچيېرىدە يوق» دەپ ماختىنىۋالدىم.

ئاتۇشلۇقلاردىن بۇ شەرىپنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالساڭلار بىر پىكرىم يوق، مەنمۇ خوش، ئاتۇشتەك كىچىككىنە بىر تاشلىق قاقاس يۇرتتا بولغىنىدىن، غۇلجىدەك ئەلۇۋەك ماكاندا بولسا تېخىمۇ يارىشىدۇ. ئەمما شۇنىڭ بىلەنلا رازى بولارسىلەرمۇ ياكى ئەتە يەنە بىرەر ئىشنى يېڭىدىن بايقاپ، ئۇمۇ تۇنجى بولۇپ ئاتۇشلۇق قىلغان ئىش ئەمەس بولۇپ چىقارمۇ؟ بۇنداق ئىزدەنگۈچىلەرگە يېپ ئۈچى بولۇپ قالار بەلكى، دەپ قويااي: ياۋروپادىن تۇنجى قېتىم پۇتبولنى ئۆيغۇرلار ئارىسىغا ئەكەلگەنلەر ئاتۇشلۇقلار دېيىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭ ھەققىدىمۇ بىرەر چاتاق بارمۇ-يوق،ئىزدىنىپ باققايسىلەر؛ تۇنجى سانائەتنىمۇ ئاتۇشلۇقلار ئېلىپ كەلگەن دەيدىغان گەپ ئومۇمىي، سانائەتلىشىش بىر مىللەت تارىخىدىكى ئەڭ موھىم بۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى جۇمۇ، بۇنىڭغا دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ. بۇنىمۇ رەت قىلىدىغان پاكىتلارنى ئىزدەپ تاپماي بولمايدۇ؛ تۇنجى پروپېسسور، ... يەنە نېمىلەر، يەنە نېمىلەر،... جىق بۇلارئىگە بولۇۋالغان نەرسىلەر. ئاشۇ قاشقالىق شېرىپ خۇشتار دېگەن ئاداش "...نىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر" ناملىق ئىككى كىتاپ تۈزۈپ چىقىپتىكەنغۇ؟ ئاشۇ كالۋا ئاداشمۇ كۆزىگە قارىماي، بۇ

كىتاپقا مەشهۇر دەپ يېزىمىغا يېقىن ئاتۇشلۇقنى تولدۇرۇپ قويۇپتۇ. باشقا بارلىق يۇرتلار ۋە ھەتتا باشقا 13 مىللەت ئوموۇمىي جەمئىيىسى بىر تەڭ، ئاتۇشلۇقلا بىر تەڭ بولغىلى يېقىن قاپتۇ. ئاشۇنىڭدىكى ئىسىملارنىمۇ تەكشۈرۈپ چىقىش كېرەك! بۇ ئاتۇشلۇقلار دېمىسىمۇ باشقا بالا بىر نېمىلەر!

ئىزدىنىش روھىغا نەقەدەر بايمىز-ھە؟! تەسىرلەنمەي چارە يوق. مانا مۇشۇ تىپتىكى ئىشلارمۇ ئىستىخبارات ئويۇنلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئەنە شۇنداق ئىلھام بېرىش، بىشارەت بېرىش يولى ئارقىلىق ھېس قىلدۇرۇلۇپ، بايقاتقۇزۇلۇپ، تۈگۈمەس بىر نىزاھقا ئۇرۇق سېلىنىدۇ. بۇنىمۇ يۇقۇرىدا دېيىلگەندەك بىرەر رەھبىرى يولداش ئىشخانىغا چاقىرىپ ۋەزىپە بېرىش يولى بىلەن قىلىنمايدۇ. بۇنى گويا ئۆزەم ھېس قىلدىم دېگەنگە يۈزدە-يۈز ئىشىنىمىز. يەنە بىر كەچمىش ھېكايەمنىمۇ بۇنىڭغا دەلىل قىلالايمەن:

مەلۇم بىر سورۇندا ھەر يۇرتتىن ئادەملەر ئەبجەش ئولتۇراتتۇق. ئارىمىزدائانچە تونۇشمايدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۈرۈمچىلىك بىر يىگىت چەتئەلگە چىقىش سەپىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە بىر مەزگىل ئۇزاقلارغا يول ئىزدەپ يېتىپ قاپتۇ. تەبئىيكى، يالغۇز ياتماي، شۇ يەردە تىجارەت قىلىۋاتقان سودىگەرلەرنىڭ ئىجارە ئالغان ئۆيلىرىدە بىللە تۇرۇپتۇ. شۇ جەرياندا كۆرگەنلىرىدىن ئۆزىنى ھەيران قىلغان بىر كۆرمىشىدىن گەپ باشلىدى: «بۇ ئاتۇشلۇقلارئاجايىپ خەقكەن،... ــ دەپ باشلىشى ھامان، ھە يەنە باشلاندى ‹ياغلىقاپاق›لارنىڭ ھەققىدىكى ئوخشاش ھېكايىدىن يەنە بىرى، دەپ ئويلاپ پۈر دىققەت تۇردۇم، ــ نەچچەيىلدىن بېرى ئوتتۇرا ئاسىيادا تىجارەت قىلىپ، ۋەيران بولغان، قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقىدىن، قەرز ئىگىلىرىدىن قورقۇپ يۇرتقا كېتەلمەيۋاتقان چوڭ سودىگەردىن نەچچىسىگە ئۆزلىرى زورلاپ پۇل بېرىپ، ئىلھام بېرىپ، يەنە ئىش باشلاپ تىرىلىشىۋېلىشىغا يول كۆرسىتىپ، ياردەم قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم». بىرقەشقەرلىك ھاجىم شۇ يەردىلا دىمىقىنى قېقىپ، كەسكىن ئىپادە بىلەن بۇنداق بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئىنكار قىلدى: «ئىشەنمىسىلە!، ئاتۇشلۇقتىن پىت چىقامدا!».

ئۈرۈمچىلىك يىگىت بىر ئاز تېرىككەندەك قىلىپ: «مەن ئاڭلىغان بىر ھېكايىنى دېمەيۋاتىمەن، كۆرگەنلىرىمنى دەۋاتىمەن، مەن شۇلار بىلەن بىر ئۆيدە نەچچە ۋاخ تۇرغان!... ». بۇ قېتىم ھاجىم ئىشەنمەسلىكىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى: «ئىشەنمەيمەن، ئۇندا... ئاتۇشلۇق دېگەن...!» دېدى ئۇ چوشۇنۇكسىز بىر خىل نەپرەت بىلەن. مەن بۇ كىشىنىڭ كەچمىشىدە چوقۇم ئاۋۇ يىگىتنىڭ ئەكسىچە بىر خاتىرە بولسا كېرەك دەپ قىزىقتىم: «ئاتۇشلۇققا بولغان بۇنچە نەپرەتلىرىدىن قارىغاندا، سىلىنى خېلى چوڭ بىر زىيانغا

سوققان يېرى باركەن-دە؟» «ياقا... نېمشقا ئەمدى؟ يا مەن ئاتۇشلۇق بىلەن شېرىك بولۇپ باقمىسام؟... »، «ئۇنداق بولسا چوقۇم بىرەر يېقىنلىرىنىڭ ئاشۇنداقراق بىر خاپىلىقى بار ئوخشايدۇ-ھە؟» «ياق، نېمە دېگەنلىرى بۇ؟» دەپ ھەيران بولدى ئۇ. «ئەمىسە ئاتۇشلۇققا قارىتىلغان بۇ ئاجايىپ نەپرەتلىرىنىڭ سەۋەبى نېمە؟» بەلكىم ئۇ ھاياتى بويىچىمۇ بۇنداق سوئالغا دۇچ كېلىپ باقمىغان بولسا كېرەك، ھەتتا ئۆز-ئۆزىدىن «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سوراپ باقمىغان بولۇشى چوقۇم. ماڭا چەكچىيىپ بىر دەم قاراپ، ئاندىن بويىنىنى شاپتۇل قېقىپ، جىم تۇرۇۋالدى. مانا شۇ چاغدا مەن بۇ يەردە سىلەرگە ئېيتىۋاتقان ۋەزلەردىن بىرقىسمىنى شۇ سورۇن ئەھلىگە، ئاشۇ ھاجىمنىڭ مىسالى ئارقىلىق بىر ھازا كاسىلداپ، بۇنداق سەۋەبى ھەققىدە ئېنىق جاۋاپ بولمىغان نەپرەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە باشقىلار تەرىپىدىن سىڭدۈرۈپ قويۇلۇدۇغانلىقى، جەمىيەتتە ئومۇملاشتۇرۇلغان نۇرغۇن ئىشلارغا بىزمۇ ئىختىيارسىز ئەگىشىپ، قوبۇل قىلىپ، ھەتتا كۆنۈكۈپ كېتىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىم. ھاياتىمدا «ئاتۇشلۇق» دېگەن چېغىدا بۇرۇن تۆشۈكلىرى چېپىپ توختىغان ئاتىنىڭكىدەك كېرىلىپ-كېرىلىپ، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن زەھەر چېچىۋاتقاندەك ئاچچىق تەلەپپۇز قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنى كۆپ كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كۆپلىرىدىن يۇقارقى ھاجىمدىن سورىغىنىمدەك سوئاللارنى سوراپ ئېنىقلاپ باقتىم. ئەمما جاۋاپىنىڭ تايىنى بولمىدى. شۇنداقلاردىن بىرسى دېدىكى، "ئېخنىكومدا بىر ئاتۇشلۇق ساۋاقدىشىم باردى، بەك پىششىق، بەك پىخسىقتى، ئۇنىڭدا بىرنېمە بارتى (نېمىلىكىنى ھازىر ئۇنۇتتۇم)، بىز ئۇنىڭدىن ئارىيەتكە سورىساق ئەللىك تىيىندىن ساتاتتى". ھەر يۇرتتىن، ھەر كىم شۇنداق قىلىشى ئېھتىمال بولغان بىر قىلىق!ئەمما بۇ پۈتۈن بىر يۇرتتىن نەپرەتلىنىشكە سەۋەپ قىلىنىۋاتىدۇ. شۇنداقلا شۇنى دېيىشىمىزمۇ مۇمكىن: ساڭا بىكارغا بەرگەن بولسا ياخشى بولامتى؟ سەن يا ئۇنىڭ دادىسى تاپقان بالا بولمىساڭ!

دېمەك، ئەھۋال ئەنە شۇنداق. بەلكىم سورۇلۇشى مۇمكىن: سەن ئۆزەڭ ئىستىخبارات ئويۇنىغا چۈشمىگەنمىدۇرسەن؟ ياق! دېيەلمەيمەن. ھەتتا يۇقۇرىدا دەپ كەتكەن ھىكايىلىرىمدىكى ئاچچىقراق كەتكەن قۇرلارنى ئويلاپ ئۆزەم خىجىل بولۇپمۇ قالىمەن ۋە ئاشۇ سىڭدۈرۈلگەن پروگراممىلانغان مەزمۇنلارنىڭ نەتىجىسىمىدۇ؟ دەپ گۇمان قىلىمەن. ھەممىمىز مانا شۇنداق مۇھىتتا يېتىلدۇق. كىچىكىمىزدىن بىزگە ھازىرلانغان سوتسىيال كېلىمات مانا شۇنداق ئىدى، ئۇنداقكەن، مەن تەسىرگەئۇچرۇمۇدۇم دېيىشكە پېتىنالمايمەن. ئەمما، ھەرقانداق پىسخىك ئۆزگىرىش، ياكى مەلۇم بىر پىسخىك ئاسارەتتىن ئۆزنى قۇتقۇزۇش ئەڭ ئەۋۋەل بايقاشتىن، ئۆزىنى تونۇشتىن باشلىنىدۇ. بۇ

www.kitaphumar.com

مېنىڭ كەشپىم ئەمەس، پىسخولوگىيە كىتاپلىرىدا شۇنداق دېيىلىپتۇ. ئۇنداقتا، مەن ئۆزەمنى بايقىدىم. ئىككىنچى قەدەم (ئۆزگۈرۈشكە) نىيەت قىلىش، ئۈچىنچى قەدەم، بۇنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ھەققىدىكى پىلان-پروگراما، تۆرتىنچى قەدەم ئەمەلىي ھەركەتكە ئۆتۈش بولۇدۇ، ئىنشائاللاھ.

ئەمدى يەنە ئويۇنلارغا قايتىمەن. زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى بىلەن ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئارىسىدا مەلۇم باغلىنىش بار. يەنى، ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئەتكەسچىلەر گورۇھى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق ۋە دۈشمەنلىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئارىسىدا كېتىپ-كېلىپ تۇرۇدۇ. بۇ بارلىق دۆلەتلەر ئۈچۈن ئوخشاشلا ئىناۋەتلىك بولغان تېئورما. دۈشمەنلىك مۇناسىۋىتىنى ھەركىم چۈشۈنەلەيدىغاندەك قىلىدۇ، ئەمما بۇ كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەكلا ئەمەس؛ ئىتتىپاقداشلىقنى بولسا ھەتتا قوبۇل قىلىشنىڭمۇ ئىلاجىسى يوقتەك.

زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىنىڭ تولۇق ياكى تولۇقفا يېقىن تىزىملىكى ئىستىخبارات ئورگانلىرىدا بار بولۇدۇ. ئۇلارنى تۇتۇشنىڭ ئىككى سەۋەبى، تۇتماسلىقنىڭمۇ ئىككى سەۋەبى بار. ئالدى بىلەن تۇتماسلىقدىكى سەۋەپنى دەي: بىرىنچىسى، ئاللىقاچان خۇمار بولۇپ قالغان نۇرغۇن ئادەمنى بىردىنلا ئۆلۈمگە ئىتتەرمەسلىك ئۈچۈن (پەقەت دېموكراتىك دۆلەتلەر ئۈچۈن كۆچكە ئىگە) بۇ سودىغا مەخسەتلىك يول قويۇلۇدۇ؛ ئىككىنچى، بۇ ھىسابى ئېلىنمايدىغان بىر غەزىنە بولۇپ، گويا بۇ يەرگە ئىئانە تۆپلۈنۈدۇ، كېرەك بولغاندا بۇ غەزىنىنى مۇسادىرە قىلىپ ئىشلەتسەڭ بولۇدۇ. چۈنكى ئىستىخبارات تەشكىلاتلىرى پەقەت دۆلەت بەلگىلىگەن ياكى خەلقنىڭمۇ كاللىسىدىن ئۆتۈدۇغان ئىشلار بىلەنلا شۇغۇللانمايدۇ. يەنە نۇرغۇن شەخسىي ئىشلار (مەلۇم باشلىقنىڭ خۇسۇسىي خاھىشى ئۈچۈن)نىمۇ قىلىشى مۇمكىن. باشقا كاتتىۋاشلاردىن يوشۇرۇلۇشى كېرەك بولغان، خەلقتىن يوشۇرۇدۇغان، مەڭگۈ ئاشكارىلانماسلىقى شەرت بولغان، قانۇنسىز، ھەتتا ئەخلاق سىرتى ئىشلارنىمۇ قىلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئىشلارغا دۆلەت ئايرىپ بەرگەن يىللىق راسخودتىن سەرپ قىلىنسا، كېيىن ھىساپ بېرىشكە توغرا كەلگەندە مەخپىي پائالىيەتلەرنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا مانا شۇنداق، ھۆججەتلەردە مەڭگۈ ئىزنى تاپقىلى بولمايدىغان ئوپېراتسىيەلەر ئۈچۈن ئەتكەسچىلەرنىڭ قولىدىكى زاپاس غەزىنىدىن سەرپ قىلىنىدۇ. ھېچكىمگە ھىساپ بېرىشكە توغرا كەلمەيدىغان، سورىقى يوق پۇل!

ئەمدى ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇشنىڭ سەۋەپلىرى شۇلار: بىرىنچىسى، سورىقى يوق پۇلغا

جەددىي ئەھتىياجلىق بولغاندا دەرھال بىر تۈتقۇن قىلىش ئوپېراتسىيىسى بىلەن بىر كېچىدىلا زەھەر ئەتكەسچىلىرى قۇرۇقداپ قويۇلۇدۇ. يەنە بىر سەۋەبى، مەبلەخنىڭ مەلۇم گورۇھ ياكى مەلۇم شەخسنىڭ قولىدا زىيادە كۆپ جۇغلۇنۇپ كېتىشى دۆلەت ئۈچۈن تەھدىت ئۇنسۇرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ يا پاراللېللىق تەلپى (ھاكىمىيەتتە شېرىكلىك دەۋاسى)، ياكى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىش خەۋپى بولۇپ شەكىللىنىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئەتكەسچىلەر گورۇھىنىڭ پۇلى مۆلچەر بويىچە مەلۇم چەككە يېقىنلاشقاندىلا باسقىن قىلىنىپ، «خېمىغا ياندۇرۇلۇدۇ».

زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىگە ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ يېقىن تۇرۇشىدا تېخىمۇ موھىم، شۇنداقلا تېخىمۇ مەخپىي يەنە بىر سەۋەپ بولۇدۇ. ئۇ بولسىمۇ، سىياسىي مەخسەت ئۈچۈن ئىشلىتىش. قارشى ئېلىنمايدىغان ياكى ئارزۇلانمايدىغان ۋەياكى ئىستەلمىگەن كۈچلەرنى، كۈچ گورۇپپىلىرىنى چىرىتىش، ئۇلارنىڭ ئۆكتىچىلىك ئىھتىماللىقلىرىنى مەنىۋىي جەھەتتىن يىمىرىپ، مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش مەخسىدىدە زەھەرلىك چېكىملىك پىلانلىق، مەخسەتلىك شەكىلدە تارقىتىلىدۇ. بۇمۇ دىرىكتور مەھەللىنىڭ ياشلىرىدىن بىر تويىنى «جۇڭلاۋا باللا، مەن سىلەنى بىر مېھمان قىپ قويىاي» دەپلا ھاراق ئەپ بېرىش شەكلىدە بولماي، خەلق ئارىسىدىكى قۇلاقلار ۋاستىسى بىلەن خۇددى يۇقۇرىدا دېيىلگەن، ئىلھام بېرىش، ئەقلىگە كەلتۈرۈپ قويۇش، سەمىگە سېلىش،... شەكلىدە تەدرىجىي كۆندۈرۈلۇدۇ. بۇ كۆپ ھاللاردا مۇستەملىكە مىللەتلەرنى مەنىۋىي جەھەتتىن تۈگەشتۈرۈش، مانقۇرتلارغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكا قىتئەسىدە بۇرۇنقى ھىندىيانلار شۇنداق چىرىتىلگەن. بۇ پەقەت خىروئىنلا بولۇشى ناتايىن. بارلىق كەيپ قىلغۇچى بويۇملارنىڭ ھەممىسى سىياسىي مەخسەتلەر ئۈچۈن پايدىلىنىشقا بولۇدۇغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئەگەر مەلۇم بىر رايوندا ھاراقنىڭ ئىستىمالى بۇلتۇرقىدىن جىددىي ئازلاپ كەتكەن بولسا، يېمەك-ئىچمەك شىركىتىدىنمۇ بالدۇرراق، ئىستىخبارات ئورگانلىرىدىكىلەرنىڭ چىرايى تاتىرىپ، دەرھال تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئادەم يوللىشى مۇمكىن. ھاراق ئىچىدىغانلارغا زادى نېمە بولدى؟ مەسجىتلەرگە قاتنايدىغان بولۇۋالدىمۇ؟ ياكى باشقا يېڭى بىر ئىشلارغا مەركەزلەشتىمۇ؟ دېگەندەك...

قەيەردە دېگىنىم ئېسىمدە يوق، ئىلگىرىكى بىر يازمىشىمدا ئىستىخبارات ئويۇنلىرى ھەققىدە توختالغاندا بىر دۆلەتتىكى ئەڭ كىچىك، سېزىلمەس دەرىجىدىكى كەيپىيات ئۆزگۈرۈشلىرىنىڭمۇ ئۆزىچە مەيدانغا كەلمەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭ تېگىدە بىر ئىسختبارات

خىزمىتىنىڭ قولى بولۇدۇغانلىقىنى ئېيتقانىدىم. مەسىلەن، بىردىنلا ھەشەمەتچىلىك، رېستورانتچىلىق قايناپ كەتكەن، مودا بولغان بولسا دېمەك بۇنىڭ ئاستىدىمۇ مۇشۇنداق بىر ئاستىرتتىن يۆنىلەندۈرۈش مەۋجۇت دېگەن گەپ. چۈنكى ھەرقانداق چەكتىن ئېشىشنىڭ نۇرغۇن زىيانلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، تويى-تۆكۈن رەسمىيەتلىرىنىڭ مۇرەككەپلىشىشى، توي سېلىقىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشى تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا سىنىپ ئۈچۈن ئېغىر كېلىپ، تامامەن ۋەيران بولۇشقا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يېمىرىلىشنىڭ پىسخىك بېسىمى، يۈكى ھەممىدىن دەھشەت بولۇشى چوقۇم. يەنە بىرمۇنچىلار بولسا ھەتتا توي قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇغان ۋەزىيەت تۇغۇلىدۇ. بۇ ھال يەنە بىرمۇنچە ئىجتىمائىي مەسىلە تۇغدۇرىدۇ. ئومۇمەن، ھەشەمەتچىلىكنىڭ جىنايەتكە تۇققانچىلىقى بارلىقىنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنى تەسەۋۋۇرىمىزدا تەجرىبە قىلىپ كۆرسەك، نۇرغۇن جىنايەت تۈرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سەۋەپلەرگە، جىنسىي سەۋەپلەرگە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

ئىستىخباراتنىڭ بۇنداق ئويۇنلارنى ئويناشتىكى ماھىرلىقى ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى بۇرۇن بىر ئاز يازغانلىقىمدىن تەكرارلىغىم كەلمەيدۇ، شۇنى دېيىشىم مۇمكىنكى، بىر مىللەتنى پەرۋەرگە ئۆزىگە تۇيغۇزمايلا مىللىتىنى ساتقۇزۇلىدۇ؛ ۋەتەنپەرۋەرگە ۋەتىنىنى ساتقۇزۇلىدۇ. يەنى سىزگە ئەسلىدە تەبىئىتىڭىز ھېچ كۆتۈرمەيدىغان پەسكەش بىر ئىش قىلدۇرۇلىدۇ. ھەتتا كۆڭۈل رىزاسى بىلەن! سىز بەزى كىشىلەرنى ھەجەپ نومۇسسىز ئەبلەخكەن، قانداقمۇ ۋىجدانى چىداپ، ئاشۇنداق ئىشنى قوبۇل قىلغاندۇ دەيدىغاندۇرسىز، ھەممىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ئۇچرايدىغان مۇشۇنداق تىپتىكىلەر بولۇدۇغۇ، ئەمما شۇنداق ئادەملەرنىڭمۇ ئاغزىدىكى پاراڭغا قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ مىللىي ھىسسىيات دولقۇنلىرى سىزنى غەرق قىلىۋېتىدۇ. مىللىتىنى سۆيۈشتىن ئۆتۈپ چىشلىۋالغۇدەكلا ئامراق، (مىڭلارچە ئۆزۈر تىلەيمەنكى، مەن بۇ گەپلەرنى ئومۇمىي تېما نۇقتىسىدىن دەۋاتىمەن، ھېچكىم ۋە ھېچكىم ئۆزىگە ئېلىۋالمىغاي، ياكى باشقىلار. ھەتتا باشقىلار كۆشكۈرتكەن تەقدىردىمۇ قىزىپ كەتمىگەيسىز. ئەمما ئىستىخبارات بەكلا دەھشەت بىر كەسىپ) ئىستىخبارات دۆلەت دەستەكلىك بىر قۇرۇلۇش، بارلىق ئىمكانلارغا ئىگە، شۇ كەسىپنى ئوقۇغان ئادەملەر، شۇ كەسىپنىڭ نېنىنى يەيدىغان ئادەملەر ئىشلەيدۇ. شەخسلەر، ئىنتايىن چەكلىك ئىمكانلارغا ئىگە، ئەسلىنى دېسە ئىمكانسىزلىقلار ئىچىدە تېپىرلاپ تۇرىدۇ. ئۇنداقكەن، ھۆل خىشقا دەسسىمەيدىغىنىمىز يوق. پەقەت دەسسەش دەرىجىمىز، دەسسەش تۈرلىرىمىز پەرقلىق بولىدۇ. مەن ئىلگىرى بىر مىسال بەرگەن ئىدىم. سۈرىيەلىك

بىر مىنىستىرنىڭ ياۋروپاغا ئوقۇشقا چىققان بىر تۇققىنى ئۆزىمۇ سەزمەستىن موسسادقا (يەھۇدىي ئىستىخبارات تەشكىلاتىغا) ئىشلەپ قالىدۇغان. نىيەتلا بولسا يول تېپىلىدۇ. دېمەك، ئىستىخبارات ئويۇنلىرىغا تەڭكەش قىلىشتىن ھېچبىرىمىز خالىي بولالمايمىز. ئەمما، بىچارە مىللىتىمىزدە خېلى ئۇقۇمۇشلۇق ئىنسانلارمۇ، دۇنيا سەھنىسىدە بولۇۋاتقان ئويۇنلار ھەققىدە كىچىك باللارمۇ تەستە ئىشىنىدىغان بولۇپ كەتكەن، بەك ئادەتتىكى تۇرلەردىمۇ گوللۇق ئىپادە قىلىۋاتقىنى ھەققەتەن ئېچىنىشلىق!

## ئىسلامنىڭ سىياسىي ئىسلام دەيدىغان تۈرى بارمۇ؟

ئەمدى كېلەيلى، ئاشقۇنلۇق، «مانا شۇ ئاشقۇنلۇق تۈپەيلىدىن قانلار تۆكۈلۈۋاتىدۇ» دېگەن قايناشلارغا. نېمە ئۇ ئاشقۇنلۇق دېگەن؟ رادىكالزىممۇ؟ رادىكاللىق، مەلۇم قاراشتا بەك چىڭ تۇرۇۋېلىش، قىلچىمۇ مۇرەسسەگە يول بەرمەسلىكتۇر. بۇ نۇقتىدا ئەگەرئىراق-شام ئىسلام دۆلتى ئاتالغان گورۇھ، رادىكال ئىسلامچى، ئاشقۇن ئىسلامچى دېيىلسە، ئىسلامغا ھاقارەت بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاشقۇنلۇقى تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەقەللىي ئىسلام پىرىنسىپلىرىغىمۇ ئەمەل قىلمايۋاتسا، قانداقمۇ ئۇلار رادىكال بولسۇن؟ ئىسلام ئۈچۈن رادىكاللىق دېيىلىۋاتقان، رادىكال دېيىلسىلا ئەقىلگە كېلىدىغىنى نېمە؟ دىنىي ئەقىدىلەردە بەك چىڭ تۇرۇۋېلىشمۇ؟ ئۇنداق بولسا ھەممىمىز رادىكال بولۇشىمىز كېرەككى، ھازىر يېتەرلىك رادىكال بولالمايۋاتىمىز، ھەم جىمى بەختسىزلىكمۇ دەل مانا شۇنىڭدا بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق، ئاشقۇنلۇق، ئەسلىيەتچىلىك لاپلىرىنى كۆتۈرۈۋالغانلارنىڭ يەنە بىر گېپى «سىياسىي ئىسلام»! سىياسىي ئىسلام ئومۇمەن رادىكاللار، ئەسلىيەتچىلەر بىلەن بىر تۈردە ماڭىدۇ. شۇنداق قوللۇنۇلۇۋاتىدۇ.

ئىسلامنى چۈشەنمەيلا، ئىسلام سىرتى كۈچلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاتالغۇلارنى گويا بىلىملىك ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىمىش كەبى كۆتۈرۈۋالىدۇغان ئەپەندىلەر، ئاڭلاپ قويۇڭلار، ئىسلام دىنى سىياسىي بولماي نېمىدۇ، سىزنىڭچە؟ ئىسلام دىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ، دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ ھەركەت مىزانى. بۇ ئىسلام دىنى ھەققىدىكى ئەڭ توغرا تەرىپ. ئىسلامنى بۇددادىكىدەك، تاغنىڭ تۆپىسىگە بۇتخانا قىلىۋېلىپ، شۇ يەردە نوم ئوقۇپ، جەمىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا نىرۋاناغا يېتىمەن دەپ ئولتۇرىدىغان تىپتە چۈشىنىۋالغانلار تەقلىتچىلىك چۈشەنچىسى ئىچىدە. خىرىستىيانلىقنىڭ موناستىرىدا قامىلىۋېلىپ، ئىچىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرىدىغانغا ئوخشۇتۇۋالغانلارمۇ خاتالىشىدۇ. ئىسلام

ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىدە، تاغدا، خىلۋەتتە ئەمەس، ئىنسانلار ئىچىدە. شۇنداقلا، ئىسلامدا دېيىلگۈاتقان ئىبادەت، پەقەتلا ناماز ئوقۇش ئەمەس.ئىسلامدا ئىبادەت دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئالنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابى: ئاللاھ رازى بولۇدۇغان جىمىكى ئىش-ھەركەتلەر ئىبادەتتۇر! ئۇنداقتا سىز، ھالال ئىشلەپ، ھالالدىن تېپىپ باللىرىڭىزنى باقسىڭىزمۇ ئىبادەت قىلغان بولۇسىز. بۇ دېگەنلىك، نامازنىڭ ئورنىغا ئۆتۈدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى ناماز ئىماننىڭ تۈۋرۈكى دېيىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ راپورت بەرگەنگە ئوخشاش بىر ئىش. ئاللاھ بىلەن بىۋاستە مۇلاقاتتا بولۇپ، بىزنى كۆرۈپ تۇرۇدۇغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا ھساپ بېرىش ۋە ھەممە ئىشنىڭ سورىقى بارلىقىنى، جاھاننىڭ ئىگىسى بارلىقىنى ئۆز-ئۆزىمىزگەئەسلىتىپ تۇرۇش مەشغۇلاتىدۇر.

قىسقىسى، ئىسلامنىڭ سىياسىي ئىسلام، سىياسىي ئەمەس ئىسلام دەيدىغان تۈرلىرى يوق. بۇ شۇنداق ئىپتىقاتكى، تۇرمۇشىمىزنىڭ جىمى بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچەسىڭگەن، شۇنداقلا سىڭدۈرۈلۈشى تەلەپ قىلىنىدىغان دىندۇر. مودا بولۇۋاتقان، دىننى دۆلەتتىن ئايرىۋېتىش، دىننى سىياسەدىن ئايرىۋېتىش دېگەنلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلار بۇنىڭ ئىسلام ئۇچۇن توغرا كېلىدىغان كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمەيلا مودا قوغلىشىۋاتقانلاردۇر. چوڭ ئىشلارغا ئارىلىشامدۇ يوق، قويۇپ تۇرۇپ، ئەڭ كىچىك، ئەڭ ئېتىبارسىز قارىلىدىغان ئىشلاردىن ئىككى مىسال بېرەي: ئىسلام خالاغا كىرىشتەسول ئاياق بىلەن كىرىپ، ئوڭ ئاياق بىلەن چىقىشنى بۇيرۇيدۇ؛ ئاياق كەيگەندە ئوڭدىن باشلاش، سالغاندا سولدىن باشلاشنى بۇيرۇيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى تەسەۋۋۇر قىلالايسىزكى، ئىسلام سىزنىڭ ھاياتىڭىزنىڭ ئىچىدە، ئىجتىمائىي تۈپىڭىز ئىچىدە قان بىلەن گۆشتەك، ھەممە بۇلۇڭ-پۇشقاقچە كىرىشىپ كەتكەن. ئائىلىدىن دۆلەتكىچە ھەممە ئىشىڭىزنىڭ پىرىنسىپىنى، قائىدىسىنى سۇنغان بىر دىندۇر. ئىسلامنىڭ ئۆزى سىياسىيدۇر. ئەمما ئۇ ئاللاھ بەلگىلىگەن سىياسىي بولۇش سۈپىتىدە يوقۇرىدا دېيىلگەنلەردەك شەرمەندىلىكلەر-دىن خالىي، ئەڭ توغرا سىياسىي، توغرا ئىدىئولوگىيە، توغرا مەسلەك، توغرا يولدۇر. ئۇنى «ئايرىۋېتىش» لەر نەگە ئېلىپ بارىدۇ؟ كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، ئىمانسىزلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر كىمدە كىم ئايرىۋەتسىمۇ بولۇدۇغان بىرەر ساھە كۆرسەتسە مەن جاۋاپ بېرىشكە تەييارمەن.

يەنە شۇنىمۇ دەپ قويااي، توردا بەزى ئاتالمىش دىندارلارنى پەم ئەتتىم. ئۇلارنىڭ دىن دەپ كۆتۈرۈۋاالغىنى مۇتئەسسىپلىكتۇر. ئىسلام ئەسەبىيەتچىلىككە، خۇراپاتقا ئوخشاشلا قارشى. مانا بۇ تېپتىكى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشلەر ئىسلامدا قارشى ئېلىنمايدىغان تېپتىن.

ئىسلامنىڭ يولى ھەرقاچان ئوتتۇرا يولدۇر. ھەرقاچان ئوتتۇراھاللىقنى ساقلاش سۈننەتكە ئۇيغۇن. (ھەددىن ئاشقۇنلۇققا كەلدى) بۇنداق ئەسەبىيەتچىلەر مىللەت دېمەيمىز، ۋەتەن دېمەيمىز دەيدىغانلار بولۇپ، بۇلارنىڭ دەۋاتقانلىرى ئىسلام دىنىمۇ؟ ئەرەپ قۇلچىلىقىمۇ ئايرىغىلى بولماي قالۇدۇ. ئىسلام ئەرەپلەرنىڭ مۈلكى ۋە بىزگە ئەرەپلەر بىرئاز ئىلتىپات قىلغان نەرسە ئەمەس، ئىسلام پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مىزانى. شۇڭا بۇنداق قۇلچىلىق بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولۇدۇ. رەسۇلىللاھ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ قەۋمى بىلەن باشقا قەۋملەر ئارىسىدا بولغان بىر ئۇرۇشنى تىلغا ئالغاندا، «ئەگەر شۇ چاغدا بولغان بولسام، مەنمۇ ئۆزقەۋمىم تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلغان بولاتتىم» دېگەن. ئۆز قەۋمىنى سۆيۈش ئىسلامدا چەكلەنگەن ئىش ئەمەس. پەقەت گىتلېرچە ئېرقچىلىققا يول يوق. شۇنى تەكىتلەيمەنكى، ئىسلام ئۆيدىكى بالىلىرىنى ئاچ قويۇپ تالادىكىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى بۇيرىمايدۇ. مۇھتاج تۇرۇپ يەنىلا بېرىش پەزىلەت سانالسىمۇ، ۋەزىپە، پەرز ئەمەس. سىلە-رەھىمنى، زاكاتنى ئۆز ئائىلىڭىزدىن باشلايسىز، ئائىلىڭىزدىن كېيىن تۇغقانلارغا، قوشنىلارغا، يۇرتلۇقلارغا... مانا شۇنداق كېتىدۇ. مىللەت ئۆزى خاراپلاردىنمۇ خاراپ تۇرۇپ، خەقنى قۇتقۇزۇشقا چاقىرىلمايدۇ.

يازغانلىرىمنىڭ ئېشىپ كەتكەن (يەنە ئاشقۇنلۇققا كەلدى) تەرەپلىرى ئۈچۈن ئۆزۈر تىلەيمەن. خۇسۇمەتلەرگە، يېڭى زىددىيەت توقۇنۇشلىرىغا باھانە بولۇپ قالسا دەرھال ئۆچۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىمەن. توغرا تەرىپى بولسا، پايدىلىق تەرىپى بولسا پايدىلانغايسىلەر. بولمىسا نەزەردىن ساقىت قىلغايسىلەر. سىياسىي ئويۇنلار ھەققىدە ئىستىخبارات ھەققىدە ئىلگىرى كۆپ توختالغىنىم ئۈچۈن، بۇ يەردە تەپسىلىي توختۇلۇشتىن بىزارلىق ھىس قىلىش تۈپەيلى، تومتاقلىق خاتالىقى ئۆتكۈزگەن بولۇشۇم تەبىئىي. كەچۈرگەيسىلەر.

# 1931-يىلىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بىۋاستە سەۋەبچىسى جاڭ گوخۇنىڭ تەقدىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش

激起 1931 年哈密农民起义的战犯张国琥的消失之谜

خوجا سالى

ئابلىمىت ئابدۇللا

20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭدا دېھقانلارنىڭ مىللىي زۇلۇمغا، فېئوداللىق قۇللۇققا قارشى قوراللىق كۈرەشلىرى توختىماي دېگۈدەك داۋام قىلىپ كەلدى. شۇلارنىڭ ئىچىدە 1931-يىلى ئەتىيازدا پارتىلىغان قومۇل دېھقانلىرىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر زور، تەسىرى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، تىغ ئۇچى شىنجاڭدىكى مىللەتارىست جىن شۇرېن (1878-1941) نىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىگە قارىتىلدى.

1931- يىلىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قومۇلدىكى ئۇن ئىككى تاغنىڭ بىرى شوپۇلدىن باشلانغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئەمما قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ بەرگەن جاڭ گوخۇ (张国琥) نىڭ تەقدىرى توغرىسىدا تاكى ھازىرغا قەدەر ئىككى خىل كۆزقاراش مەۋجۇت. بەزىلەر:«سالى دورغىنىڭ قىزىنى مەجبۇرى خوتۇنلۇق قائالماقچى بولغان قاراۋۇل (چازا-卡子) ئەمەلدارى جاڭ گوخۇنى نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈۋەتكەن» دېسە، بەزىلەر:«جاڭ گوخۇ قېچىپ كەتكەن» دېيىشىدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىلگىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان تۆۋەندىكى مەلۇماتلارغا قاراپ باقايلى:

«قومۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نىڭ1718-بېتىدە تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىلگەن:

«...مىنگونىڭ19-يىلى (1930-يىلى) 6-ئايدا قومۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت كېسەل بىلەن ئۆلدى، قومۇل ئۇيغۇرلىرى ۋاڭلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، يەر تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى.7-ئايدا جىن شۇرېن تەكشۈرۈش، تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش

كومىتېتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. 8-ئاينىڭ ئاخىرىدا تۇزۇمنى ئۆزگەرتىش كومىتېتىدىكى لۇڭ شىيلىن، چېن داشىڭ، جۇ يوشىيا قاتارلىق ھەيئەتلەر قومۇلغا كېلىپ، قومۇل ۋاڭىنىڭ مال-مۈلكى، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يەرلىرىنى ئېنىقلىدى. يەر ئېنىقلاشتا مەسئۇل خەنزۇ ئەمەلدارلار بىلەن تەكشۈرگۈچىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ياخشى يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇيغۇرلارنى بوزەك قىلىپ، ئۇلارنى يەر تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشكە ئىشەنمەس قىلىپ قويدى.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر دېھقانلارنىڭ جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، يەنى مىنگونىڭ 20- يىلى (1931-يىلى) 2-ئاينىڭ 27-كۈنى سالى دورغا شوپۇلدا تۇرۇشلۇق تەكشۈرگۈچىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، قوزغىلاڭنىڭ پىلتىسىغا ئوت ياقتى. بۇ ۋەقە شوپۇلدا تۇرۇشلۇق تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ گوخۇنىڭ سالىنىڭ قىزىنى مەجبۇرى خوتۇنلۇققا ئېلىش سەۋەبىدىن يۈز بەردى. 4-ئاينىڭ 13-كۈنى كەچتە، سالى دورغا كالتەك-توقماق بىلەن قوراللانغان 40 نەچچە كىشىنى يىغىپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق تەكشۈرۈش ئىدارىسىدىكى چېدىر ۋە گەمىلەرگە ئورۇنلاشقان ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، پەقەت جاڭ گوخۇلا قېچىپ كەتتى...».

«قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى» نىڭ 691-، 692-بەتلىرىدە تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىلگەن:

«...يەر بېجى ئېلىش چارىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇردېھقانلىرى زارلىنىشقا باشلايدۇ، ئۇلار ۋەكىل ئەۋەتىپ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىدىن باج ئېلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنى چىركىلەشكەن جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى كەسكىن رەت قىلىدۇ. ئۇيغۇر دېھقانلىرى غەزىپىنى باسالماي، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش خىيالىغا كېلىدۇ. دەل شۇ چاغدا شوپۇلدا يۈز بەرگەن ئۇيغۇر قىزىنى زورلۇق بىلەن خوتۇنلۇققا ئېلىش ۋەقەسى قوزغىلاڭنىڭ ئومۇميۈزلۈك پارتلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

شوپۇللۇق سالى دورغىنىڭ بىرچىرايلىق قىزى بار ئىدى، شوپۇل جىساسى جاڭ گوخۇ بۇ قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىش ئۈچۈن نەچچە قېتىم زورلۇق ئىشلىتىپ باققان بولسىمۇ، سالى دورغا دىنىي ئېتىقاد ۋەمىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقىنى سەۋەب قىلىپ رەت قىلىدۇ. مەقسىتىگە يېتەلمىگەن جاڭگوخۇ ياۋۇزلىقنى ئاشكارىلاپ:‹قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىقىڭدىن قەتئىينەزەر پالانچى كۈنى قىزىڭنى چوقۇم خوتۇنلۇققا ئېلىپ كېتىشكە كېلىمەن› دەپ بىلجىرلايدۇ. جاڭ گوخۇ گەنسۇلۇق، ليۇ شىزىڭ بىلەن يۇرتداش ئىدى، ئۇ، ليۇ شىزىڭنىڭ كۈچىگە تايىنىپ يۇقىرىلارنى قاقتى-سوقتى قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان

ئىدى. بۇقېتىمقى: ‹ئەمەل ۋارىسلىقنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرۇدىغان ئەمەلدار قويۇش› جەريانىدا، ئۇ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ 100 نەچچە مۇ مۇنبەت يەرنى ئىگىلىۋالغان، يەرلىك ئۇيغۇر دېھقانلار ئۇنىڭغا چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەندى. جاڭ گوخۇ كەتكەندىن كېيىن سالى دورغا جاڭ گوخۇنىڭ ئارقىسىدىن: ‹سەن قىزىمنى ئالىمەن دەيدىكەنسەن مەن كالالاڭنى ئالالمىسام سالى بولماي كېتەي› دەپ قەسەم ئىچىدۇ. سالى دورغا نوملۇق سالى دورغا ۋە تۆركۆللۈك باقى نىياز دورغىلار بىلەن بىرلىكتەقوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا خۇپىيانە مەسلىھەتلىشىدۇ. ئۇلاردا قورال-ياراق كەمچىل بولغانلىقتىن، ئۇلار يەنە ئابدۇنىياز مىرابنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.(ئابدۇنىياز ۋاڭنىڭ شەرقىي تاغقا ئەۋەتكەن ئۆچ بېگى بولۇپ، ئىككى لىيەن ئاتلىق ئەسكەر بىلەن توخۇلۇدا تۇراتتى). ئۇلار بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋاقتىنى جاڭ گوخۇ قىزنى ئالغىلى كېلىدىغان كۈنگە بېكىتىدۇ.

شوپۇللۇق سالى دورغا يوشۇرۇنچە سۆجى، قارامۇقچا قاتارلىق جايلارنىڭ دورغا، قورمال ۋە مۇھتەسىپلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ مەسلىھەتلىشىدۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، جاڭ گوخۇنىڭ تەلپىگەيالغاندىن ماقۇل بولغان بولىدۇ ھەمدە قىزنى 4-ئاينىڭ 12- كۈنى كۆچۈرۈپ كېتىشكەرازىلىق بېرىدۇ. جاڭ گوخۇ 32 نەپەر قوراللىق ئەسكەرنى باشلاپ دېگەن ۋاقىتتا قىزنى كۆچۈرۈشكە كېلىدۇ. جاڭ گوخۇ قىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا ئايالچىياسىنىۋالغان ئەركەك (قىز) ئۇنى قۇچاقلىۋالىدۇ. ئۇيغۇر دېھقانلىرى جاڭ گوخۇنى ۋەئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. 30 نەچچە تال مىلتىق سالى دورغا قاتارلىق كىشلەرنىڭ قولغا چۈشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نوملۇق سالى دورغا، سەدەن قورمال ۋە ناسىر مۇھتەسىپلار جىسا پونكىتىنى مەخپى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ باشلىقى شى جېنفېڭنى تۇتۇپ كېتىدۇ، ئىككى قاراۋۇلنى ئېتىپ تاشلايدۇ، 16 قاراۋۇلنى ئەسىر ئالىدۇ، پەقەت بىرلا قاراۋۇل قېچىپ كېتىدۇ. ئۇلار شى جېنفېڭنى ۋە قاراۋۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ تاشلايدۇ. ئارقىدىنلا سالى دورغا قاتارلىقلارىيېقىن ئەتراپتىكى كۆچمەنلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، باشقا جايلاردىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلار بىلەن بىرلىشىپ، ھۆكۈمەت قوشۇنىغا زەربە بېرىشكە پائال تەييارلىق كۆرىدۇ...».

«قومۇل شەھىرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ بىرىنچى قىسىم 31-،32-بەتلىرىدە تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىلگەن:

«...1931-يىلىنىڭ باشلىرىدا جىن شۇرېننىڭ يۇرتدىشى جاڭ گوخۇ شوپۇل قاراۋۇلىغا ئەمەلدار بولۇپ بارىدۇ. تاغ رايونىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللا ئاخۇننىڭ گۈلخان ئىسىملىك چىرايلىق بىر قىزى بولۇپ، ئۇنىڭغا جاڭ گوخۇنىڭ كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، ئۆز ھوقۇقىغا تايىنىپ بۇ قىزنى مەجبۇرى ئالماقچى بولىدۇ. بۇنداق ئىش ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن ۋە مۇسۇلمانلار نومۇس دەپ بىلىدىغان ئىش ھەمدە يات مىللەت مۇسۇلمانلىرىدىن خوتۇن ئالماقچى بولساخەلقلەر تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان ئىش بولغانلىقتىن، جاڭ گوخۇ ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ كەلگەن كىشىگە:‹سەن قايسى ۋىجدانىڭ بىلەن بىر مۇسۇلماننى يات بىر مىللەتكە بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ كەلدىڭ؟› دەپ قاتتىق سۆكۈپ قەتئىي رەت قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ جاڭ گوخۇ گۈلخاننى ئالىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. تاغدا ئابدۇللا ئاخۇننىڭ گېپى گەپ ئىدى. ئۇ قىزىنىڭ يولۋاس ئېغىزىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھېچنېمىگە قارىماي زالىم جاڭ گوخۇنى جازالاش نىيىتىگەكېلىدۇ. شۇ چاغلاردا سالى دورغا ۋە يېزا مۆتىۋەرلىرى قوزغىلىشنى ئويلىشىۋاتقان چاغلىرى ئىدى. ئۇلار 2-ئاينىڭ 18-كۈنى مەخپىي مۇزاكىرە ئۆتكۈزۈپ، 2-ئاينىڭ 20-كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان ‹توي› پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلىدۇ.

‹توي› ئاخشىمى جاڭ گوخۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن 33 نەپەر قوراللىق ئەسكەر بىلەن ئابدۇللا ئاخۇننىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ ۋە قىز ھۇجرىسىغا باشلىنىدۇ. قىزھۇجرىسىدا ئالدىن چىرايلىق قىز شەكلىدە ياسىنىپ ئولتۇرغان ئىمىن ئىسىملىك ئۇيغۇريىگىت جاڭ گوخۇ ھۇجرىغا كىرىشى بىلەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۇنى قۇچاقلاپ ئېلىپ ئۆلتۈرۈدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەتراپتا تەييارلىنىپ تۇرغان كىشىلەر جاڭ گوخۇباشلاپ كەلگەن 33 نەپەر چېرىكنى ئۆلتۈرۈپ، قورال-ياراقلىرىنى تارتىپ ئېلىپ ئۆزىنى قوراللاندۇرىدۇ. ھەمدە قاراۋۇل ئەمەلدارى ئابدۇللام نىيازنىڭ ياردىمى بىلەن قاراۋۇلنى ساقلاۋاتقان 70 دىن ئارتۇق چېرىكنى يوقىتىپ 77 دانە قورالنى ئولجائالىدۇ. ئابدۇنىياز مىراپ، باقىنىياز دورغا، خوجىنىياز ھاجى، قاسىم پالۋان، مەرگەنيەھيا ئىمام، ئىبراھىم قورمال قاتارلىقلار رەھبەرلىكىدە دېھقانلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى داغ-دۇغىلىق قوزغىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قومۇلدىن سالى دورغىدىن جەرىمانە پۇلىنى ئالغىلى كەلگەن ئۈچ ئەسكەرنىڭ قورالى تارتىۋېلىنىپ ئىككىسى ئۆلتۈرۈلىدۇ. بىرسى قويۇپ بېرىلىدۇ (باشلىقىغا خەۋەر قىلسۇن دەپ قويۇپ بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن)، بۇ ئىشنى

www.kitaphumar.com

سالى دورغا ئاقسۇغا ۋالىي بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە سۆزلەپ بەرگەن… (مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورى پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇۋۇروف-ئا).

«ئاراتۈرۈك تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ بىرىنچى قىسىم 132-،135-بەتلىرىدە تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىلگەن:

«…ئاراتۈرۈكنىڭ سۆجى بۇلاق(سىمىخۇا چۈەن) دېگەن جايدا تۇرۇۋاتقان جىسا-جاڭ گوخۇ قومۇلغا چۈشۈپ قايىپ كەلگىچەشوپۇلغا كېلىپ سالى دورغىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالماقچى بولىدۇ. ئۇ ئاخشىمى سالى دورغىنى ماڭا بۇگۈن كىچە ئۇيغۇردىن خوتۇن تېپىپ بېرىسەن دەپ قىستايدۇ. سالىدورغا:‹بىز ئىسلام دىنىدىكى خەلقلەردىن خەنزۇلارغا خوتۇن بولۇش يوق، بىزنىڭ دىنىي ئۆرۈپ-ئادىتىمىزگە خىلاپ بولىدۇ. ساڭا ئۇيغۇردىن خوتۇن بولۇدىغان ئايال يوق› دەپ جاڭ گوخۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. جىسا جاڭ گوخۇ سالى دورغىنىڭ ئايىنىساخان دېگەن قىزىنى كۆرسىتىپ:‹بۇ ئولتۇرغان خوتۇن ئەمەسمۇ؟ مۇشۇنى بېرىسەن› دېگەندە، سالى دورغا غەزەپكە كېلىپ جاڭ جىسا بىلەن تاكاللىشىپ قالىدۇ. سالى دورغا مۇنداق دەيدۇ:‹سەن بۇنداق يولسىز تەلەپنى قويۇپ تۇرۇۋالساڭ، يا مەن سېنى ئۆلتۈرۈمەن، يا سەن مېنى ئۆلتۈرۈسەن. بۇ ھايات- ماماتلىق ئىش› لېكىن جىسا جاڭ گوخۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ تەلىپىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ: ‹سەن ماڭا بەش كۈن ئىچىدە مۇشۇ قىزنى بېرىشكە كۆنمىسەڭ مەن قايتىپ كېلىپ كالالىڭنى ئېلىپ تاشلاپ،قىزنى خوتۇنلۇققا ئالىمەن. كۆي ئوغلۇڭنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بېرىمەن› دەيدۇ. بۇئىش سالى دورغىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. سالى دورغا بۇ خىل قات مۇقات بېسىم ئاستىدا شوپۇلدىكى يۇرت باشلىقلىرى ۋە مۆتىۋەر كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ خەلقنى باشلاپ شوپۇلدىن تال تېغىغا كۆچۈپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سالى دورغا ئاراتۈرۈكتىكى ئابدۇنىياز مىراپ، توقسۇن قورمال، تۆركۆللۈك باقىنياز دورغا، نوملۇق سالى دورغا قاتارلىقلاربىلەن ئۇچرىشىپ، كېڭىشىپ كۆرمەكچى بولىدۇ. دەل شۇ كۈنلەردە قومۇلدىكى يولۋاس ئابدۇنىياز مىراپقا بىر پارچە ئالاقىنى ئەۋەتىدۇ. بۇ ئالاقىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: ‹شوپۇلدىكى سالى دورغا بۇزۇلدى ئۇ شوپۇل خەلقنى تال تېغىغا كۆچۈرۈپ كەتتى. بۇ ئالاقىنى ئالغان ھامان سالى دورغىنى تىرىك تۇتۇپ ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭ›دېيىلگەن. ئابدۇنىياز مىراپ بۇ ئالاقىنى كۆرۈپ بولۇپ، ئالاقىنى ئېلىپ چىققان يارى دورغىغا ئاراتۈرۈكلۈك توقسۇن قورمالنى قوشۇپ تال تېغىغا ماكانلاشقان سالى دورغىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. سالى دورغا ئالاقىنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. توقسۇن قورمالنى ئاراتۈرۈكتىكى گازارما (يىغقاق-

营房) نى ئېلىشقا، باقى نىياز دورغىنى تۆركۆلدىكى قورۇلنى ئېلىشقا، نوملۇق سالى دورغىنى نومدىكى قورۇلنى ئېلىپ جىسالارنى يوقىتىشقا تەكلىپ يېزىپ ئابدۇنىياز مىراپقا ئەۋەتىپ بىرىدۇ. سالى دورغا ئۆزى سۆجى بۇلاقتىكى جاڭ جىسانىڭ قورۇلنى ئېلىشقا مەسئۇل بولۇپ، 1931-يىلى 4-ئاينىڭ 4-كۈنى شوپۇلدىكى خەلقلەردىن پالۋانلارنى تاللاپ، ئاراتۆرۈكنىڭ باي دىگەن يېرىدىن 10 نەچچە نەپەر  پالۋاننى قوشۇپ، جەمئى ئەللىك نەچچە نەپەر پالۋاننى تەشكىللەپ، سۆجى بۇلاقتىكى چېرىكلەر تۇرۇشلۇق قورۇل ئەتراپىنى بىر كېچىدە مۇھاسىرىگە ئېلىپ قويۇپ، ئۆزى ئۈچ نەپەر ئادەم بىلەن جاڭ جىسانىڭ يېنىغا كىرىدۇ. ‹مەن ساڭا قىزىمنى خوتۇنلۇققا بېرىشكە رازى بولدۇم، بالدۇر ساڭا بىھۆرمەتلىك قىلىپ سېنى رەنجىتىپ قويغىنىم ئۈچۈن ئەمدى ئەپۇ سوراپ كەلدىم. توي ۋاقتىنى بېكىتسەك قانداق؟› دېگەندىن كېيىن، جاڭ گوخۇخۇشاللىقىدا سالى دورغىلارنى يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، دەرھال زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ مېھمان قىلىپ، ھاراق-شاراپنى تازا مەس بولغىچە ئىچىدۇ.  ئۇلار(جاڭ جىسالار) راسا مەس بولغاندىن كېيىن، سالى دورغىلار قايتماقچى بولۇپ سىرتقا چىقىپ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقان پالۋانلىرىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ، كېچەتۈن-يېرىمدىن ئاشقاندا چېرىكلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. پالۋانلار چېرىكلەرنى تۇتۇۋاتقاندا، جاڭ گوخۇ سېزىپ قېلىپ دەرھال ئاتقا مىنىپ قاچىدۇ. ئۇنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرگەن سالى دورغا مىلتىق بىلەن ئۇنىڭ ئېتىنى ئېتىپ تاشلايدۇ. جاڭ گوخۇ بولسا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ قاراڭغۇ كېچىدە تاققا قاراپ قاچىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئىچكىرىدىن400- 500 دەك تۆگىگە سودا ئارتىپ چىققان سودىگەرلەر ‹قۇم كۆندۆ› دېگەن جايغا چۈشۈپ قونغان ئىكەن. جاڭ گوخۇ كېچىدە شۇ يەرگە قېچىپ بېرىپ، سودىگەرلەرگە يالۋۇرۇپ  ئۆزىنىڭ ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، بۇ ئىچكىرىدىن چىققان سودىگەرلەر جاڭ گوخۇنى ياغاچ ساندۇقنىڭ ئىچىگە سېلىپ يوشۇرۇپ قويىدۇ. سالى دورغا باشلىق قوزغىلاڭچى پالۋانلارسودىگەرلەردىن سورىغاندا، ئۇلار:‹بىز كۆرمىدۇق، بۇ يەرگە ئادەم كەلمىدى› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پالۋانلار سودا-ماللار ئارىسىنى ئاختۇرۇپمۇ تاپالماي كېتىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ جاڭ گوخۇ سودىگەر تۆگىچىلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بار كۆلگە قېچىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئۈرۈمچىدىكى جىن شۇرېنغا خەۋەر قىلىدۇ. ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان جىن شۇرېن  ئۆزىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق خادىمى لىيۇ سىجاڭغا تېلېگرامما بېرىپ: ‹ئاراتۈرۈكتە يۈز بەرگەن توپىلاڭنى تېزدىن بېسىقتۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇرۇقنىمۇ قويماي يوقىتىڭلار› دېگەن بۇيرۇقنى بېرىدۇ...».

لىيۇ زىشيا (刘志霄) يازغان «ئۇيغۇر تارىخى» 2-قىسىم 2-كىتاب(شىنجاڭ خەلق

نەشرىياتى 2003-يىلى6-ئاي نەشرى) نىڭ 998- 1001-بەتلىرىدە تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىلگەن:

«...زىيڭ ۋېنۋۇ (曾问吾) خاتىرىلىگەن بۇ ۋەقە 1931-يىلى 3-ئايدا يۈز بەرگەن. چۇنكى مۇشۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەريان بايان قىلىنغان ھەر خىل ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ بايانىنى ئاساس قىلغانلىقى، بۇ بايانىنىڭ خېلى ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

لېكىن زىيڭ ۋېنۋۇ ئەپەندى يازغان ‹جوڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارەقىلىش تارىخى› ناملىق ئەسەرنىڭ 598-بېتىدە بايان قىلىنغان شوپۇل ۋەقەسىنىڭ بىۋاستە سەۋەبى، يەنى جاڭ فامىلىلىكنىڭ ئۇيغۇر قىزنى ئۆزۈگە تېگىشكە زورلىغانلىقى سۆز-چۆچەك ۋە ئىشەنچسىز. زىيڭ ۋېنۋۇ شوپۇل ۋەقەسىنى ئومومى جەھەتتىن بايان قىلىشقا نوپۇزلۇق بولۇپ قالغاچقا، سۆز-چۆچەك ۋە ئىشەنچسىز بۇ بايانمۇ كېيىنكىلەر تەرىپىدىن كەڭ ئىشلىتىلگەن ۋە ئېتىراپ قىلىنغان.

1991-يىلى 4-ئايدا شوپۇللۇق تۆت بوۋاي شوپۇل ۋەقەسىنىڭ جەريانى ۋە تەپسىلاتىنى كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا قومۇل ناھىيەلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا شوپۇل ۋەقەسىنىڭ جەريانى ۋەتەپسىلاتىنى سۆزلەپ بەرگەن.

بۇ تۆت بوۋاي ئادىل ئاخۇن سالىنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكىرى بولۇپ،سۆزلەپ بەرگەن چاغدا 81 ياشقا كىرگەن؛ توختى موللا(مۇشۇ كەنتنىڭ ئىمامى) سۆزلەپ بەرگەن چاغدا 76 ياش، ھاپىز سالى(سالىنىڭ ئوغلى)سۆزلەپ بەرگەن چاغدا 72 ياش؛ پازىل بوۋا ئازاتلىقتىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىنىڭ كادىرى بولغان. ھازىر پېنسىيەدە بولۇپ، 60 يىل ئىلگىرىكى شوپۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەن چاغدا ئادىل ئاخۇن 20 ياشقا، توختى موللا 15 ياشقا، ھاپىز 15 ياشقا،ھاپىز سالى 11 ياشقا، پازىل بوۋا يەتتە ياشقا كىرگەن بولىدۇ. يېشى ئەڭ كىچىك بولغان پازىل بوۋنى ئېلىپ ئېيتساق، يەتتە ياشلىق بالىنىڭ ئەقلى بىلەن ئۆزى ئەينى چاغدا كۆرگەن ئەھۋاللارنى تولۇق سۆرەتلەپ بەرگەن.

قومۇل ناھىيەلىك تەزكىرەئىشخانىسىدىن ئابدۇراخمان ۋەلى، شىڭ جىيەنلى، ھاپىز سېيىت قاتارلىق كىشىلەر ‹1931-يىلدىكى شوپۇل ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ۋە جەريانى ئۈستىدە تەكشۈرۈش› دېگەن تېمىدا يۇقىرىقى تۆت بوۋاينىڭ بايانلىرىنى خاتىرىلىۋالغان. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بايانلىرىنى تولۇقى بىلەن بېرىمىز:

‹1931-يىلى ئەتىيازدا (4-ئايلاردا)، شوپۇل سىيمىخۇاچۇەنگە جايلاشقان تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ باشلىقى جاڭ گوخۇ شوپۇلدىكى سالى دورغىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ:‹بىز

شوپۇلدىكى ئۇيغۇرلاردىن ئەسكەر تولۇقلايمىز›دېدى، ھەممە دە:‹سالى دورغىنىڭ ئىككى قىزىنىڭ بىرىنى (بىرىنىڭ ئىسمى لەيلىخان. يەنەبىرىنىڭ ئىسمى گۆھەرخان ئىدى) خوتۇنلۇققا ئالىمەن› دەپ داۋراڭ سالدى. سالى دورغاجاڭ گوخۇ بىلەن تىللىشىپ كەتتى. سالى دورغىنىڭ ئايالى ئىبرىنى تارتىپ تۇردى. جاڭگوخۇ ئاچچىقلانغان ھالدا كېتىپ قالدى. ۋەقەدىن كېيىن سالى دورغا شوپۇلدىكى ئامىمغا: ‹جاڭ گوخۇ ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتىدىكەن، تېخى ئۇيغۇرلارنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى ئىمىش. بىزنىڭ كۆن كۆچۈرىدىغان يولىمىز قالماپتۇ› دېدى.ئارقىدىنلا ئۇ كۆپچىلىك بىلەن جاڭ گوخۇنىڭ تەكشۈرۈش پونكىتىنى يوقىتىش ئىشىنى مۇزاكىرىلەشتى. كۆپچىلىك قوشۇلغاندىن كېيىن، ھەرىكەتلىنىشتىن ئىلگىرى تال تېغىدانەزىر قىلدى. ھەممە شۇ كۈنىلا شوپۇللۇق چارۋىچىلار (ئەينى چاغدا شوپۇلدا 42 ئائىلىلىك ئۇيغۇر چارۋىچى بار ئىدى) دىن 40 يىگىت تاللىنىپ، سالى دورغا بىلەن بىللە سىمىخۇاچۇەنگە قاراپ يولغا چىقتى. تال تېغى بىلەن سىمىخۇاچۇەننىڭ ئارىلىقى50 چاقىرىم كېلەتتى؛ قاراڭغۇ چۈشكەن چاغدا، سالى باشلاپ ماڭغان بۇ 40 نەپەر يىگىت سىمىخۇاچۇەنگە يېتىپ باردى. تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ خادىملىرى چېدىر ۋە گەممىلەردە ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. سالى دورغا يىگىتلەرنى بىر نەچچە گۇرۇپپىغا بۆلگەندىن كېيىن ھەرىكەتنى باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن قاراۋۇلنى ئۆلتۈردى، ئارقىسىدىن كەلگەن يىگىتلەر گەممە ۋە چېدىرلارنى سىلاپ يۈرۈپ ئاۋۋال مىلتىق ئوغرىلاپ چىقتى، ئارقىدىنلا چېدىرنى كېسىپ يىقىتىپ، توقماق بىلەن گەممە ۋە چېدىرلاردىكى تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى ھەممە دە 20 دانە قارا مىلتىق ۋە بىر قارائاتنى قولغا چۈشۈردى. جاڭ گوخۇلا قېچىپ سىمپىخۇاچۇەن تەكشۈرۈش پونكىتىغا يېقىن جايدا تۇرغان كارۋانلارنىڭ تۆگىلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، تۇتۇلماي قېچىپ كەتتى...».

يەنە يۇقىرىقى كىتابنىڭ 1006-، 1007-بەتلىرىدە تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىلگەن:

«...1994-يىلى 9-ئايدا مەن (لىيۇ زىنشياۋ) قومۇلغابېرىپ شوپۇل ۋەقەسىنى تەكشۈرگەن چېغىمدا ھايرانلىق بىلەن شۇنى سەزدىمكى ئىلگىرىكى بايانلار بىلەن شاھىت كىشىلەرنىڭ بايانلىرى ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار ئىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي مەن قومۇل ناھىيەلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى بىر نەچچە يولداش 1991-يىلى9-ئاينىڭ 18-كۈنى تاماملىغان بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىنى قولغا چۈشۈردۈم. ئۇلار تەكشۈرۈش دوكلاتىدا مۇنداق شەرھلىگەن: ‹1931-يىل 4-ئايدا قومۇل ناھىيەسىدىكى تاشۇلىق، شوپۇل دېگەن جايلاردا دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەرگەنىدى. بۇ ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى

ۋە جەريانى ھەققىدە  ھەرخىل كىتاب ۋە ژورناللاردا يېزىلغان ماتېرىياللار بىردەك ئەمەس، كۆز قاراشلارمۇ ھەرخىل. شۇ سەۋەبتىن، بىز شوپۇلغا بېرىپ شۇ جايدىكى 70 ياشتىن ئاشقان بىر قىسىم ئەھۋالنى بىلىدىغان كىشىلەرنى تېپىپ بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبى ۋە جەريانىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۇق». 1994-يىلى 9-ئايدا، ليۇ زىشياۋ قومۇل مەمۇرى  مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قادىر ئابلىز بىلەن بىللە ئەينى يىللاردا قومۇل قوزغىلىڭىغا قاتناشقان ئىسھاقنىڭ ئوغلى ئابدۇۋەلى ئىسھاقنى زىيارەت قىلغان چاغدا، ئۇمۇ شۇ مەزمۇننى سۆزلەپ بەردى...».

قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ، دەم ئېلىشقا چىققان پىشقەدەم كادىر ھەم يازغۇچى فەنچېڭچۈي (范承渠) يازغان مۇھەممەت يۈسۈپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە  قىلىپ «قومۇل گېزىتى» نىڭ 1993-يىلى 12-ئاينىڭ 21-كۈنىدىكى سانىغابېسىلغان:«1931-يىلدىكى شوپۇل خەلق قوزغىلىڭىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىدا تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىلگەن:

«...1931-يىلى، قومۇل شەھرى (ناھىيە) شوپۇل يېزىسىدىكى قاراۋۇل(چازا-卡子) ئەمەلدارى جاڭ گوخۇ ئۇيغۇر قىزنى زورلۇق بىلەن خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغانلىقىدىن خەلق قوزغىلىڭى قوزغىلىپ تىزلىك بىلەن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا يامراپ، پۈتۈن شىنجاڭ قالايمىقانلىشىپ ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ شىنجاڭغا 10يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلدى .

شوپۇل قوزغىلىڭىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئۆتكەندە نۇرغۇن ئاشكارىلاشلار بولۇپ، ھەممىلا كىشى كۆپ گەپلەر قىلىشقان ئىدى. 1984-يىلى ۋىلايەتتىكى بىر قانچە يولداش شوپۇل يېزىسىغا  خىزمەتكە باردۇق. 70 ياشلاردىن ئاشقان بىر ئۇيغۇر ئاچىمىز بىلەن سەمىمى پاراڭلىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ 50 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا زورلۇق بىلەن خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغان ئاشۇ ئۇيغۇر قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق. بىز ھەيران قالغان ھالدا ئۇنى ئەينى يىللاردا شىنجاڭ بويىچە چوڭ داۋالغۇچ قوزغىغان ئۆتكەنكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق.

阿依斯汗 • 沙利（新）



مېنىڭ ئىسمىم ئايىسخان سالى. مېنىڭ دادام سالى مەمەتنىيازنى قومۇل ۋاڭى شوپۇلغا دورغا (ئەمەل نامى بولۇپ شياڭيۇ دەپ تەرجىمەقىلىشقا بولىدۇ) قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇ يەردە بىر قاراۋۇل بولۇپ قاراۋۇل ئەمەلدارىنى جاڭ ليەنجاڭ دەيتتۇق. ئۆلكە رەئىسى جىن شۇرېننىڭ يۇرتلىقى ئىكەن. ئۇھەمىشە ئۆيىمىزگە كېلىپ تۇراتتى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى مېنى خوتۇنلۇققا ئېلىشقائادەم قويۇشىدى، دادام دەرھال رەت قىلدى. جاڭ ليەنجاڭنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئادەم بوزەك قىلىپ، يولسىزلىق قىلىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ، ئۇ تەھدىت سېلىپ ئۇنىمىساموۇ ئۇنىتىدىغانلىقىنى، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن خوتۇنلۇققا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن يۇرتىمىزدىكى داڭلىق گۈزەل قىز بولۇپ،نۇرغۇن يىگىتلەر مېنى چۆگىلەپ، كۆڭلىنى بىلدۈرۈپ مېنى ئالغۇسى كەلگەندە مېنىڭ ئاتا-ئانام بۇ كىشىلەرنى لايىق كۆرمىگەنلىكتىن كەينىگە سۆرەپ كەلگەندى. جاڭليەنجاڭنىڭ مېنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغانلىقى ئاممىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئاماغەزەپكە كېلىپ دادامنىڭ غەزىپىنى ئاشۇردى.

بۇ چاغدا قومۇلنىڭ ياشانغان ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئۇزاق بولمىغان ئىدى. رەئىس جىن شۇرېننىڭ قومۇل ۋاڭىنىڭ ئوغلى نەزەرنىڭ ۋاڭلىق تەختىگە

www.kitaphumar.com

ۋارىسلىق قىلىشىغا يول قويماي، ۋاڭ تەيىنلىگەن ئەمەلدارلارنى پۈتۈنلەي ئىناۋەتسىز قىلىپ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت تەيىنلەشكە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن ئاراتۈرۈكتىكى ئالتەرايوننىڭ ھاكىم بېگى (رايون باشلىقىغا تەڭ كېلىدۇ) ئابدۇنىياز مىراپ دادامغا ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغانلىقىنى يەتكۈزۈپتۇ. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ نومدىكى گەنسۇلۇق كۆچمەنلەرگە يەرلىك كىشىلەرنىڭ پىششىق يەرلىرىنى بۆلۈپ بېرىپ، ئۇيغۇرلارنى باشقىدىن بوز يەر ئاچسۇن دەپ، ھازىر ئەمەلدارلار بىزنى بۇنىمۇ قىلدۇرمايۋاتىدۇ...قاتارلىق گەپلەرنى دەپتۇ. جاڭ لىيەنجاڭنىڭ مىنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغانلىقى ۋەقەسى دەل قوزغىلاڭنىڭ پىلتىسى بولۇپ قالدى.

مىنىڭ دادام بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى تەشكىللەپ، تاقابىل تۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىپ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن قاراۋۇلغا خەت يېزىپ ئۇنىڭ ‹توي› ئىشىغا ماقۇل بولغانلىقىنى بىلدۈردى. 4-ئاينىڭ 4-كۈنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە يېرىم كېچە بولغاندا جاڭ لىيەنجاڭ 32 ئەسكىرى بىلەن مىنى ئېلىپ كېتىشكە كەلدى. بۇ چاغدا مەن ئاللىقاچان يوشۇرۇنۇپ ئۆيدە مىنىڭ ئىزىمغا كۈچلۈك بىر يىگىت بېشىنى نىقابلاپ جاڭ لىيەنجاڭنى كۈتۈپ ئولتۇردى. بۇ چاغدا قاراۋۇل ئەمەلدارى خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي ئۆيگە كىرگەندە، يالغان كېلىن ئۇنىڭ بىلىدىن تۇتۇپ يەرگە بېسىۋالدى. يوشۇرۇنغان كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. مەست بولغان ئەسكەرلەر ئۆزىنى قوغداشقا ئۈلگۈرەلمەي ھەممىسى تۇتۇلۇپ شۇ كۈنى ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى.

ئىككىنچى كۈنى نوم، باي، ئازغان بۇلاق، تۇركۆل، قارىمۇقچا قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بىر كۈن ئىچىدىلا تەكشۈرۈش پونكىتى، باج قاراۋۇلخانىسىدىن 11 ئورۇن پۈتۈنلەي يىمىرىپ تاشلاندى.

بىللە كەلگەنلەردىن بىر يولداشىپىرىم ئەسىر بۇرۇنقى قوزغىلاڭنىڭ بىۋاستە ئالاقىدارى بۇ شاھىدىنى سۈرەتكەتارتىۋالدى. ئايىسخان 70 ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى قىياپىتىنى، قارا قاشلىق گۈزەل جامالىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتى...».

جېڭ چېڭجيا (郑成加) باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىلى 5-ئايدا نەشر قىلغان خەنزۇچە«قومۇل ۋاڭلىرى» (哈密回王) ناملىق كىتابنىڭ 318-ۋە 319-بەتلىرىدەتۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىلگەن:

«...1931-يىلى 2-ئاينىڭ 27-كۈنى شوپۇلدا سالى دورغىنىڭ تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى خادىملارنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئومۇميۈزلۈك قوزغىلاڭ پارتلايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا خەنزۇلار شوپۇلدا، ئۇيغۇرلار تاللىقتا ئولتۇراتتى. تاللىقتا 42 ئائىلە بار بولۇپ، بىر

قىسمى شىۋىۇلدىكى سۈي (崔) فامىلىلىك پومىچكىنىڭ يېرىنى ئىجارىگە تېرىسا، بىر قىسمى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. قومۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ بۇيەردىكى ئەمەلدارىنىڭ ئىسمى سالى ئىدى. سۈجە بۇلاقتا تەكشۈرۈش پونكىتى بار بولۇپ، باشلىقىنىڭ ئىسمى جاڭ گوخۇ ئىدى. بۇ پونكىتتا 15 نەپەر ئائىلىق، ئون نەپەر پىيادە ئەسكەر بار ئىدى. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارى سالى بىلەن تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ باشلىقى جاڭ گوخۇ دائىم ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن باردى-كەلدى قىلىپ تۇراتتى. بىر قېتىم جاڭ گوخۇ سالىنىڭ ئۆيىدە ھۆكۈمەت ئىشى توغرىلىق سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: ‹بىرىنچى مەن تەكشۈرۈش پونكىتىغا خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان شىۋىۇلدىن ئەسكەر ئېلىپ ئەسكەرلىرىمنى تولۇقلايمەن، ئىككىنچى سېنىڭ قىزىڭنى خوتۇنلۇققا ئالىمەن› دەيدۇ. سالىنىڭ مىجەزى چۈس، ئاچچىقى يامان ئادەم بولغاچقا جاڭ گوخۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ قالىدۇ. كېيىن سالىنىڭ ئايالىنىڭ توسۇشى بىلەن ئۇلار بېسىلىشىپ قالىدۇ.

سالىنىڭ تۆت قىزى بار بولۇپ، چوڭ قىزىنىڭ ئىسمى ئايىسخان، ئىككىنچى قىزىنىڭ ئىسمى مايىسخان، ئۈچىنچى قىزىنىڭ ئىسمى لەيلىخان، تۆتىنچى قىزىنىڭ ئىسمى گۆھەرخان بولۇپ چىرايلىق قىزلار ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا چوڭ قىزى بىلەن ئىككىنچى قىزى ياتلىق بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۈچىنچى قىزى ئون نەچچە ياش، تۆتىنچى قىزى يەتتە ياش ئىدى. جاڭ گوخۇنىڭ سالىنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئېلىش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىدى. سالى دىنىي ئېتىقاد، مىللەت ئوخشىماسلىق سەۋەبلىك جاڭ گوخۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. جاڭ گوخۇ گەنسۇلۇق بولۇپ قومۇلدا تۇرۇۋاتقان ھەربىي قىسىمنىڭ باشلىقى ليۇ شىزېڭ (刘希曾) نىڭ يۇرتدىشى ئىدى. ئۇ ھەربىي ھوقۇقىغا تايىنىپ خەلقنىڭ قېنىنى شوراپتى. ئالمىشىپ تۇرۇۋدىغان ئەمەلدار قويۇش تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ 100 مودىن ئارتۇق پىششىق يەرنى ئىگىلىۋالغاچقا ئۇيغۇر دېھقانلار جاڭ گوخۇغا چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەن ئىدى. جاڭ گوخۇ سالىنىڭ ئۆيىدىن كېتىشىدە ئۇنىڭ كەينىدىن: ‹سەن قىزىڭنى خوتۇنلۇققا ئالىمەن دېيدىكەنسەن كاللاڭنى ئالىمەن. ئەگەر كاللاڭنى ئالمىسام سالى بولماي كېتەي› دەپ قەسەم قىلىدۇ. سالى كۆپچىلىككە مۇنداق دەيدۇ: ‹جاڭگوخۇ ئەسكەرلىككە ئادەم ئېلىپ تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ ئەسكەر سانىنى تولۇقلىماقچى ئىكەن، ئۇ يەنە مېنىڭ قىزىمنى مەجبۇرى خوتۇنلۇققا ئالىمەن داۋاتىدۇ. بىزنىڭ كۈن كەچۈرگۈچىلىكىمىز قالمىدى. ئەمدى بىزنىڭ بىردىن-بىر چىقىش يولىمىز ئۇلارنى (جاڭگوخۇ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى) جايلىۋېتىشتىن ئىبارەت›. سالى جاڭ گوخۇغا

تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن نومدىكى سالى دورغا ۋە تۆركۆلدىكى باقىنىياز دورغا قاتارلىقلارغا خەت يېزىپ، ئۇلار تاللىقتا كەلسە مەخپىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى مەسلىھەتلىشىدۇ. بىراق قورال-ياراق كەمچىل بولغاچقا ئالدى بىلەن ئابدۇنىياز مىراپنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى قارار قىلىدۇ. ئابدۇنىياز مىراپ قومۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ شەرقى تاغدا تۇرۇشقا تەيىنلەنگەن ئۈچ بېگى بولۇپ، ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنىگە قوماندانلىق قىلىپ تۇخۇلۇدا تۇراتتى. بۇ ئادەمنىڭ ئاما ئارىسىدا ئىناۋىتى بارئىدى. سالى قاتارلىق ئۈچ ئادەم كېچىچە يول يۈرۈپ تۇخۇلۇغا كېلىپ، ئابدۇنىياز مىراپ قاتارلىق ئون نەچچە نەپەر قومۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى توقسۇن قورمالنىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. ئۇلار بىردەك جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ‹مەمۇريي تۈزۈم بويىچە ئۆزگەرتىش› سىياسىي ئىسلاھاتى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى قاتتىق بىزار قىلىدى. جىن شۇرېننىڭ زۇلمى قومۇل ۋاڭىنىڭ زۇلمىدىن ئېشىپ كەتتى. ئەگەر مۇشۇ پۇرسەتتە قوزغىلاڭ كۆتەرسەك چوقۇم ئۇيغۇرلار ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىمىز. ئابدۇنىياز مىراپمۇ قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سالى دورغا يەنە سۆجە، قارىمۇقچا قاتارلىق جايلاردىكى مەلۇم تەسىرى بار كىشىلەر بىلەن مەخپىي يىغىن ئېچىپ مەسلىھەتلىشىپ ئۇلارنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. بارلىق تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، تەخمىنەن 4-ئاينىڭ 20-كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئاممىسى تاللىقتا توپلىنىپ، ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن سالى دورغا 40 نەپەر خىللانغان چەۋەندازنى تاللايدۇ. ئۇلار قوللىرىغا بۆرە چىشلىق كالتەكنى ئېلىپ سۆجى بۇلاققا بېرىپ تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. ئاتلىق يىگىتلەر سالى دورغىنىڭ باشچىلىقىدا تاغلىق يولدا ئاتلىق ئىككى سائەت ئىچىدە 50 چاقىرىم يولىيۈرۈپ، سۆجى بۇلاققا يېتىپ بارىدۇ. بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ ئەتراپتىكى ھېچنىمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى ئەسكەرلەردىن بىر قىسمى چېدىردا، بىر قىسمى گەمىدە بولۇپ، ھەممىسى ئۇخلاپ كەتكەن ئىدى. سالى دورغا يىگىتلەرنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، چېدىر ۋە گەمە ئەتراپىغا بۆكتۈرۈپ قويىدۇ. ئاندىن ئىككى نەپەر يىگىتتىن بىرى پوسنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ يەرگە باسىدۇ. يەنە بىرى توقماق بىلەن پوسنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. ئارقىدىن ئىككى گۇرۇپپا يىگىت ھەرىكەتكە كېلىپ چېدىر ۋە گەمىدىكى ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ...».

ما داجېڭ (马大正) بىلەن شۈ جيەنيىڭ (许建英) بىرلىشىپ يازغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007-يىلى 4-ئايدا نەشىر (1-نەشرى) قىلغان ««شەرقىي تۈركىستان

دۆلىتى› خام خىيالىنىڭ بەربات بولۇشى» ناملىق كىتابىنىڭ 79-بېتىدە تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىلگەن:

«...1931-يىلى 2-ئايدا قومۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ ئوفىتسېرى مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە قارىماي پۇقرانىڭ قىزىنى مەجبۇرى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇپ، ئاقىۋەتتە پۈتۈن شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەن ‹شوپۇل ۋەقەسى› نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شوپۇل قومۇلنىڭ شەرقىدىكى تاشقىرى يېزىسىدىكى بىر كىچىك بازار بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقانىدى. بۇ بازاردا بىر پەي قوشۇن بولۇپ، پەيجاڭ جاڭ گوخۇجىن شۇرىن بىلەن يۇرتداش ئىكەنلىكىگە تايىنىپ، زورلۇق بىلەن يەر ئىگىلەپ، پۇقرانى بوزەك قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالماي يەرلىك خەلقنىڭ قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. مۇشۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇ مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىغا قارىماي، بۇ بازاردىكى سالى دورغىنىڭ قىزىنى مەجبۇرى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن سالى دورغا قىزىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن يېقىن-يورۇقلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا يالغاندىن ماقۇللۇق بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەم يىغىپ قىز كۆچۈرگىلى كەلگەندە ئۇنىڭغا قول سالماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن 1931-يىلى 2-ئاينىڭ 27-كۈنى جاڭ گوخۇ قىز كۆچۈرگىلى كەلگەندە يالغاندىن قارشى ئالغان بولۇپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى غەرق مەست قىلىۋەتتى. كەيپ بولغان جاڭ گوخۇ قىزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندە كېلىن سىياقىدا ياسىنىۋالغان ئەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ 32 نەپەر ئەسكىرىمۇ شۇ ھامان يوقىتىلدى...».

بىز يۇقىرىقى مەلۇماتلارنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، 2001-يىلى 1-ئاينىڭ 30-كۈنى قومۇل شەھىرى تاشقىرى يېزىسى خوتۇنتام كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق 90ياشلىق مايىسخان ئانا (سالى دورغىنىڭ 2-قىزى) بىلەن سۆھبەتلەشتۇق مايىسخان ئانىنىڭ يېشى 90 دە بولسىمۇ زېھنى ئوچۇق، خاتىرىسى جايىدا ئىدى. بىز مايىسخان ئانىغامەقسىتىمىزنى دېيىدۇق خوشال بولغان ھالدا 1931-يىلى ئەتىيازدا پارتىلىغان قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ پىلتىسى بولغان شوپۇل خەلق قوزغىلىڭى توغرىسىدا ئۆزبىلىدىغان ئەھۋاللارنى تەپسىلى سۆزلەپ بەردى:

«مېنىڭ ئىسمىم مايىسخان، بۇ يىل 90 ياشقا كىردىم. مەن قومۇل ئون ئىككى تاغنىڭ بىرى شوپۇللۇق سالى مەمەتنىيازنىڭ ئىككىنچى قىزى بولۇمەن. دادام قومۇل ۋاڭى شا مەخسۇت دەۋرى (1882-1930) نىڭ ئاخىرقى يىللىرى شوپۇلنىڭ دورغىسى بولغان ئىكەن. ئانامنىڭ ئىسمى نىيازخان①. بىز بىر ئاتا، بىر ئانىدىن تۆت قىز،ئىككى ئوغۇل

بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە (چوڭدىن كىچىككىچە قاراپ تىزىلدى): ئايىسخان، مايىسخان (مەن)، ھاپىز ئاخۇن②، لەيلىخان③، گۆھەرخان ۋە سەدەن④ ئاخۇنلاردىن ئىبارەت. ھازىر مەن ۋە گۆھەرخان⑤ دىن باشقا قېرىنداشلار ۋاپات بولۇپ كەتتى.

1930-يىلى 6-ئايدا قومۇل ۋاڭى شاھمەخسۇت 81 يېشىدا ۋاپات بولدى. ۋاڭنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، قومۇلنىڭ ۋەزىيىتى كۈندىن-كۈنگە جىددىيلىشىپ، ئاخىرى 1931-يىلى ئەتىيازدا قومۇل خەلقىنىڭ جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كەڭ-كۆلەملىك دېھقانلار ئىنقىلابىي پارتلايدۇ. بۇ ئىنقىلاب ئەڭ دەسلەپ بىزنىڭ يۇرت شوپۇلدىن باشلاندى. بۇ ئىنقىلابنى باشلىغان كىشى دەل مېنىڭ دادام سالى دورغا ئىدى. شوپۇل قوزغىلىڭىنىڭ پارتلاش جەريانى تۆۋەندىكىچە:

1931-يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جىن شۇرېننىڭ يۇرتدىشى جاڭ گوخۇ شوپۇل قاراۋۇلى (چازا-卡子) غا باشلىق بولۇپ كېلىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي جاڭ گوخۇ بىزنىڭ ئۆيگە كىلىپ ھۆكۈمەت ئىشى ئۈستىدە دادام بىلەن پاراڭلىشىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئۇ ئاچامنى ۋە مېنى كۆرۈپ كۆزى قىزىرىپ، دادامغا:‹مەن بىزنىڭ قورۇلغا ئەسكەر ئالىمەن، ئۇيغۇرلاردىنمۇ ئەسكەرلىككە ئادەم ئالىمەن، قىزىڭنى ۋە كۈيۆ ئوغلۇڭنىمۇ ئەسكەرلىككە ئالىمەن› دېيتۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئاچام ۋە مەن ياتلىق بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئاچامنىڭ يولدىشىنىڭ ئىسمى شوپۇللۇق شانىياز شېرىپ⑥،مېنىڭ يولدۇشۇمنىڭ ئىسمى خوتۇن تاملىق ياقۇپ سوپى⑦ ئىدى. بىر قېتىم دادام ئۆيدە جاڭگوخۇ بىلەن تاكاللىشىپ شىرەنى مۇشلىشىپ كەتتى. جاڭ گوخۇ كەتكەندىن كېيىن دادام بىزگە: ‹دەرھال ئۆيلىرىڭلارغا كېتىڭلار، بۇ جىسا (جاڭ گوخۇ) نىڭ نىيىتى باشقىچە تۇرىدۇ. ئۇ يەنىلا قىزىڭ بىلەن كۈيئوغلۇڭنى ئەسكەرلىككە بېرىسەن دەپ ئەسكىلىك قىلىۋاتىدۇ› دېدى. ئۇ چاغدا بىز ئەر-ئايال شوپۇلغا دادىلارنى يوقلاپ بارغان ئىدۇق. كېيىن بىلدىمكى جاڭ گوخۇ ئاچامغا كۆزى قىزارغان ئىكەن. چۈنكى ئاچاملارنىڭ ئۆيى شوپۇلدا بولۇپ، دادىلارنىڭ ئۆيىگە دائىم كېلىپ تۇرغاچقا جاڭ گوخۇنىڭ ئاچامغا كۆزى قىزىرىپ، ئاچام بىلەن يولدىشى شانىياز ئاكامنى ئەسكەر قىلىش باھانىسى بىلەن شانىياز ئاكام بىلەن ئاچامنى بىرەر باھانە تېپىپ بىر-بىرىدىن ئايرىپ تاشلاپ ئاچامنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى ئىكەن. بىز ئەينى ۋاقىتتا شوپۇل بويىچە ئەڭ گۈزەل قىزلاردىن ئىدۇق. ئىككى سىڭلىم تېخى يېشى كىچىك بولغاچقا ئۆيدە ئىدى. مەن يولدىشىم بىلەن خوتۇنتامغا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي شوپۇلدا قوزغىلاڭ پارتلىدى. كېيىن دادام ۋە ئاپامدىن ئاڭلىسام، دادام جاڭ گوخۇنىڭ تەلىپىنى قايتا-قايتا رەت قىلغان بولسىمۇ ئۇ يەنىلا جاھىللىق قىلىپ: ‹قىزىڭنى

www.kitaphumar.com

ۋە كۆيئوغلۇڭنى قاچۇرىۋېتىپسەن، مۇشۇبىر نەچچە كۈن ئىچىدە نەدىن بولمىسۇن تېپىپ كېلىسەن› دەپ دادامنى قىستىغاندىن كېيىن، دادام دەرغەزەپكە كېلىپ ئاخىرى: ‹مەن جاڭ گوخۇ دېگەن ئەبلەخنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى ئىچمىسەم سالى بولماي كېتەي› دەپ زالىم، جازانىخور، بۇلاڭچى جاڭ گوخۇنى جازالاش قارارىغا كېلىپ، يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، جاڭ گوخۇدەك زوراۋان ئەبلەخلەرنى يوقىتىشنى پىلانلاۋاتقان كۈنلەر ئىكەن. ئاخىر دادام يۇرت چوڭلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ جاڭ گوخۇدىن ئىلگىرى ھەرىكەتكە كېلىپ، خىللانغان يىگىتلەرنى باشلاپ كېچىدە جاڭ گوخۇلار تۇرۇۋاتقان قاراۋۇلخانىغا باستۇرۇپ بېرىپ، جاڭ گوخۇباشلىق بارلىق ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىپ ئالغان ئىكەن. دادامنىڭ ئېيتىشىچە چېرىكلەردىن بىرىمۇ ئامان قالمىغان. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەن 1931-يىلى ئەتىيازدىكى قومۇل خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كەڭ-كۆلەملىك دېھقانلار ئىنقىلابىي باشلىنىپ كېتىدۇ. قومۇل دىيارىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار توغرىلىق ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان ماقالىلار يېزىلىپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىندى. مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى (1923-1995) مۇشۇ قومۇل قوزغىلىڭى توغرىلىق مەخسۇس: ‹ئويغانغان زېمىن› ناملىق ئىككى كىتاب يازدى. مەن قومۇلدىكى ئۇرۇشلار توغرىلىق قايتا توختالمايمەن.

ئۇرۇش ئۇدا داۋاملىشىپ 1933-يىلىغا كەلگەندە، قومۇلدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن 3-ئايدا خوجىنىياز ھاجى (1889-1942) نىڭ قوماندانلىقىدا تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى مەخسۇت باي (مەخسۇت مۇھىتى،1885-1933) نىڭ تەكلىپى بىلەن تۇرپان-پىچانلارغا بېرىپ ئۇرۇش قىلدى. تۇرپاندىكى بىر قېتىملىق قوشۇننى تەرتىپكە سېلىشتا ماموت بىلەن[8]. دادام بىلەن پازىل دارغا(1896-1942) بىرىگادا كوماندىرى (لۈيجاڭ-旅长) بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. 1933-يىلى 6-ئايغا كەلگەندە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئارىغا كىرىپ كېلىشتۈرۈشى بىلەن 6-ئاينىڭ 4-كۈنى جاللات شېڭشىسەي (1897-1970) بىلەن خوجىنىياز ھاجى، ماموت باي ئوتتۇرىسىدا 10 ماددىلىق«جىمسار كېلىشىمى» ئىمزالىنىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇن خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماموتباينىڭ قوماندانلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىدۇ. 1934-يىلى 8-ئايغا كەلگەندە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئارىغا كىرىپ كېلىشتۈرۈشى بىلەن خوجىنىياز ھاجى شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ماموت باي قەشقەر كارىزۇننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، قوشۇمچە قومۇل-تۇرپان قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئاساسىدا

تەشكىللەنگەن 6 ـ دىۋىيەنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. دادام دەسلەپ 6 ـ دىۋىزىيە بىرىنچى بىرىگادا (لۈي) نىڭ كوماندىرلىقىغا، كېيىن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

دادام ئاقسۇغا ۋالىي بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، 1934 ـ يىلى 11 ـ ئايدا دادامدىن ئاپام ۋە بىز باللارنى: ‹ئاقسۇغا كېلىڭلار› دېگەن مەزمۇندا خەت كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپام، ئاچام (ئايىسخان)، مەن (مايىسخان)، ھاپىز ئاخۇن، لەيلىخان، گۆھەرخان، سەدەن ئاخۇن، خەلچىخان (دادامنىڭ ئادىيۇتانت‹فۇگۇەن› تى تالىپ ئاخۇننىڭ ئايالى)، ئىمەر (تالىپ ئاخۇننىڭ ئوغلى)، تۇردىيا (سىڭلىم لەيلىخاننىڭ يولدىشى)، سالى⑨ قاتارلىق كىشىلەر شوپۇل ۋە خوتۇنتامدىن ئاتلىق قومۇل شەھرىگە كەلدۇق. ئاچامنىڭ يولدىشى بىلەن مېنىڭ يولدۇشىم ئۆيلەرگە قاراپ قومۇلدا قالدى. بىز قومۇلدا 20 كۈن تۇرغاندىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى ئۇرۇمچىدىن قومۇلغا ماشىنا ئەۋەتتى. بىز ماشىنىلىق يولغا چىقتۇق. ئۇ ۋاقىتتا ئىسمائىل داتۇنىڭ قىزى ئايىمخان ئىسمائىل⑩ نىڭ توپى بولغان ئىدى. ئۇلارمۇ بىز بىلەن بىر ماشىنىدا ماڭدى. بىز قوشتېكەندە بىر كۈن تۇرۇپ يەنە يولغا چىقىپ تۇرپانغا بارغاندا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۇكىسى يارى قارى (1906ـ1942) نىڭ ئۆيىدە 20كۈن تۇرغاندىن كېيىن، بىز ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتۇق، ئايىمخانلار باشقا ماشىنابىلەن ئۇرۇمچىگە ماڭدى. بىز كۇچادا بەش ـ ئالتە كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئاقسۇغا بېرىپ دادام بىلەن دىدارلاشتۇق. بىز ئاقسۇدا دادام بىلەن بىللە خۇشال ـ خورام ئۈچ يىل تۇرمۇش كۆچۈردۇق.

1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جاللات شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنى قولغائالغاندا، داداممۇ شۇ قاتاردا جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدى. دادامنى قولغا ئالغان ئادەمنىڭ ئىسمى ئىسمائىل بولۇپ، بۇ ئادەم شۇ ۋاقىتتا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. كىشىلەر ئادەتتە بۇ ئادەمنى: «ئىسمائىل جوڭجاڭ» دەپ ئاتايتتى. بۇ ئادەم تۇرپانلىق بولۇپ، ئايالى تاشكەنتلىك ئىدى. كېيىن شىڭ شىسەي ئىسمائىلنىمۇ قولغا ئېلىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى. دادام قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ساقچىلار ئۆيىمىزنى ئاختۇرۇپ دادامنىڭ ساندۇقتىكى يان قورالى(تاپانچا) ئېلىپ كەتتى.

دادام قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، مەن ھەپتىدە بىر قېتىم تۈرمىگە دادامغا تاماق توشۇپ تۇردۇم. چېرىكلەر بىزگە: ‹قەرزىڭلەربار، قەرزنى تۆلەڭلەر› دەپ قىستىغىلى تۇردى. مەن دادامغا تاماق ئېلىپ بارغاندا، ئەھۋالنى دېۋىدىم، دادام: ‹ئېغىلدىكى يوغان

www.kitaphumar.com

ئىشەكنى بىرنىڭىزلەر، ئىشەكنى بەرسىڭىزلەرئاندىن چىرىكلەر سىزلەرنى قىستىمايدۇ، دېدى. بىز دادامنىڭ دېگىنى بويىچە ئىغىلدىكى يوغان ئىشەكنى بېرىۋىدۇق دېگەندەك چېرىكلەرگە قايتا قەرز تۇتۇپ كەلمەيدىغان بولدى. كېيىن دادامنى ئاقسۇتۇرمىسىدىن ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە يۆتكەپ كەتتى. 1942-يىلى جاللات شېڭ شىسەي دادامنى خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن بىللە ستالىن (1879-1953) نىڭ تەستىقى بىلەن ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇ ۋاقىتتا دادام 55 ياشتا ئىدى.

دادامنى ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە يۆتكەپ كەتكەندىن كېيىن، بىز ھەممىمىز قومۇلغا قايتماقچى بولۇپ، بىز بىلەن بىللە ئاقسۇغا بارغان سالى(تاشارلىق) ئۈچ ئات قوشۇلغان تۆمۈر ھارۋىغا بىزنى ئولتۇغۇزۇپ ئىلگىرى ماشىنىلىق ماڭغان يول بىلەن بىر يېرىم ئايدا قومۇلغا قايتىپ كەلدۇق» دەپ سۆزىنى تۈگەتتى.

مەن (ئابلىمىت ئابدۇللا) 2001-يىلى 4-ئاينىڭ4-كۈنى ئۈرۈمچىگە چىققاندا پولكوۋنىك سوپاخۇن سۇۋۇروف(11) بىلەن مەخسۇس شوپۇل خەلق قوزغىلىڭى توغرىلىق سۆھبەتلەشتىم. پولكوۋنىك سوپاخۇن بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

«...1936-يىلى 5-ئايدا بىز قومۇل شەھەر ئىچىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ(12) تە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا، گومىنداڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى 9-شۆبىسىگەئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، بىز مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن ئابلىز ئەيسا (14)، مۇھەممەت سالى(15)، ھەسەن سوپى(15)، ئىساق پەرىشا(16)، يەنە ئۈچ نەپەر خەنزۇ ئوقۇغۇچى بولۇپ سەككىز نەپەر ئوقۇغۇچى ئۈرۈمچىگە ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا چىقتۇق. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، 1937-يىلى 4-ئايدا قەشقەردە تورۇشلۇق 6-دىۋىزىيەنىڭ كوماندىرى مەھمۇد مۇھىتى بىر قىسىم يېقىن ئادەملىرى بىلەن ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا 6-دىۋىزىيەنىڭ شتاب باشلىقى 27 ياشلىق ئابدۇنىياز كامال (1910-1937) 6-دىۋىزىيەنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، ما جۇڭيىڭ (马仲英، 1909-1940) نىڭ خوتەنگەئورۇنلاشقان 36-دىۋىزىيەنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى ماخۇسەن (17) بىلەن بىرلىكتە شېڭ شىسەي قىسىملىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىن قوغلاپ كۇچاغا يېتىپ كېلىدۇ. ئابدۇنىياز كامال، ماخۇسەن بىرلەشمە ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن جاللات شېڭ شىسەي سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزگە ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. بىز بۇيرۇق بىلەن كۇچا، ئاقسۇلاردا ئابدۇنىياز كامال، ماخۇسەن قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق.

ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، بىز ئاقسۇدا دەم ئالدۇق. بۇ ۋاقىتتا سالى دورغا ئاقسۇنىڭ ۋالىسى ئىكەن. بىز قومۇللۇق ساۋاقداشلار سالى دورغىنىڭ ئۆيىگە بىر قانچە قېتىم بېرىپ سۆھبەتتە بولدۇق، بىر قېتىملىق سۆھبەتتە سالى دورغا بىزگە قومۇل شوپۇل خەلق قوزغىلىڭىنىڭ جەريانىنى تەپسىلى سۆزلەپ بەردى. 1986 ـ يىلى مەن سالى دورغىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى رەتلەپ قومۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمەت كومىتېتىغائەۋەتىپ بەرگەن ئىدىم. مېنىڭ بۇ ماقالەم ‹قومۇل شەھىرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى›نىڭ 1 ـ قىسمىغا بېسىلدى. كېيىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە، قاراۋۇل ئەمەلدارى جاڭ گوخۇزورلۇق بىلەن خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغان قىز ئابدۇللا ئاخۇننىڭ قىزى گۈلخان بولماستىن، سالى دورغىنىڭ ئۆزىنىڭ قىزى ئىكەن. ئەينى ۋاقىتتا سالى دورغا جاڭ گوخۇزورلۇق بىلەن خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغان قىز مېنىڭ قىزىم ئىدى دېيىشنى هار بىلىپ(بىئەپ كۆرۈپ)، ئابدۇللا ئاخۇننىڭ قىزى دېگەن ئىكەن.

2002 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مەن(ئابلىمىت ئابدۇللا)، ئەسەت سۇلايمان(18)، ئابلىز ئۇرخۇن(19)، سەمەت ئەسرا(20)،ئىسكەندەر سەمەت(21) قاتارلىقلاربىلەن بىللە مەرھۇم سەيدۇللا سەيپۇللايوف (1918-2002) نىڭ ئۆيىگە بارغىنىمىزدا ئۇبىزگە مۇنداق دېگەنىدى:

«مەن 1958 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن قومۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولۇپ، قومۇلدا خىزمەت قىلدىم. 1962 ـ يىلى بىر قېتىم خىزمەت بىلەن شوپۇلغا بارغىنىمدا 62 ياشلىق (ئىسمى ئىسىمدە قالماپتۇ) بىر كىشى بىلەن سۆھبەتلەشتىم. مەن ئۇ كىشىدىن 1931 ـ يىلى ئەتىيازدا پارتىلىغان شوپۇل خەلق قوزغىلىڭىنىڭ جەريانىنى سورىغان ئىدىم. ئۇ كىشى مۇنداق دېدى: ‹1931 ـ يىلى ئەتىيازدا مەن شوپۇلدا ئىدىم. قاراۋۇل ئەمەلدارى جاڭ گوخۇنىڭ سالى دورغىنىڭ قىزىنى (قايسى قىزى ئىكەنلىكى ماڭا نامەلۇم) مەجبۇرى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغان ئىكەن. سالى دورغا ئۆز يېقىنلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، جاڭ گوخۇتۇرۇشلۇق قاراۋۇلغا كېچىدە باستۇرۇپ بېرىپ جاڭ گوخۇ باشلىق بارلىق چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قۇراللىرىنى تارتىپ ئېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ باشلىنىپ كەتتى. بىراق سالى دورغا جاڭ گوخۇ ئۆچۈن ياللىغاندىن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئەھۋالنى ئاڭلىمىدۇق› دېگەنىدى. مەرھۇم سەيدۇللا سەيپۇللايوف سۆھبەتلەشكەن كىشىنىڭ بايانى بىلەن مايسخان ئانىنىڭ بايانى ئوخشاش.

1931 ـ يىلى ئەتىيازدا شوپۇل خەلق قوزغىلىڭى پارتلاش هارپىسىدا،سالى دورغا

قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن جاڭ گوخۇغا قىزىنى يالغاندىن بېرىشكە رازى بولۇپ تۇيۇقسىز مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەرگەنمۇ ياكى يوق؟ بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالداتەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

جاڭ گوخۇ شىۋىۋلدا سالى دورغا باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنمۇ ياكى قېچىپ كەتكەنمۇ؟ دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، ئايىسخان ئانا بىلەن مايىسخان ئانىلارنىڭ بايانلىرىدا جاڭ گوخۇنىڭ شىۋىۋلدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بايان قىلىنغان. سالى دورغا ئاقسۇدا پولكوۋنىك سىۋياخۇن سۇۋۋۇروفقاجاڭ گوخۇنىڭ نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بايان قىلغان. «قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى»، خەنزۇچە «قومۇل ۋاقىئلىرى»، «‹شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى› خام خىيالىنىڭ بەربات بولۇشى»، «قومۇل گېزىتى»، «قومۇل شەھىرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ناملىق كىتابلاردىمۇ: «بارلىق چېرىكلەر ئۆلتۈرۈلدى» دېيىلگەن. بىرەر چېرىكنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى توغرىلىق مەلۇمات بېرىلمىگەن. مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ تارىخىي رومانى «ئويغانغان زېمىن» دىمۇ جاڭ گوخۇنىڭ نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بايان قىلىنغان. مايىسخان ئانا دېگەندەك مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمىنى يېزىشتىن ئىلگىرى، شىۋىۋلغا بىر قانچە قېتىم چىقىپ ئايىسخان ئانا بىلەن سۆھبەتلەشكەن. ئەگەر «قومۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، «ئۇيغۇر تارىخىي» (2-قىسىم) بىلەن «ئاراتۈرۈك تارىخ ماتېرىياللىرى» دا بايان قىلىنغاندەك جاڭ گوخۇ راستىنلا قېچىپ كەتكەن بولسا، ئۇ كېيىن قەيەردە ياشىدى؟ قانداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى؟ قەيەردە ئۆلدى؟ ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتى توغرىلىق ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ئىلگىرى بىر قاراۋۇل ئەمەلدارى بولغان ئەسكەر باشلىقى شىۋىۋلدىن قېچىپ باركۆلگە كېتىش بىلەن ئىز-دېرەكسىز غايىپ بولۇپ كەتتىمۇ؟ ئەگەر سالى دورغىنىڭ پولكوۋنىك سىۋياخۇن سۇۋۋۇروفقا، ئايىسخان ئانىنىڭ فەن چىڭچۈي باشلىق كادىرلارغا ۋە مايىسخان ئانىنىڭ بىزگە جاڭ گوخۇنىڭ نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئاغزاكى مەلۇماتلار ھەمدە: «قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى» بىلەن «قومۇل ئۇيغۇر ۋاقىئلىرى»، «قومۇل گېزىتى»، «‹شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى› خام خىيالىنىڭ بەربات بولۇشى» ناملىق كىتاب ۋە گېزىتلەردىكى مەلۇماتلار يالغان بولۇپ: «قومۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى»،«ئاراتۈرۈك تارىخ ماتېرىياللىرى» ۋە «ئۇيغۇر تارىخىي» ناملىق كىتابلاردىكى مەلۇماتلار توغرا بولۇپ، جاڭ گوخۇ راستىنلا قېچىپ كەتكەن بولسا، ئەگەر بۇ مەلۇماتلارنى توغرا دېگۈچىلەر، كىتابخانىلارنى قايىل قىلارلىق پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويالىسا، بىز ئۇلار بىلەن ئۇرتاقلىشىشنى خالايمىز.

ئەمدى ئابدۇراخمان ۋەلى قاتارلىق ئۈچ يولداشنىڭ 1991-يىلى 4-ئايدا 1931-يىلىدىكى شوپۇل ۋەقەسىنى تەكشۈرۈش مەسىلىسىگە كەلسەك:

«قومۇل ناھىيەسى تەزكىرىسى» قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە، قومۇل ناھىيەلىك پارتكوم، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمەتىنىڭ (1984-يىلى 5-ئايداقومۇل ناھىيەسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قومۇل شەھەرگە قوشۇۋېتىلگەن)، كېيىن قومۇل شەھەرلىك پارتكوم بىلەن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، يولداش ئابدۇراخمان ۋەلى (1929-2007) مۇدىرلىقىدىكى تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى يولداشلارنىڭ يەتتە يىلدىن ئارتۇق باش چۆكۈرۈپ ئىشلەش ئارقىسىدا، قايتا-قايتا تەكشۈرۈش، تۈزىتىشلەردىن ئۆتۈپ، ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى بىلەن، 1990-يىلى 3-ئايدا نەشىردىن چىققان، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى تۈزۈلگەن تارىخ تەزكىرىسى بولۇپ، تەغدىرلەشكە ئېرىشكەن تۇرۇپ، يەنە ئابدۇراخمان ۋەلى قانداقسىغا 1991-يىلى 4-ئايدا «قومۇل شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى» نىڭ نامىداشوپۇل ۋەقەسىنى قايتا تەكشۈرۈپ قالغاندۇ؟ ئەگەر بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش پۈت تىرەپ تۇرالىسا، ئابدۇراخمان ۋەلى «قومۇل شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى» غا، قومۇل شەھەرلىك پاتكوم ۋە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەزكىرىنىڭ ئاشۇ قىسمىنى تۈزۈتىش ھەققىدە بىرەر دوكلات يازمىغانمىدۇ؟ بۇ ئىشلار كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرماي قالمايدۇ.

## ئىزاھەتلەر:

① نىيازخان 1963-يىلى73 يېشىدا قومۇل شەھرىنىڭ تاشۋېلىق يېزىسى شوپۇل كەنتىدە ۋاپات بولغان.

② ھاپىز ئاخۇن 1998-يىلى 8-ئايدا 86 يېشىدا شوپۇلدا ۋاپات بولغان.

③ لەيلىخان 1997-يىلى 8-ئايدا 77 يېشىدا شوپۇلدا ۋاپات بولغان.

④ سەدەن ئاخۇن 1999-يىلى 2-ئاينىڭ 3-كۈنى 72 يېشىدا تاشۋېلىقيېزىسى شوپۇل كەنتىدە ۋاپات بولغان.

⑤ ماقالىنى يېزىۋاتقاندا گۆھەرخان ھايات ئىدى. ئۇ 2004-يىلى1-ئاينىڭ 4-كۈنى (يەكشەنبە) 78 يېشىدا شوپۇلدا ۋاپات بولغان.

⑥ شانىيازشېرىپ 1981-يىلى 7-ئاينىڭ 8-كۈنى 76 يېشىدا شوپۇلدا ۋاپات بولغان.

www.kitaphumar.com

⑦ ياقۇپ سوپى(ياقۇپ باۋجاڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) گومىنداڭ دەۋرىدە خوتۇنتامغا تولتۇن بېگى (باۋجاڭ-保长) بولغان. 1953-يىلى 44 يېشىدا قومۇل شەھرىنىڭ تاشۋېلىق يېزىسى خوتۇنتام كەنتىدە ۋاپات بولغان.

⑧ مەھمۇت باي (مەھمۇدمۇھتى، مەھمۇت شىجاڭ‹师长› دەپمۇئاتىلىدۇ)، 1945-يىلى 58 يېشىدا بېيجىڭدا ۋاپاتبولغان.

⑨ سالى قومۇل تاشارلىق بولۇپ، سالى دورغىلار بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغان، كېيىن سالى دورغا باللىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن قومۇلغا ئەۋەتكەن.

⑩ ئايىمخان ئىسمائىل (ئىسمائىل داتۇنىڭ قىزى) 1935-يىلىدىن1937-يىلىغىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان،1949-يىلىدىن كېيىن قومۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان يۇنۇس ئىمىنوف (1916-1986) نىڭ ئايالى، 2003-يىلى 2-ئاينىڭ 12-كۈنى 84 يېشىدا قومۇل شەھرىدە ۋاپات بولغان.

⑪ سوپاخۇن سوۋۇروف قومۇل شەھرىنىڭ ئاستانە بازىرى ئوردا كارىز كەنتىنىڭ ئۇدۇلۇك مەھەللىسى (5-ئەترەت) دىن 2001-يىلى12-ئاينىڭ 17-كۈنى 87 يېشىدا ئۇرۇمچىدە ۋاپات بولغان.

⑫ بۇ مەكتەپ 2003-يىلىدىن ئىلگىرى «قومۇل شەھەرلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپ» دەپ ئاتىلاتتى. 2003-يىلى 9-ئايدا قومۇل شەھەرلىك 2-باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن بىرلىشىپ «قومۇل لۇنىڭ ئۇمىد مەكتەپ» كە ئۆزگەرتىلدى.

⑬ ئابلىز ئەيسا قومۇل بازار ئىچىدىن، 1944-يىلى 32 يېشىدا ئالتايدا ئۇرۇشتا قۇربان بولغان.

⑭ مۇھەممەتسالى بازار ئىچىدىن، 1998-يىلى 81 يېشىدا خوتەندە ۋاپات بولغان.

⑮ ھەسەن سوپى قومۇل شەھرى پالۋانتۇر بازىرى قاراسۇ كەنتى توۋەن ئاقيەردىن، 1986-يىلى5-ئاينىڭ 31-كۈنى 72 يېشىدا قومۇلدا ۋاپات بولغان.

⑯ ئىساقپەرىشاھ قومۇل شەھرىنىڭ شەھەر ئىچى يېزىسىدىن، 2000-يىلى 11-ئاينىڭ 18-كۈنى 86 يېشىدا ئۇرۇمچىدە ۋاپات بولغان.

⑰ ماخۇسەن (马虎山)، ما جۇڭيىڭنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى، 1958-يىلى51-يېشىدا لەنجودا خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان.

⑱ ئەسەت سۇلايمان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتوتىنىڭ پروفېسسو-

رى، ھازىر شۋېتسىيەدە بىلىم ئاشۇرۇۋاتىدۇ.

(19) ئابلىز ئۇرخۇن شىنجاڭ تەزكىرىچىكى كومىتېتىنىڭ تەھرىرى، ھازىر مەركىزى مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ شىنجاڭ خىزمەت پونكىتىنىڭ مۇھەررىرى.

(20) سەمەت ئەسرا قومۇل ۋىلايانلىك غەيرى ماددى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش مەركىزىنىڭ مۇدىرى.

(21) ئىسكەندەر سەمەت قومۇل ۋىلاياتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خادىمى، ھازىر يەككە تىجارەت بىلەن شوغۇللىنىۋاتىدۇ.

## بۇ ۋەقەلەرنىڭ شاھىدلىرى:

ئايسخان ئانا 1985-يىلى4-ئاينىڭ 5-كۈنى (جۈمە) 76 يېشىدا شىپۇلدا ۋاپات بولغان.

مايسخان ئانا 2006-يىلى 5 -ئاينىڭ 10 -كۈنى (چارشەنبە) 95 يېشىدا خوتۇنتامىدا ۋاپات بولغان.

(ئاپتورلار: خوجى سالى: قومۇل ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوتمەھكىمىسىنىڭ پېنسىئۇنېرى، ئابلىمىت ئابدۇللا: قومۇل تۆمۈريول ج خ باشقارمىسىدا)

2008-يىل7-ئاي

مەزكۇر ماقالە «قومۇل شەھرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ10-قىسمىغا بېسىلغان.

www.kitaphumar.com

# قۇتلۇق شەۋقىگە قىلىنغان تۆھمەت تەتقىقاتى

## ئۆمەرجان نۇرى

مەن ئۇيغۇرلاردىكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتتا كۆرۈلگەن بىر قىسىم ئۇقۇشماسلىقلار، سەۋەنلىكلەر ۋە بۇرمىلاشلارنى بايقىدىم. بۇ مەسىلىلەرنى بۇنىڭدىن كېيىن پاكىتلىق ھالدا ئوتتۇرغا قويۇپ، ئۇيغۇر جەدىتچىلىك تەتقىقاتىنىڭ ئىلمىي سۈپىتىگە تۆرتكە بولىدىغان بەزى ماقالىلەرنى يېزىشنى پىلانلىغان ئىدىم. يېقىنقى يىللاردا مۇشۇ مەقسەتتە بەزى تېمىلاردا ماقالىلەرنى يېزىپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدىم. بۇ قېتىم 20-ئەسىرنىڭ 20- ۋە 30-يىللىرىدا ئۇيغۇر جەمىيىتىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن مەرىپەتچى، سىمالاردىن بىرى قۇتلۇق شەۋقى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تەتقىقاتنىڭ ئەستايىدىل بولماسلىقى سەۋەبىدىن، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ھاياتى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە قىلىنغان بىر قانچە تۆھمەتنى بايقىدىم. يەنى، ھاياتى ھەققىدىكى تەتقىقات ئەمەلىي پاكىتقا ئەمەس، تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ يېزىلغان، تارىخى بايانلار يىل تەرتىپى بويىچە ئەمەس بەلكى، توقۇلما ھېكايىنىڭ مەزمۇن ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوتتۇرغا قويۇلغان، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ قەلىمىگە تەۋە بولمىغان ئىككى شېئىر ئۇنىڭغا تەۋە قىلىپ ئېلان قىلىنغان. قىلمىغاننى قىلدى دېيىش تۆھمەتتۇر. شۇڭا، خاتانىڭ داۋاملىق تەكرارلىنىۋەرمەسلىكى ئۈچۈن، ھازىرچە بايقىغان تۆھمەتلەرنى تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرغا قويىمەن:

1. "ئاڭ" گېزىتى:پاكىتلىق ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا شىنجاڭدىكى تۇنجى ئۇيغۇرچە گېزىت 1910-يىلى 10-مارتتا كۇرەدە نەشر قىلىنغان بولۇپ، بىر يىلدىن ئارتۇق نەشر قىلىنغان بۇ گېزىتنىڭ نامى" ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى" دۇر①. قەشقەردە نەشر قىلىنغان تۇنجى ئۇيغۇرچە گېزىت بولسا شىۋىت مىسسىيونېرلىرى بىرلا سان نەشر قىلىپ توختىتىلغان "يارۇغلۇق-ئالتە شەھەرنىڭ رۇزنامەسى"دۇر②. بىز ھۈسەيىن مۇسابايېفنىڭ "كاشغەردىن مەكتۇپ" ناملىق ماقالىسىدىن 1911-يىلىغىچە قەشقەردە گېزىت باسىدىغان باسمىخانا يوق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.③ شۇنداق بولغاچقا ، 1910-يىللارنىڭ بېشىدا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ رىساللىرى ۋە ئەھمەد كامال تۈزگەن دەرسلىكلەر قازاندا

بېسىلغان ئىدى. ئانا تىلىمىزدا نەشر قىلىنغان كۆپىنچە ماتېرىياللاردا قۇتلۇق شەۋقىنىڭ 1918-يىلى "ئاڭ" گېزىتىنى نەشر قىلغانلىقى تەكىتلىنىپ كەلدى. ئەمما ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتىلمىدى. ئەمەلىيەتتە قۇتلۇق شەۋقى 1933-يىلى 21-ئىيۇلدا، كېيىنچە "يېڭى ھايات" دەپ ئاتالغان گېزىتنىڭ تۇنجى سانىنى شۆۋت باسمىخانىسىدا نەشر قىلغان. "ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى " بىلەن " يارۇغلۇق- ئالتە شەھەرنىڭ رۇزنامەسى" دىن كېيىن " يېڭى ھايات " گېزىتى نەشر قىلىنغىنىغا قەدەر قەشقەردىلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە گېزىت نەشر قىلىنغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئىسپات ياكى ئەينى زاماندا يېزىلغان ھېچبىر خاتىرە يوق. شۇڭا ، بەزىلەرنىڭ كىتابلىرىدا يېزىلغاندەك، 1910-1933- يىللار ئارىسىدا مۇساباييفلارنىڭ قەشقەردە زامانىۋىي مەتبەئەسى بولغان، قۇتلۇق شەۋقى 1918-يىلى "ئاڭ" گېزىتىنى نەشر قىلغان دېگەن بايانلىرى ئاساسسىزدۇر، بۇ خىل ئاساسسىز بايانلارنى سۈرۈشتۈرمەي ئىشىنىۋېرىش ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەستۇر. " ئاڭ" دېگەن نامدىكى گېزىت-ژورنالنىڭ ئىشەنچلىك ئۇچۇرى مەسىلىسىگە كەلسەك، تاتارلار قازاندا 1912-يىلدىن 1918-يىلغىچە ئەخمەت غەرەي خەسەنى تەرىپىدىن ئىككى ھەپتىدە بىر سان چىقىرىلغان پەننىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي رەسىملىك ژۇرنالنى كۆرسىتەلەيمىز. يەنە بىرى، 1987-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان " ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى" نىڭ 3-بېتىدىكى "47-يىلى 11 بېتىمدىن كېيىن "قەشقەر گېزىتى توختىتىلغان، "ئاڭ" گېزىتى نەشر قىلىنىپ ئەھمەد زىيائى باش مۇھەررىرى بولغان. بۇ گېزىتنىڭ 1947-يىلى نەشر قىلىنغان باش بەتكە < شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىگە> دەپ ماۋزۇ قويۇلغان ئۇچۇق خەت بېسىلغان بىر نۇسخىسى مېنىڭ قولۇمدا ساقلاقلىق. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، "ئاڭ گېزىتى" نەشردىن توختاپ، <قەشقەر گېزىتى> دېگەن نامدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان" دېگەن ئۇچۇرنى كۆرسىتەلەيمىز. ھەقىقەتەنمۇ ئەھمەد زىيائىنىڭ "ۋىجدان مۇھاكىمىسى" دېگەن نېپىز كىتابى "ئاڭ گېزىت مەتبەئەسىدە بېسىلغان. شۇڭا، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ نامى بىلەن باغلانغان ئۇ خىل نامدىكى گېزىتنىڭ بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىمىز.

2. ھاجى ئەھمەت قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993-يىلى نەشر قىلغان "سامانيولى" دېگەن شېئىر توپلىمىدا قۇتلۇق شەۋقىگە تەۋە قىلىپ قويۇلغان. مەسىلەن، مەزكۇر كىتابنىڭ 47-،48- بەتلىرىگە كىرگۈزۈلگەن ئىككى شېئىر ئەمەلىيەتتە قۇتلۇق شەۋقىنىڭ شېئىرى ئەمەس. بۇنىڭ بىرى ئالتە مىسرادىن تەركىب تاپقان "ئانا تىل " دېگەن شېئىر بولۇپ، بۇ شېئىر شۇنىڭدىن بۇرى دەرسلىكلەردە، ئانا تىل

ھەققىدىكى ھاياجانلىق نۇتۇقلاردا قوٗتلۇق شەۋقىنىڭ شېئىرى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان، ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىلغاندىمۇ قۇتلۇق شەۋقىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ ئالتە مىسرالىق شېئىرنىڭ كىشىلەرگە تونۇش بولغان ۋارىيانتى مۇنداق:

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززەتىن قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بىرىپ ئالغۇم كېلۇر.

بۇ ئانا تىل بولسا گەر ئامىرىكايۇ، ئافرىقىدا،
سەرف ئېتىپ مىڭلارچە تىللا، ئاندا مەن بارغۇم كېلۇر.

ئەي، ئانا تىل بىزگە سەن ئۆتكەن ئۇلۇغلاردىن نىشان،
سەن بىلەن روھى زېمىندا ئىپتىخارلانغۇم كېلۇر.

بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى قۇتلۇق شەۋقى بولماستىن بەلكى، تۇرپانلىق ئابدۇللا نەئىمى (1938-1896) دۇر. ئابدۇللا نەئىمى بۇ شېئىرنى قەشقەردە مەھمۇد موھىتىنىڭ دېۋىزىيە ئىشتابىدا باش كاتىپلىق قىلىۋاتقان چېغىدا يازغان.

ئابدۇللا نەئىمى 1896-يىلى تۇرپان شەھىرىدە شۆھرەتلىك بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ دىنى مەلۇماتنى تۇرپاندا ئالغاندىن كېيىن، قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللامدا ئوقۇغان. ئابدۇقادىر داموللام 1924-يىلى 8-ئايدا قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئابدۇللا نەئىمى تەھسىلنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن، چۆچەككە بىرىپ، تاتار ئالىمى مۇراد ئەپەندىنىڭ ھوزۇرىدا ئوقۇغان. تۇرپانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەل ئارىسىدا "ئابدۇللا داموللام" دېگەن نام بىلەن تونۇلغان.

1933-يىلى تۇرپاندا مەخسۇت مۇھىتى بىلەن مەھمۇد مۇھىتلار باشلىغان ئىنقىلابقا قوشۇلۇپ مىرئالاي ( پولك قوماندانى) لىق مەنسەپ بىلەن پۈتۈن ئىنقىلاپ جەريانىدا ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلغان.

خوجىنىياز ھاجى شىڭشىسەي بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك مەنسىپىگە ئولتۇرغىلى كەلگەندە، مەھمۇد مۇھىتى قەشقەر تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە دېۋىزىيە قوماندانى (تۇمەنبېشى) بولۇپ ئورۇنلاشقاندا، ئابدۇللا نەئىمى دېۋىزىيە ئىشتابىنىڭ كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئىستالىن

ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەرگە كىرگۈزگەن ھەربىي ۋە ساقچى كۈچلىرىنىڭ ھەم شىڭشىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ نازارىتى ئاستىدىكى مەھمۇد مۇھىتىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە بارلىق مەخپىي ھەرىكىتى ئابدۇللا نەئىمىنىڭ قولى ئارقىلىق يۈرۈشتۈرۈلگەن. مەھمۇد مۇھىتىغا سىرتقى دۇنيانىڭ خەۋەرلىرىنى مەجبۇدىن ئەپەندى تەمىنلىگەن. بۇ ئىككى كىشى مەھمۇد مۇھىتىغا ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئىزچىل يەتكۈزۈپ تۇرغان.

ئابدۇللا نەئىمى ئەسكىرى ۋەزىپىلىرىنى كامىل ئۆتىگەنىنىڭ ئۈستىگە دىنىي، مىللىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي ساھەلەردىمۇ زور ئىشلارنى ئىشلىگەن. ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، مۇئەللىملەر كۇرسى، دارلمۇئەللىمىن، دارلئۇلۇم ۋە نەشرىياتقا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇيغۇرلاردىكى ئىككىنچى قېتىملىق جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇشقا كۆپ كۈچ چىقارغان. ئابدۇللا نەئىمى "ئىسلاھ مەدارىس ۋە مەساجىت ھەيئىتى" گە رەئىس بولۇپ، مەدرەسە ۋە مەسچىدلەرنى تەرتىپكە سېلىپ ، ئۆلىمالار ۋە دىنىي ئىشلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرغان.

1936-يىلىغا كەلگەندە، غوجىنىياز ھاجىنىڭ قەشقەردىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بىلەن كارى بولماسلىقى ۋە شىڭشىسەينىڭ مەھمۇد مۇھىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن يېقىن كىشىلىرىنى ئۆزىگە تارتىشى سەۋەبىدىن مەھمۇد مۇھىتى قەشقەردە تۇرۇۋېرىشكە ئىمكانىيەت قالمايدۇ. ھەتتا ئابدۇللا نەئىمىنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، ئۇرۇمچىگە نەچچە قېتىم چاقىرتقاندا، مەھمۇد مۇھىتى باھانە كۆرسىتىپ توسۇپ قالىدۇ. ئامالسىز قالغان مەھمۇد مۇھىتى يېقىن كىشىلىرى بىلەن 1937-يىلى ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەندە، ئابدۇللا نەئىمىمۇ بىللە چىقىپ كېتىدۇ. ئابدۇللا نەئىمى ھېندىستاندا بىر مۇنچە شەھەرلەرنى ساياھەت قىلىدۇ، 1938-يىلى مەھمۇد مۇھىتىغا ھەمراھ بولۇپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ، مىسىر ۋە سۈرىيەلەرنى ساياھەت قىلىپ، تۈركىيەگە بېرىپ ئىستانبۇلدا بىر نەچچە كۈن تۇرىدۇ، كېيىن ھىندىستانغا قايتىپ كېلىدۇ. ئىنگلىزلار مەھمۇد مۇھىتىنى جۇڭگوغا كېتىش شەرتى بىلەن قويۇپ بەرگەندە، مەھمۇد مۇھىتى باشلىق ئالتە كىشى شاڭخەيدىكى تېۋىپ باي ئەزىزنىڭ قېشىغا كېلىش ئۈچۈن، 1938-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى كالكۇتتادىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ يولغا چىقىدۇ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان دېڭىز سەپىرىدە ئاغرىپ قالغان ئابدۇللا نەئىمىي 21-نويابىر كۈنى شاڭخەيگە ئەھۋالى ئىنتايىن ناچار ئەھۋالدا يېتىپ كېلىدۇ، 25-نويابىر كۈنى 42 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. جەسىدى شاڭخەيدىكى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ خانىمى ۋە بىر ئوغلى تۇرپاندا قالغان

ئىدى. ئابدۇللا نەئىمىنىڭ بۇ ئوغلى كېيىن كۇچا ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى بولغان.

ئابدۇللا نەئىمى ئۇچۇق پىكىرلىك، ئەستايىدىل، شائىر تەبىئەت كىشى ئىدى، ئۇ ئانا تىلدا شېئىر يازغاندىن باشقا ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىمۇ شېئىرلارنى يازاتتى. باشقا مەدرىسە موللىلىرىدەك ئەرەب ـپارس تىلىنى زىيادە ئۇلۇغلاپ كەتمەيتتى. ئانا تىلدا شېئىر يېزىشنى شەرەپ دەپ بىلەتتى. 1930ـيىللاردىكى ئىنقىلاب جەريانىدا ئوقۇلغان مارشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئابدۇللا نەئىمى يازغاندى. ھەتتا قۇتلۇق شەۋقى باش مۇھەررىرلىك قىلغان "يېڭى ھايات" گېزىتىدىمۇ شېئىرلىرى بېسىلغان ئىدى. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان "ئانا تىل" دېگەن شېئىرمۇ دەل قۇتلۇق شەۋقى سەر (باش) مۇھەررىرلىك قىلىدىغان "يېڭى ھايات" گېزىتىنىڭ 1935ـيىلى 12ـئاۋغۇستتىكى 81ـسانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ شېئىردا ئەينى يىللاردىكى موللا ئۆلىمالارنىڭ ئەرەب، پارس تىلىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇيغۇر تىلىنى تۆۋەن كۆرۈشتەك مەدەنىيەت پسخىكىسى قاتتىق تەنقىدلەنگەن ھەم ئۆزىنىڭ ئانا تىلنى قەدىرلەش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. بۇ شېئىرنىڭ " يېڭى ھايات " گېزىتىگە بېسىلغان ئەسلى تېكىستى مۇنداق:

## ئانا تىل

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززەتىن قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر.
يۇرتىمىزدا قەدرى يوق نەرسە ئانا تىلدۇر بۇگۈن،
بىلمىگەنلەرغە ئانىڭ قەدرىنى بىلدۈرگۈم كېلۇر.
بىز بالالارغا ئاتالاردىن قالىپدۇر يادىگار،
ياخشى ئاسراپ نەسل ئەۋلادلارغا قالدۇرغۇم كېلۇر.
بۇ ئانا تىل گەر ئىسە ئامىرىكا ۋە ئافرىكادا،
سەرف ئېتىپ مىڭلارچە تىللا ئاندا مەن بارغۇم كېلۇر.
ئەي ئانا تىل بىزگە سەن ئۆتكەن ئۇلۇغلاردىن نىشان،
سەن بىلەن رۇيى زەمىندە ئىفتىخار ئەتكۈم كېلۇر.
سەن قىزىل گۈل ياكى بۇلبۇل كۆڭۈل گۈلزارى سەن،
ئۇشبۇ سۆرەتلەردۇر سەن ھەر زامان كۆرگۈم كېلۇر.
ئالما سەن ياھۇد ئانا سەن ياكى سەن شەمامى شام،

ئەترگۈلدەك بوْي ئالىپ باشىمغا قىستۇرغۇم كېلۇر.
قىزمۇسەن قوزىمۇسەن ياكى قىزى بىلەن قىمىز،
ياخشى كۆرگەن ياخشىدىن ياخشىغە ئوخشاتقۇم كېلۇر.
ئۆز تىلىنى تاشلىغان ئاغزى بۇزۇقنىڭ ئاغزىغا،
تازا قاتتىغ چەرملىك كەفشىم ئىلە ئۇرغۇم كېلۇر.
ئۆز تىلىدىن ئۆزگە تىلنى ئىستىگەنلەر تىلىنى،
ئارادەك تىلغۇچ بىلەن نەچە تىلىم تىلغۇم كېلۇر.
ئۆز ئاتاسى ئۆز تىلى ئۆز دىنىدىن ئۆز يۇرتىدىن،
بىرسىدىن تانغان بىرىگە ئوخشادۇر دېگۇم كېلۇر.
ئۇشبۇ تىلنى تاشلاغان ئادەم ۋەتەنغە دوست ئېمەس،
بىلكى ھەممە يۇرتىدىن بىگانە دەپ ئېيتقۇم كېلۇر.
ئانا تىلە ھەممنى يازماقىغە مۇمكىن بولمادى،
ۋەر نە ھەممە سۆزنى مەن ئۇيغۇرچەلەپ يازغۇم كېلۇر.

ــ ئابدۇللا نەئىمى

" سامانيولى" دېگەن شېئىرلار توپلىمىدا قۇتلۇق شەۋقى نامىدا بېرىلگەن مۇنداق بىر غەزەل بار:

ئۈمىد ئەتمەك ۋاپا ھەر سەيلەردىن ئەينى نادانلىق،
دېسەم بولغاي تېپىلماس ئەھدى يالغانلاردىن ئىنسانلىق.
ۋاپا ئەھدىڭگە ئەيلە قەۋل بىلەن پەيلىڭدە سادىق بول،
مۇناپىقلىق نىشانىدۇر كىشىدە ئەھدى يالغانلىق.
ھەر ئىش ئەيلەردە ئەۋۋەل ئېھتىيات ئەيلەپ تەپەككۇر قىل،
قولۇڭدىن ئۆتسە ۋاقتى سوڭرە سۇد ئېمەس پۇشايمانلىق.
پانى دۇنيادىن غەمسىز كېتەرنىڭ يوقتۇر ئىمكانى،
بولۇر ھەر كىمسىنىڭ تەبئىگە باقساڭ پەرىشانلىق،
قەلەم يازغان قەدەردىن سەئىيئىلە ئۆتمەك مەھەل ئولغاي،
دىلىڭنى راست تۇتقىل ھەر كىمسە تاپقايمۇ سۇلايمانلىق؟

دىلىڭنى راست تۇتقىل، زاھىرۇ باتىنىڭدە بىردەك بول،
ئايا شەۋقى، بۇدۇر پەھىملىسەڭ رەسمىي مۇسۇلمانلىق.

بۇ غەزەل ئەسلى مۇللا مۇھەممەد ئابىد نەمەنگانىنىڭ " تۆھفەتۇل ئابىدىن" ( مەتقاسىم ئەكرەم، ئىمىن تۆمۈر نەشرىگە تەييارلىغان، خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش، نەشرىگە تەييارلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى 1908-يىلىدىكى چاپى نۇسخىسىغا ئاساسەن، 1993-يىلى نەشر قىلىپ ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان نۇسخىسىنىڭ 213-بەت) دېگەن دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مۇنداق ئىدى:

## غەزەل شەۋقى

ئۇمىد ئەتمەك ۋەفا سىفلەلەردىن ئەيىن نادانلىغ،
دېسە بولغاي تاپىلماس ئەھدى يالغانلاردىن ئىنسالىغ،
ۋەفا ئەھدىڭگە ئەيلە قەۋل ئىلە فىئلىڭدە سادىق بول،
مۇنافىقلىق نىشانىدۇر كىشىدە ئەھدى يالغانلىغ.
ھەر ئىش ئەيلەردە ئەۋۋەل ئىھتىيات ئەيلەپ تەپەككۇر قىل،
قولۇڭدىن ئۆتسە ۋەقتى سوڭرە سۇد ئەتمەس پۇشەيمەنلىغ،
بۇ فانى دۇنيادىن غەمسىز كېتەرنىڭ يوقتۇر ئىمكانى،
بولۇر ھەر كىمسەنىڭ تەبئىگە باقساڭ بىر پەرىشانلىغ.
قەلەم يازغان قەدەردىن سەئيلە ئۆتمەك مەھەل ئولغاي،
نەگىن تۇتماق بىلە بىر كىمسە تاپقايمۇ سۇلەيمانلىغ.
دىلىڭنى راست تۇتقىل، زاھىرۇ باتىنىدە سۇدەك بول،
ئەيا شەۋقى بۇدۇر فەھىم ئەيلەسەڭ رەسىم مۇسۇلمانلىغ.

بۇ غەزەلنى يازغان شەۋقى، ئېنىقكى "شەۋقى" تەخەللۇسىنى قوللانغان نەمەنگانلىق شەمسى ھوسەيىن (1805-1889)دۇر④. موللا مۇھەممەد ئابىد نەمەنگانىنىڭ 1908-يىلى چاپى قىلىنغان دىۋانىغا شېئىرى كىرگۈزۈلگەن "شەۋقى"، ھەرگىزمۇ قۇتلۇق شەۋقى ئەمەسلىكى ، كېيىنكى كۆنلەردە بۇ غەزەلنىڭ خاتا ھالدا قۇتلۇق شەۋقى نامىغا تەۋە قىلىپ

قويۇلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ غەزەلنىڭ تىلى قۇتلۇق شەۋقى "يېڭى ھايات" گېزىتىنىڭ 1937-يىلى 18-مارت، 69-سانىدا ئېلان قىلىنغان "ئەرتىياز تەسراتى" دېگەن شېئىرنىڭ تىلى بىلەن خېلى پەرقلىنىدۇ. قۇتلۇق شەۋقىنىڭ بۇ شېئىرىنىڭ تىلىغا قاراپ باقايلى:

## ئەرتەياز تەسراتى

ئەرتەياز ۋاقتى يېتىپ كەلدى، چىقىپ خۇشبۇي شامال،
غەم تۈنى ـ قىش كەتتى، كۆرسەتتى باھار شىرىن جامال.
ئەي ۋەتەن! سەن نە چىرايلىق بەك يېقىملىق ئانامىز،
بۇ غېرىب ئەۋلادلىرىڭنى شاد قىل، شەفقەتلە ئال.
كۆپ زامان غەملىك قارا كۈنلەردە ئۆتكەن بالالارىڭ،
بىھايا زالىم ئاستىدا بولغان ئېدىلەر پەيمال.
ئەمدى كۆز ئاچدى سەنىڭ رۇشەن ھاۋايىڭ كۆرگىلى،
خۇش بولۇپ تافسۇن سېنىڭ مۇڭلۇق قۇچاغىڭدا كامال.
ياز بولۇپ ئاچىلغۇسى رەڭ-رەڭدە گۈللەر نۇر ساچىپ،
باغى سەھرا مايسا يافراقلار يەشىل رەڭ خۇشمۇ ھال.
سايراشۇر كۆك تالغۇ بىرلە قالدۇرغاچ ھەم سوفىياڭ،
ئۇل چىرايلىق قۇشلار ئاۋازى قىلۇر ئىنسانىنى لال.
خۇش ھاۋايىڭ ئەي ۋاتەن ھىجران غېمىڭ دارۇسى،
سەن ياشا ئىززەتتۇ بىدارلىق ئىلە تافماي زاۋال.
ـ شەۋقى

دېمەك يۇقىرقى غەزەل، شەۋقى نەمەنگانىنىڭ شېئىرى بولۇپ، قۇتلۇق شەۋقى ئىجادىيىتىگە قىلىنغان تۆھمەتتۇر.

بىزنى تەققازا قىلىۋاتقان بىر مەسىلە شۇكى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان نەشرىياتچىلىقى-نىڭ بايراقدارى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ تولۇق ئەسەرلەر توپلىمى تېخىچە نەشر قىلىنمىدى. بىز باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ نامىغا يېزىپ ئاۋارە بولمىساقمۇ، قۇتلۇق شەۋقى باش مۇھەررىرلىك قىلغان " يېڭى ھايات" ۋە " قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى" قاتارلىق

گېزىتلەردە قۇتلۇق شەۋقى نامدا ئېلان قىلىنغان ماقالە ۋە شېئىرلارنىڭ ئۆزىمۇ بىر تۇپلام قىلىشقا يېتەرلىك مەنبەدۇر. شۇڭا، ئەستايىدىللىقى ئاجىز، چوڭقۇر ئىزدىنىشتىن ئېرىنىدىغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرى بىر-بىرىنىڭ ئويدۇرما تەتقىقاتىنى كۆچۈرۈپ يۈرمەي، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن بىۋاستە تونۇشۇپ، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئەسىرى ئىدى، دېگەن ئەسەرنى ئەسلىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، خۇلاسە چىقىرىشى كېرەك. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا بوھتان تۈسىنى ئالغان ئاتالمىش تەتقىقاتنىڭ كۆپ بولىشى، ئىجادىي ھەم ئىلمىي ئەمگەك قىلغان قۇتلۇق شەۋقىدەك مۆتىۋەر زاتلارنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزىدۇر. شۇڭا ، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرىگە باھا بەرگەندە، يۇقىرىقىدەك تۆمەتلەرنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ساقلىنىشىمىز زۆرۈر.

(ئاپتور: خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىدا)

## مەنبەلەر:

① "چىندە تۈركچە گېزىت" دېگەن نامدىكى ماقالە بېسىلغان ژۇرنال- "سىرەتەل مۇستەقىم"، 1910-يىلى 9-ئاينىڭ 16-كۈندىكى سانى، ئىستانبۇل

② YARRING,Gunnar Alferd: Printis from Kashghar, The Printing Office of the Swedish Mission in Eastan Turkistan, History and Production with an Attempt at a Bibliografhy ,1991 ,Stockholm: Sevensca Forsking sinistitutet .Istanbul

③ ھۈسەيىن مۇساباي : "كاشغەردىن مەكتۇپ"، "سىرەتەل مۇستەقىم" (ژۇرنال)، 1910-يىلى 11-ئاينىڭ 11 -كۈندىكى سانى، ئىستانبۇل

④ " تۈركىيە سىرتىدىكى تۈركىي مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئانتولوگىيىسى" . 15-توم، "ئۆزبېك ئەدەبىياتى-2"، 187-بەت، 2000-يىلى تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى نەشرى

ماقالىنىڭ مەنبەسى: شىنجاڭ تارىخ-مەدەنىيىتى ژورنىلى 2013-يىللىق سان (ئومۇمىي 47-سان)

# شەرقشۇناسلىقنىڭ ئىسلامغا بولغان قارىشى

## پروفېسسور دوكتۇر، تالىپ ئۆزدەش / قۇتلۇق بىلگە

تەرجىماننىڭ ئىلاۋىسى: پەخىرلىك ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ «دىن ۋە زامانىۋىلىق» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلاردا دىنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى ئىسلامى نۇقتىنەزەردىن ئەمەس، شەرقشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قاراپ تەھلىل قىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەزكۇر ماقالە ئارقىلىق تۇغرا ئىشقا خاتا نۇقتىنەزەردىن چاقىرىق قىلىنغانلىقى ئۈچۈن كەڭ ئوقۇمەنلەرنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ماھىيىتىنى يورىتىپ بېرىدىغان تۆۋەندىكى ماقالىنى ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

شەرقشۇناسلىق (ئورىيانتالىزم) شەرق بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شەرققە تەۋە، شەرق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « شەرق» سۆزىدىن تۈرلەنگەن ئاتالغۇدۇر. كەلىمىنىڭ ئىسلام مەنبەلىرىدە ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدىغان «شەرقىيات» ۋە ئورىيانتالىست مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «شەرقشۇناس» كەلىملىرىمۇ ئوخشاش شەكىلدە «شەرق» كەلىمىسىدىن تۈرلەنگەن.

## شەرقشۇناسلىقنىڭ (ئورىيانتالىزم)ئىسلامغا بولغان قارىشى ۋە مۆتىدىل ئىسلام ئېقىمى

رىم ئېمپېرىيەسى دەۋرىدە يىراق شەرق مەدەنىيىتى بىلىنمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆنىمىزدە ئوتتۇرا شەرق سۈپىتىدە بىلىنىۋاتقان رايون شەرق سۈپىتىدە بىلىنەتتى. كۆنىمىزدە شەرق، جۇغراپىيىلىك جەھەتتە تۈركىيەدىن باشلاپ ياپونىيەگىچە سوزۇلغان رايونلارنى ۋە ھەتتا ئافرىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرق (ئورىيانت) تەبىرى، شەرقنى غەرب مائارىپى ۋە ئاڭ ساھەسىگە ئېلىپ كىرىشنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئاتالغۇ. يەنى شەرقشۇناسلىق (ئورىيانتالىزم)، يىراق شەرق بولۇپ شەرق جەمئىيەتلىرىنىڭ دىنى، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا ساھەلىرىنىڭ غەرب مەركەزلىك ئاڭ ۋە ئىستراتېگىيىسى بىلەن باغلانغان ئاساستا تەتقىق قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى غەرب كۈلتۈرى ۋە

مەدەنىيىتىنىڭ مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا خرىستىيانلىقنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن سىپلىشتۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئويانتالىزىمغا (شەرقشۇناسلىق) ئىنكاس سۈپىتىدە شەرقچە قاراشنى مەركەز قىلغان ئوكسىدېنتالىزىم ئاتالغۇسى تۇرلىنىپ چىققان. غەربتە شەرقنى تېما قىلغان بىلىمنى مەقسەت قىلغان ئوبيېكتىپ ۋە مۇسبەت تەتقىقاتلاردىن باشقا ئەرەبچە ۋە ئىسلام تەتقىقاتلىرى ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسپانىيىدە ۋە غەرب مەركەزلىرىدە ئاساسەن دىگۇدەك مىسسىئونېرلىق پائالىيەتلىرىدىن مۇستەقىل هالدا ئېلىپ بېرىلمىغان. ئوتتۇرا ئەسىردە چېركاۋ، ياۋروپانىڭ نوپۇزلۇق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى شەرق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا ۋە شەرق تىللىرىنى ئوقۇتۇشقا تەشۋىق قىلغان. 1709- يىلى فرانسىيە ئىنستىتۇتىدا ئەرەبچە ئوقۇتقۇچىسى گاللانىدنىڭ 1704- يىلى قۇرئان كەرىمنى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىشىدىن باشقا مىڭ بىر كېچە مەسەللىرىنىمۇ تەرجىمە قىلىشى بىلەن شەرققە بولغان قىزىقىش تېخىمۇ ئاشقان. مىسىرنىڭ 1798- يىلى فرانسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىشى شەرقشۇناسلىق نۇقتىسىدىن دەۋر بۆلگۈچ ئەهمىيەتكە ئىگە. ئارقىدىن 1830- يىلى ئالجىرىيىنى بېسىۋېلىشى، ئافرىقا قىتئەسىنىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىدا كېڭەيگەن مۇستەملىكىلەر شەرقشۇناسلىق ساهەسىگە بولغان قىزىقىشنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن. ماراكەش، تۇنىس قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ ئوخشاش ئەهۋال مەيدانغا كەلگەن. نەتىجىدە مۇستەملىكىچىلىك فرانسۇز شەرقشۇناسلىقىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرگەن. شەرقشۇناسلىق ساهەسىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ هەممىسىنىڭ ئوخشاش بىر نام ئاستىدا ئىپادىلىنىشى 19- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئۇچرايدۇ. فرانسىيىدە « شەرقشۇناسلىق» ئاتالغۇسى تۇنجى قېتىم 1799- يىلى ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، فرانسىيە تىل تەتقىقات ئاكادېمىيىسى مەزكۇر ئاتالغۇنى 1835- يىلى كۇنىمىزدە بىلدۈرگەن مەنىسىگە ئوخشاش قوبۇل قىلغان. مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرى ۋە مۇستەملىكە نىشانلىرىغا چېتىشلىق هالدا كۈنتەرتىپكە كەلگەن شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتلىرى 19- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن 20- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا يۇقىرى پەللىگە چىققان. شەرقشۇناسلىق، سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىي قىلىش ئىدىيىسى تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن، ئامېرىكىلىق ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ شەرق تەتقىقاتلىرىغا ئېنىقلىما بېرىشتە ئىشلىتىلگەن. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەرقشۇنا- سلىق ئاتالغۇسى، مەرىپەت ئويغىنىش ئېقىمىدىن كېيىن غەربلىك ئاق تەنلىكلەرنىڭ شەرق جەمئىيەتلىرى ۋە مەدەنىيەتلىرىنى نېرىقلاشتۇرۇش، ئۆزگىلەشتۈرۈش، تۆۋەن كۆرۈش ۋە بىر تەرەپلىمە قاراش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پوزىتسىيىسى بىلەن

مۇئامىلە قىلىشلىرىغا ۋە باھالىرىغا ئىشارەت قىلىدۇ. شەرقشۇناسلىق ئاتالغۇسىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نۇقتىئىنەزەر ياكى قاراشقا مۇناسىۋەتلىك ھالدا سەلبىي مەنىدە ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ « شەرقشۇناسلىق» ناملىق كىتابىدا (1978) ئىشلەتكەن كىشى ئېدۋارد سايىد ئىدى. بېرنارد لېۋىس قاتارلىق بىر قىسىم غەربلىك تەتقىقاتچىلار ئېدۋارد سايىد تەرىپىدىن شەرقشۇناسلىق ئاتالغۇسىغا بەرگەن سەلبىي مەنىسىنى تەنقىد قىلغان بولسىمۇ، كۆپلىگەن ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىلىرى ئېدۋارد سايىدنىڭ قارىشىغا قوشۇلماقتا. سايىد شەرقشۇناسلىقنى ئاكادېمىك بىلىم، تەتقىقات مېتودى ۋە قانۇنىي بىر ئورگان سۈپىتىدە پەرقلىق ئۈچ نۇقتىدا ئىزاھلايدۇ. سايىد، شەرق جەمئىيەتلىرى ۋە مەدەنىيەتلىرىگە ئائىت مەلۇمات ۋە چۈشەنچە بىلەن مۇستەملىكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇلمىلىق ۋە تارىخىي مۇناسىۋەت ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىدۇ. شەرقشۇناسلىق، ئېقىم سۈپىتىدە غەربكە قارشى «ئۆزگىلەرنى»، يەنى شەرقنى يارىتىپ چىقىدۇ. بۇ ئايرىمىدا شەرق يالغۇز ئىسلام دۇنياسىدىن ئىبارەت بولماستىن جۇڭگو، ھىندىستان، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر قوشۇلۇپ غەرب تەرىپىدىن چەتلەشتۈرۈلۈپ ئوخشاش تۈردە كۆرۈلگەن بارلىق كۈلتۈر ۋە مىللەتلەر ئورۇن ئالغان بىر دائىرىنى ئىپادە قىلىدۇ. غەرب، بۇ زېتلىقنىڭ ئىمتىيازلىق ۋە ھاكىم قۇتۇبى سۈپىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ قۇتۇپلىشىشتا غەرب، ئىلگىرىلەشكە يەنى تەرەققىياتقا، شەرق بولسا قالاقلىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

يېقىنقى ئىككى ئەسىر ئىچىدىكى شەرق ـ غەرب مۇناسىۋەتلىرىدە مىسسىئونېرلىك ۋە مۇستەملىكچىلىك ھەرىكەتلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەسىر پەيدا قىلغان. شەرقشۇناسلىق مۇستەملىكچىلىك ۋە مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرىنى مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن. شەرقشۇناسلىق ئىلمىي غەربنىڭ ئىشغالىيەت ۋە مۇستەملىكە سىياسىتى يولىغا قويۇلغان يەرلەردە بىر تەرەپتىن يەرلىك ئىنسانلارنى خىرىستىيانلا ـ شتۇرۇشقا كۈچ چىقارغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ رايونلارنىڭ دىنى، مەدەنىيەت، ئېتنىك ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى تونۇش ئۈچۈن مۇھىم تەتقىقاتلار ۋۇجۇدقا چىقارغان. بۇ رايونلاردا شەرقشۇناسلىق ـ چېركاۋ مۇناسىۋىتى تەرەققىي قىلغان. چۈنكى مىسسىئونېرلىك پائالىيەتلىرى مۇستەملىكچىلەردىن كېلىدىغان ياردەمگە ئېھتىياجى تۇغۇلۇشتىن باشقا، شەرقشۇناسلاردىن كېلىدىغان مەلۇمات ۋە ياردەمگىمۇ ئېھتىياجى تۇغۇلغان. ئىران ئىنقىلابى، ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە توقۇنۇشى ۋە پەلەستىن مەسىلىسى، لىۋىيەدىكى ئىچكى توقۇنۇش، چېچىنىستان، بالقانلار، پەلەستىن، ئۇيغۇر رايونىدىكى ۋەقەلەر، ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستان ۋە ئىراق ئىشغالىيىتى، سۇدان، سومالى،

نىگىرىيە قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا كۈنىمىزدىكى شەرقشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات قىلىش دائىرىسى ئۆزگەرگەن، تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەر ھەققىدە غەربتە كۆپلىگەن ئەسەر نەشىر قىلىنغان. كۆپىنچە ھاللاردا بۇ ئەسەرلەردە ھەقىقەتلەر بۇرمىلىنىپ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا نۇرغۇنلىغان بۆھتانلار چاپلانغان.

دۇنيا مېدىياسىدا ئىسلامنىڭ مۇقەددەس قىممەت ئۆلچەملىرى مەسخىرە قىلىنغان پروگروممىلارغا ئورۇن بېرىلمەكتە. تارىختا ئەھلى سەلىپ سەپەرلىرىدە ئېلىپ بېرىلغىنىغا ئوخشاش، شەيتانلاشتۇرۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ كېلىنىۋاتقان ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئارقىلىق ئىسلامنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەش ياكى قورقۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈلۈشكە ھەرىكەت قىلىنماقتا. شەرقشۇناسلىق، غەرب ۋە ئىسلام دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئېقىمدۇر. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەرقشۇناسلىق خرىستىيان غەرب دۇنياسى بىلەن مۇسۇلمان شەرق دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى دىنى ۋە ئىدېئولوگىيىلىك توقۇنۇشنىڭ تارىخي سۈپىتىدىمۇ ئانالىز قىلىندۇ. شەرقشۇناسلىقنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غەرب دۇنياسىغا تەھدىتنى ۋە خەۋپىنى يوق قىلىش مەقسەت قىلىنغان. غەربلىكلەرنىڭ شەرقلىقلەرگە بولغان كۆز قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان ئىدىيە ۋە ئوبرازلارنىڭ يارىتىلىشىدا شەرقشۇناسلار مۇھىم رول ئوينىغان. شەرقشۇناسلىقتا ئىسلامىيەت ئىلمىنى تەرەققىياتنى چەكلەيدىغان قالاق بىر دىن ، مۇسۇلمانلار بولسا مەدەنىيەتسىز كۆرستىلگەن. فرانسىيە ئاكادېمىيىسى ئەزالىرىدىن ئېرنىست رېنان 1883-يىلى « ئىسلام ۋە بىلىم » تېمىلىق ماقالىسىدا ئىسلامنىڭ بىلىمگە ۋە تەرەققىياتقا قارشى بىر دىن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شەرقشۇناسلارنىڭ بارلىق تەتقىقاتلىرى ۋە تەشۋىقاتلىرى بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش، قۇرئاننىڭ چىنلىقىغا داغ چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ ۋەھي ئىكەنلىكىگە دائىر ئېتىقادنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، قۇرئاندىن كېيىن ئىسلامنىڭ ئىككىنچى پايدىلىنىش مەنبەسىنى تەشكىل قىلغان سۈننەت ۋە ھەدىسلەرنى، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە شەكىللەنگەن ئىسلامي بىلىم ۋە پەنلەرنى ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە ھېچبىر سۈننەت ياكى ھەدىس قالدۇرۇپ كەتمىگەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن تۇنجى ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن سۈننەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بولماستىن قۇرئان ۋاستىسى بىلەن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى

www.kitaphumar.com

ئەرەب ئۆرپ ئادەتلىرى، دىگەن شەكىلدە تارقىتىشقا ئۇرۇنغان ياكى ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. يېقىنى مەزگىللەردە ئىسلامنى پروتېستانتلىقتا (پروتېستانت دىنى) ئۆزگەرتىشكە ۋە سېكۇلەر (دىندىن خالى) تۈسىنى ئالغان بىر ئىسلامنى بەرپا قىلىش مەقسىتىگە پاراللېل ھالدا قۇرئاننىڭ مۇئەييەن ۋاقىتقا تەۋە ئىكەنلىكى، كۈنىمىزدىكى جەمئىيەتلەرگە ۋە دەۋرگە خىتاب قىلالمايدىغانلىقى، قۇرئاندىكى ئايەت ۋە ھۆكۈملەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش زېمىنىنىڭ ياكى شارائىتىنىڭ يوقلىقى ۋە بۇلارنىڭ دىنىنىڭ ئۆزى ئەمەسلىكى دىگەندەك قاراشلارنى تەرغىپ قىلغۇچىلارنىڭ نىيىتىمۇ قەتئىي پەرقلەنمەيدۇ. پۈتۈن بۇ ئىشلارنىڭ ئارقىسىدا، مۇستەملىكچى سىياسەتلەرنىڭ دائىرىسىدە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىرىنىڭ ئاجىزلاشتۇرۇلۇشى، مۇسۇلمان جامائىتىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىلىرىنىڭ يوق قىلىنىشى ياتىدۇ. ئوسمانلىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىن ئېتىبارەن بۇ خىلدىكى قاراشلار ۋە ئېقىملار بىر قىسىم ئوسمانلى ۋە مۇسۇلمان زىيالىلىرىغا ئىنتايىن تەسىر كۆرسەتكەن. ئىتائەت ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ ئىدىيىلىرى ۋە پائالىيەتلىرىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. بۇ خىلدىكى ئېقىملارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ۋاستىلىك يوللار ئارقىلىق ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار نىشانغا ئېلىنغان.

مەلۇم بىر دىنىنىڭ ئىنسان ۋە جەمئىيەت تەرىپىدىن ئىنتقاد قىلىنىپ چۈشۈنۈلىشىدە، ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەدبىق قىلىنىشىدا، ئەنئەنە ۋە ئورگانلارنىڭ شەكىللىنىشىدە تەگشەش ۋە يېگىلىنىشىنى تەقەززار قىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ بولۇشى نورمال بىر ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ تارىختا پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتكەن ۋەھيىلىرى بىلەن، بۇ دائىرىدە قۇرئان ۋە ۋەھيىگە ئىمان ئېيتقان، چۈشەنگەن ۋە تەدبىق قىلغان رېئاللىقتىكى جەمئىيەت ئوخشاش ئەمەس، يەنى ئىسلام بىلەن مۇسۇلمان ئوخشاش بىر نەرسە ئەمەستۇر. ئاللاھنىڭ كالامىنىڭ ماھىيىتىدە بىرەر مەسىلە، تەبئىتىدە نامۇۋاپىقلىق ۋە قۇرئانى كەرىمدە باتىللىق مەۋجۇت ئەمەس تۇرۇپ، مۇسۇلمان شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ دىن چۈشەنچىسىدە، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ شەكىللەنگەن ئەنئەنە ۋە ئورگانلاردا بىر قاتار ئامىللارنىڭ قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە تەگشىلىشى ۋە تۈزىتىلىشى تېگىشلىك بولغان بەزى نۇقتىلار ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. ئىسلاھ قىلىنىشى تېگىشلىك بولغان بۇ نۇقتىلارنىڭ دىنى ئاساسلارغا، ئۆز ماھىيىتىگە زىيان بەرمەستىن ئىسلاھ قىلىنىشى، خاتالىقلارنىڭ تۈزىتىلىشى تامامەن مۇمكىندۇر. ئىسلام ماھىيىتى نۇقتىسىدىن بۇ خىلدىكى مۆتىدىللىقتا، دىنامىكلىقتا ۋە بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان مېخانىزملارغا ئىگە. مەسىلىگە بۇ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، ئىسلامنىڭ

www.kitaphumar.com

بەزى شەرقشۇناس ۋە مىسسىئونېرلارنىڭ ئىلگىرى سۈرگەن قاراشلىرىدا تەكىتلىنىگىنىدەك ئىسلاھ قىلىنىشقا پەقەتلا ئېھتىياجى يوق. بىراق دىنى چۈشەنچە ۋە ئىدىيە يېڭىلانسا ۋە ئىسلاھ قىلىنسا بولىدۇ، يەنى مۇشۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك. قۇرئان مۆجىزىۋىلىكى، چىنلىقى، دۇنياۋى جەھەتتە ماھىيەتكە مۇۋاپىق ھالدا ئىنسان ۋە جەمئىيەتنى ھەر جەھەتتىن تولۇق يورۇتۇپ بېرىپ ئىنسانىيەتنى ھىدايەتكە چاقىرىشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھۆكۈملىرىنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىكىنى، ئىناۋەتسىزلىكىنى ۋە تارىخقا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى نىشان قىلغان بارلىق نەزەرىيە ۋە ئېقىملارنى چۈرۈتۈپ تاشلاشتەك ماھىيەتكە ئىگە. دەرۋەقە، ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەندىن كۆندىن تارتىپ ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن، نىشانغا ئېلىنغان، بەس - مۇنازىرە تېمىسىغا ئايلاندۇرۇلغان قۇرئان، كۆنىمىزدىمۇ ئۈستىدە ئەڭ كۆپ بەس - مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، باھا ۋە ئانالىزلار ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان بىر تېما سۈپىتىدە دۇنيا كۈنتەرتىپىدىن ئورۇن ئالماقتا. شەرقشۇناسلىقنىڭ « قۇرئاننىڭلا ئىسلاملىقى» نامى ئاستىدا بىر ئاتالغۇ ئىجاد قىلىپ چىقىپ دىننىڭ قۇرئاندىن قالسلا ئىككىنچى دەرىجىلىك مەنبەسىنى تەشكىل قىلىدىغان سۈننەت ۋە ھەدىسلەر ھەققىدە گۇمان ۋە شۈبھە پەيدا قىلىشنى نىشان قىلىشى، قۇرئاننىڭ ۋە دىننىڭ توغرا بىر شەكىلدە چۈشۈنۈلۈپ ئانالىز قىلىنىشىدا سۈننەت ۋە ھەدىسلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇۋېتىشتەك قىلمىشى، ھىندىستان ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مودېرنىزم ئىدىيىلىرىنى تەرغىب قىلىشى قاتارلىقلار، يەنىلا بۇ ئېقىم ۋە ئىدىيىلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك بولمايدىغانلىقىغا، شەرقشۇناسلىقنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەن ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە كېلىپ قېلىۋاتقانلىقىغا شاھىت بولۇۋاتىمىز. ئەسلىدە ۋەھيى چۈشكەندىن ئېتىبارەن ئىسلامنىڭ تەبلىغ قىلىنىپ ئۆگىنىلىشى ۋە تورمۇشقا تەدبىق قىلىنىشىدا تەپسىر، فىقھە، كالام، تەسەۋۋۇپ قاتارلىق ئىلىم ساھەلىرىنىڭ، ئىسلامىي ئەنئەنە ۋە ئورگانلارنىڭ شەكىللىنىشىدە قۇرئان - سۈننەت ۋە ھەدىسلەر ئوتتۇرىسىدا بەدەن ۋە روھقا ئوخشاش پارچىلانمايدىغان بىر باغلىنىشلىق ۋە بىر پۈتۈنلۈك مەۋجۇت. بۇ باغلىنىشلىق ۋە تەۋھىد بىرلىكى، بۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغان بارلىق ئۇرۇنۇشلارنى يوققا چىقىرالايدىغان بىر ماھىيەتكە ئىگە. بۇنداق بولۇشى، ھەرگىزمۇ سۈننەتنىڭ ئاغزاكى شەكلى بولغان ھەدىسلەرنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ بىر قاتار تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇر قاتارلىق شەرت - شارائىتلار ئىچىدە شەكىللەنگەن ئىسلامىي ئىلىملەرنىڭ، ئەنئەنە ۋە ئورگانلارنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈلمەيدىغانلىقى، بۇلار

www.kitaphumar.com

ئۈستىدە قايتىدىن باھالار بېرىلمەيدىغانلىقى، تەنقىدىي پوزىتسىيە ۋە ئانالىزلار بىلەن تېخىمۇ بېيىتىشقا تېما بولمايدىغانلىقى مەنىسىگە كەلمەيدۇ. ھېكمەت ئىزدىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىشى تىگىشلىك بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئىلىم جۇغلانمىلىرىغا ۋە دۇنياۋى تەجرىبىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشلىرى ئەسلىدە دىن تەشۋىق قىلىدىغان ئەھۋال. بىراق بۇ ئەھۋال، پەرقلىق تەجرىبىلەرنى ۋە ئىلىم جۇغلانمىلىرىنى ئۆز مەدەنىيەت دائىرىسىدە تۇرۇپ قوبۇل قىلىش، مەدەنىيەت ئاساسلىرىنى چىقىش قىلغان ئاساستا بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. دەرۋەقە، بىر زامانلاردا ئىبنىدۇلۇس، ئىستانبۇل ۋە باغدات قاتارلىق مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان غەربلىكلەر بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم ۋە مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن پايدىلىنىشتا ئۆز مەدەنىيەت دائىرىسىدە تۇرۇپ ئىسلاھ قىلىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. تولىمۇ ئەپسۇسكى، غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشقان ئوسمانلى زىيالىيلىرى، مەغلۇبىيەت پسىخىكىسىنىڭ تەسىرى قوشۇلۇپ غەربلىكلەردەك مۇشۇنداق بىر ئىسلاھاتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان. ئەسلى مەنبەلىرىدىن ئۇزاقلىشىپ زور دەرىجىدە تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئېڭىنى يوقىتىپ قويغان.

ئىنسان ئاتالغۇ ۋە ئۇقۇمنىڭ ۋاستىسى بىلەن پىكىر قىلىدىغان مەخلۇقتۇر. شۇڭا ھەر قانداق بىر كۈلتۈر مۇھىتىدىكى ئىنسان ياكى جەمئىيەتنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ياكى ئىسلاھ قىلىنىشى، يېڭى ئاتالغۇلارنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ياكى مەۋجۇت ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنىڭ مۇئەييەن بىر مەقسەتكە ئاساسەن قايتىدىن تەگىشلىپ لايىھىلىنىشى نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرىنى ئۆزىنىڭ نىشان ۋە سىياسەتلىرىگە ماس ھالدا ئۆزگەرتىپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان شەرقشۇناسلىق ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ئېقىملار ۋە بىر قاتار « مەركەزلىرى » دەل بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىدۇ. ئىسلامنىڭ مەنبەسى ھەممىگە مەلۇم. قۇرئان ئىسلامى، ئەرەب ئىسلامى، تۈرك ئىسلامى، سۈنئىي ئىسلامى قاتارلىق ئاتالغۇلار مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىغا ھۆكۈمران بولۇشىنى، مەۋجۇت ئاتالغۇلارنى ئەسلى مەنبەسىدىن يۇلۇپ ئۇنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە ئىجاد قىلىنغان ئاتالغۇلاردۇر. ئىمان، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە قانۇن ساھەلىرىدە بىكىتكەن پرىنسىپ ۋە ھۆكۈملەر بىلەن ئىنسان ۋە جەمئىيەت ھاياتىنى تەۋھىد پۈتۈنلۈكى ئارقىلىق ھەر جەھەتتىن قورشاۋغا ئالغان، گەرچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىدىغان مەسىلىلەر بولسىمۇ، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بويىچە ئۈستىدە ئىتتىپاقلىق ھالىتىدە ۋە ئىزچىل ئەمەل قىلىشقا ۋە ھاياتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تىرىشىپ كەلگەن ئىسلامنى « ئەرەب ئىسلامى»، ھەتتا تېخىمۇ

كونكرېتلاشتۇرۇپ « ئەمەۋى ئىسلامى» دەپ ئاتاشقا ئۇرۇنۇشلار، دەل بىر ئاز بۇرۇن تىلغا ئۆتۈلگەن « مەركەزلەرنىڭ» تەسىرىدە ئاستىدا شەكىللەنگەن.

بۇ خىلدىكى ئېقىملارنىڭ، مىللەتنىڭ ۋە كۇلتۇرنىڭ شەكىللىنىشىدە دىن ئورنىغا ئېتنىك قۇرۇلمىنى ۋە تىلنى مەركەز قىلغان، دىننى ئۆرپ ـ ئادەت ۋە فولكلورلۇق ئامىل، دەپ قارايدىغان، ئىسلامنىڭ مەدەنىيەت لايىھلىرىنى، ئۇممەت روھىنى يوقىتىپ قويغان مىللەتچى قاتلاملاردا بازىرى چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىغا شاھىت بولۇۋاتىمىز.

« مۆتىدىل ئىسلام » پىكرىمۇ، شەرقشۇناسلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچى گۇرۇپپىلار ۋە بەزى « چوڭ مەركەزلەر» ۋاستىسى بىلەن ئىجاد قىلىنغان ئاتالغۇلار تىزمىسى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئىسلام ماھىيىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە رادىكاللىقنى پۈتۈنلەي رەت قىلىدۇ، مۇبالىغە قىلىشتىن ۋە يۈزەكى قاراشتىن خالىي تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، مۇسۇلمانلارنى ئوتتۇرا (مۆتىدىل، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ تۇرالايدىغان) ۋە ياراملىق بىر ئۇممەت \ مىللەت بولۇشقا تەشۋىق قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ ماھىيىتى ئاساس قىلىنغاندا، مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئاساسسىز ۋە سىياسىي غەرەزنى چىقىش قىلغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس. مۆتىدىل ئىسلام لايىھىسى، 1990 ـ يىللاردىن كېيىن بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن دۇنيانىڭ قايتىدىن شەكىللەندۈرۈلۈشىگە قارىتىلغان خىزمەتلەرگىچە سوزۇلسىمۇ، ئەسلىدە مەزكۇر لايىھىنىڭ ئىسمى قويۇلمىغان ھالەتتە خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە سوزۇلغانلىقىنى قوبۇل قىلىش لازىم. مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت لايىھلىرىنىڭ ۋە كېلەچەككە دائىر قاراشلىرىنىڭ يوق قىلىنىشى، زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىكلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە ئىگە بولغان دۇنيا قارىشىنىڭ ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ زەئىپلىشىشى دەل مۆتىدىل ئىسلام لايىھىسى بىلەن بىۋاستە چېتىشلىق. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەمكارلىشىش زېمىنىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئۇممەت روھىنىڭ يوق قىلىنىشى، ئىسلامنىڭ ئېتنىك قۇرۇلمىنى ۋە تىلنى ئاساس قىلغان مىللەتچى ۋە سېكۇلەر (دىندىن خالى) مەنتىق زېمىنىدا دۇنيادىن ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتىن خالىي ھالدا چۈشۈنۈلۈپ ھاياتقا ئەمەلىيلىشىنى نىشان قىلغان لايىكلىق (دىندىن خاللىق) ئىدىيىسىنىڭ ھۆكۈمران بولۇشى بولسا غەربنىڭ ۋە شەرقشۇناسلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچى مەركەزلەرنىڭ ۋە مۆتىدىل ئىسلام لايىھىسىنىڭ ئەڭ چوڭ نىشانىدۇر. سامۇئىل خانتىڭتوننىڭ « مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» نەزەرىيىسى ۋە 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى ۋە كېيىنكى چوڭ ۋەقەلەر ئاساس قىلىنىپ، بىر ئىسلام تېررورىزمى پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنۇلغان. دۇنيانىڭ قايتىدىن شەكىللىنىشىدە مۇسۇلمانلار تېررورىزم بىلەن تامغىلىنىپ نىشان

ئوبيېكتىغا ئايلانغان. بىر زامانلار ساددام ھۈسەيىننى ۋە ئافغانىستاندا رۇسىيىگە قارشى كۈرەش قىلغان كۈچلەرنى قوللىغان غەرب ۋە ئامېرىكا، سىياسىتى ۋە نىشانىنىڭ تەقەززارسىغا ئاساسەن بۇ كۈچلەرنى جىنايەتچى، دەپ ئەيىبلەپ نىشان ئوبيېكتى ئېلان قىلىپ ئىشغالىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىدى. قۇتراتقۇلۇق، زوراۋانلىق ۋە ئىشغالىيەتلەر بىلەن بىر تەرەپتىن تېرروررىزىمنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە كۆرسىتىلىپ شەيتانلاشتۇرۇلۇشقا ئۇرۇنۇلغان بىر ئىسلام، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركىيە ۋە مالايسىيا قاتارلىق دۆلەتلەر ئارقىلىق ئاتالمىش رادىكال ئىسلامغا قارشى بەرپا قىلىنىشقا ئۇرۇنۇلغان مۆتىدىل ئىسلام لايىھىسىدۇر.

يازغۇچى: پروفېسسور دوكتور، تالىپ ئۆزدەش، 2009- يىلى 11- ئاۋغۇست

## پايدىلانمىلار


1. ئەھمەت كاۋاس، « ئۆتمۈشتىن كۈنىمىزگىچە فرانسۇز شەرقشۇناسلىقى ۋە قۇرۇلۇشلىرى»، دىنىي ئىشلار باشقارمىسى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 2003

2. ئېدۋارد سايىد، « شەرقشۇناسلىق»، تەرجىمە قىلغۇچى: نەزىھە ئۇزەل، ئىرفان نەشرىياتى، ئىستانبۇل 1995

3. مەھمۇت مۇتمان، « شەرقشۇناسلىقنىڭ سايىسىدا: غەربكە قارشى ئىسلام»، ئىلەتىشىم نەشرىياتى، ئىستانبۇل 1996

4. رەجەپ شەنتۈرك، « شەرقشۇناسلىق ۋە ئىجتىمائىي پەن نەزىرىيىسى» دىنىي ئىشلار باشقارمىسى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 2003

5. مەھمەت دوغان، « غەربلىشىش: مەغلۇبىيەت ئىدېئولوگىيىسى»، 2008


مەنبە :ئاقھون تەرجىمىسى

# خوجىلار جەمەتى ۋە خوجىلار دەۋرى ھەققىدە مۇلاھىزە

**ئابلەت نۇردۇن**

خوجىلار جەمەتى غايەت زور دىنىي ـ سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە غەربىي يۇرتتا بارلىققا كېلىپ، شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى چوڭقۇر سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىنىي يىلتىزغا ۋە كەڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە پەۋقۇلئاددە ھادىسىلەردىن بولۇپ قالدى.

«خوجا» ـ پارسچە سۆز بولۇپ، ئادەتتە تەلەپپۇزدا يېزىلىدۇ. بۇ سۆز ئەڭ دەسلەپ شەھەر پۇقرالىرى ئارىسىدىكى كاتتىلارنى بىلدۈرۈشتىن، كېيىن ھەرەم ئاغىلىرىنى بىلدۈرىدىغان مەنىگە ئىگە بولغان، ئەرەب تىلىغا ئۆزلەشكەندىن كېيىن يېقىنقى زامانغا كەلگەندە تەلەپپۇزدا يېزىلىدىغان بولغان ۋە «جاناب» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. تۈركىي تىللاردا تەلەپپۇزدا يېزىلىدىغان ماۋارە ئۇننەھر ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردا ئەڭ دەسلەپ خەلىپە ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى، شۇنداقلا ئەلىنىڭ فاتىمىدىن باشقا خوتۇنلىرىدىن بولغان پەرزەنتلىرىنى بىلدۈرگەن. بىراق 14 ـ ئەسىردە بەزىلەر «خوجا»نى كىشى ئىسمىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ ئىشلەتكەن. مەسىلەن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئىلياس خوجاخان، خىزىر ـ خوجاخان قاتارلىقلار، ئەمما «خوجا» نامى مەخدۇم ئەزەم جەمەتى يەنە مەركىزى ماقالىدە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان خوجىلار جەمەتى دەۋرىگە كەلگەندە كونكرېتلاشقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىدا كۆرسىتىلگەن تاشقى نەسەب (قانداشلىق نەسەبى) تىن قارىغاندا، بۇ سۆز يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نامى سۈپىتىدە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ قىزى فاتىمە ۋە ئەلىدىن بولغان پەرزەنتلىرىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى «سەئىد»بىلەن مەنىداش ھالدا ئىشلىتىلگەن.

جاھالەتپەرەس خوجا ـ ئىشانلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ئاتالمىش «خوجىلار دەۋرى» نىڭ شىنجاڭ زېمىنىدا مەيدانغا كېلىشى، ھەرگىز تاسادىپىي ياكى ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ۋەقە ئەمەس، بەلكى ناھايىتى چوڭقۇر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بىر مەسىلىدۇر.

10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى

ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاۋام خەلق ئارىسىدىمۇ ئىسلاملىشىش جەريانى باشلاندى. قاراختىراي (غەربىي لياۋ) ئىمپېرىيەسى بىلەن چاغاتاي خانلىقى ئاساسەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقىدىن، ئىسلام دىنى باشقا دىنلار بىلەن بولغان رىقابەتتە تېخىمۇ روناق تاپتى ۋە كېڭەيدى. بولۇپمۇ ئۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تېخىمۇ تېز ئەۋج ئالدى. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە «شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى تامامەن ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولدى». ئۇلارنىڭ ئىسلاملىشىشى «تارىخىي مۇقەررەرلىك» كە ئايلاندى. ئوخشاشلا، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى زېمىنىدىكى باشقا قەبىلەرنىڭ ئىسلاملىشىشىمۇ «تارىخىي مۇقەررەرلىك» بولۇپ قالدى. ئەمما بۇ جەريان خېلىلا مۇرەككەپ ۋە ئۇزاق ۋاقىتتا تاماملاندى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى قورچاق بولۇشنى خالىمىغان تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن ھاكىمىيەت ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايدىغان دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەر بىردەك ئاكتىپلىق بىلەن ئىسلام دىنىدىن مەدەت تىلەشتى. ئۇلار دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن كەڭ ئىسلام دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، 1353 ـ يىلى ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يۇزىيىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا دىنىي زاتلارنىڭ تەرغىباتى، بولۇپمۇ ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ۋە مەجبۇرلاش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق. ئەينى يىللاردىكى بۇددا دىنى مەركىزى بولغان تۇرپاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنىدىكى بارلىق پۇقرالار ئاساسەن ئىسلام دىنىغا كىردى. دەۋردىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ۋەكىلى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. مەۋلانە ئەرشىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بوۋىسى بۇخارانىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇجتەھىدى (دەلىللەشكە ئىشتىراك قىلمايلا ھۆكۈم چىقىرىدىغان فىقھ، شەرىئەتنى شەرھىلىگۈچى) خوجا ھەفىسىدىنىنىڭ ئىنىسى شۇ جائىدىن مەھمۇد ئىدى. شۇ جائىدىن چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن، تېخى يېڭى خان تەختكە ئولتۇرمىغان چاغدا چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ جەمەتى شۇ يەردە دىن تارقىتىشقا باشلىغان. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ تەسىر كۈچى پۈتكۈل خانلىققا كېڭەيدى.

15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە ئۇۋەيسخان ماۋارەئۇننەھردە سەرسان بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا نەقشىبەندى مەزھىپىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ تەختكە

ۋارىسلىق قوبۇل قىلدى. ئۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، بۇ مەزھەپ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا كىردى. يۇنۇسخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن نەقشبەندى مەزھىپىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ تەسىر كۈچى خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىغا سۈرۈپ چىقىرىلدى، ھەتتا خوجا تاجىدىنمۇ نەقشبەندى مەزھىپىگە كىردى. شۇنداق قىلىپ 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نەقشبەندى مەزھىپى ئاتاقتا پۈتكۈل شەرقىي چاغاتاي خانلىقى زېمىنىغا كېڭەيدى.

نەقشبەندىيە مەزھىپى ئىسلام دىنىنىڭ سوپى مەزھىپىدىكى بىر كىچىك مەزھەپ بولۇپ، ئۇنىڭ نامى مۇشۇ مەزھەپنىڭ ئىجادچىسى نەقشبەندى (1317-1389-يىللار) دېگەن كىشىنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن. بۇ مەزھەپ بىلەن ئادەتتىكى سوپى مەزھىپىنىڭ پەرقى شۇكى، ئۇنىڭدا توپلىشىپ تىلاۋەت قىلغاندا زىكىر ( ساما ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاللاھ بىلەن ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى) كەلسە ــ كەلمەس ۋارقىراپ ئوقۇلماستىن، بەلكى پەس ئاۋازدا ئوقۇلىدۇ. سوپى مەزھىپى، 8-11-ئەسىرلەردە ئىراندا پەيدا بولغان. بۇ سىرلىق، يېرىم راھىبلىق مەزھەپ. سوپى ( ) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «يىرىك يۇڭدىن توقۇلغان بۇيۇم»، «خام توقۇلما» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ نامرات، تەركىدۇنيا تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا كۆپلىگەن سوپى مەزھىپى مەدرىستىلىرى دەرۋىش بولۇپ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تەشكىللەپ، بىر خىل زور ئىجتىمائىي سىياسىي كۈچكە ئايلانغان ۋە ھۆكۈمران سىنىپلار دائىم «غازات» قىلىشتا تايىنىدىغان ئاساسلىق كۈچ بولۇپ قالغان.

11-ئەسىردە سوپى مەزھىپى خۇراسان ۋە ماۋارە ئۈننەھردە كەڭ تارقالدى ۋە تەدرىجىي بىر خىل ئىجتىمائىي كۈچ بولۇپ شەكىللەندى. نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد ئىمامى ئەھرارخان تۆمۈرىيلەر خاندانلىقىنىڭ خانى ھۈسەيىنىنىڭ مەنىۋى ئۇستازى، ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى بولۇپ، ماۋارە ئۈننەھردىكى ئەمەلىي ھۆكۈمرانغا ئايلانغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ بارتولد: 1451-يىلى «ھۈسەيىنىنىڭ غەلىبىسى ئوخشاشلا خوجا ئەھرارنىڭ غەلىبىسى بولغان» دەپ يازىدۇ. غاپپاروف: «خوجا ئەھرار ــ ھەققىي فېئودال، ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە زور مىقداردىكى بايلىق ۋە ناھايىتى كەڭ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلغان» دەپ كۆرسىتىدۇ. خوجا ئەھرارخان ئىمام بولغان چاغدا نەقشبەندىچىلىك مەزھىپى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا تېخىمۇ كەڭ تارقالدى. يۇنۇسخان ئۇنىڭ مۇرىتىغا ئايلاندى. مەھمۇدخان بولسا خوجا ئەھرارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك مۇرىتى مۇھەممەد داموللىنىڭ مۇرىتى ئىدى. بۇنىڭدىن نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ شەرقىي چاغاتاي

خانلىقىغا تارقىلىپ كىرىشىنى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، سىياسىي جەھەتتە فېئوداللارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكلىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

سەئىدخان يەكەن خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن ئەھرارنىڭ نەۋرىسى خوجا مۇھەممەد شېرىپ يەكەنگە كەلدى. «تارىخىي رەشىدى» دە خاتىرىلىنىشىچە، سەئىدخان «خوجىغا مۇرىت بولغان»، ئۇنى كۈتۈش ئارقىلىق دەۋرىش بولۇپ، «مۇرادىغا يېتىش» نى ئارزۇلىغان. ئەمما ئۇ خوجا ئۇ خوجا ئۇنىڭغا «تەختتە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، دەرۋىشلەردەك پەرھىز تۇتسىڭىز، ئاندىن تىلىكىڭىزگە يېتىسىز» دەپ پەندى ــ نەسىھەت قىلغان. خوجا يەنە «راستىنى ئېيتقاندا، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى «ئاللاھ»غا يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ ئاقلانە يولى، لېكىن خانلار ئۆز ھوقۇقىنى خالىغانچە ئىشلىتىدۇ. خانلارنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن كۆرسەتكەن ئىلتىپاتى دەرۋىشلەر (مەيلى ئۇ قانداق تەرىقەت قىلسۇن) نىڭ ئۆمۈر بويى قىلغان شائائىتىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئەمەلىي، ئۇنۇملۇك ھوقۇقتۇر»، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەئىدخان بىرمەھەل دىنىي ئەسەبىيلىكتىن يەسكويغا چۈشىدۇ. دەرۋىشلەر گۇرۇھىنىڭ سەردارى دىنغا بېرىلگەن نۇرغۇن مۇرىتلارغا مۇھتاج بولۇپلا قالماي، ھاكىمىيەتنىڭ قوللىشىغا تېخىمۇ مۇھتاج ئىدى. شۇڭا خوجا مۇھەممەت شېرىپ ھەم سەئىدخاننىڭ مۇرت قىلىشى، ھەم ئۇنى داۋاملىق خان قىلىپ، ھاكىمىيەت ئارقىلىق ئۆز مەزھىپىگە تېخىمۇ كۆپرەك «ئىلتىپات» ئېلىشى لازىم ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، خوجا مۇھەممەت شېرىپنىڭ ئاكىسى خوجا نۇرى، ئەرشىدىننىڭ پۇشتى خوقا تاجىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەكەنگە كېلىپ دىنىي سەردارلىق ھوقۇقىنى تالاشتى ھەمدە ئۇلار يەكەن خانلىقىدىكى بىر مەزھەپكە يار ــ يۆلەك بولدى. كۆرەش نەتىجىسىدە خاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئاۋۋال ئېرىشكەن خوقا مۇھەممەت شېرىپ ئاكىسى خوقا نۇرىنى سقىپ چىقاردى. ئەمما دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ قىزغىن قوللىشىغا مۇيەسسەر بولغان خوجا ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ جەمئىيەتتە يەنىلا ناھايىتى چوڭ تەسىرى بار ئىدى. خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ پائالىيىتى بولسا پەقەت ئوردا بىلەن يۇقىرى قاتلام تەبىقىدىكىلەر ئىچىدىلا ئېلىپ بېرىلدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان خانلىق تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ كۈچىنى يوقىتىش بىلەن ۋاقىتتا، خوجا ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ دىنىي تەسىرىگە زەربە بەردى. ئۇ خوجا مۇھەممەد شېرىپنى پائال قوللاپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى؛ بۇ خوجىمۇ دۆلەتنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي چوڭ ئىشلىرىغا پائال ئىشتىراك قىلىپ، سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ قىرغىزلارغا جازا يۈرۈش قىلىشى ۋە

غەلىبە قىلىشىغا ياردەمدە بولدى.

سۇلتان ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ماۋارە ئۈننەھر رايونىدىكى نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ 5 ـ ئەۋلد سەردارى مەختۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى خوجا ئىسھاق ۋەلى يەكەن خانلىقىغا كەلدى، ئۇلار نەچچە ئەۋلاد دىن تارقىتىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دەھرىي ھاكىمىيەتنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن تەدرىجىي دەھرىي ھاكىمىيەتنى تىزگىنلىگۈچىلەرگە ئايلاندى.

مەختۇم ئەزەم ئۇلۇغ ئىگەم، دېگەن مەنىدە، ئەھمەد كاسانىنىڭ لەقەبى ( شەرەپ نام دېگەن مەنىدە) ئىدى. «تەزكىرەئى ئەزىزان» («خوجىلار تەزكىرىسى» ) دە خاتىرىلىنىشىچە ، ئۇنىڭ تۇنجى ئاتا ـ بوۋىسى ئەرەبىستاندىكى مەدىنىلىك بولۇپ، بوۋىسى پەرغانە رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن. مەختۇم ئەزەم ھىجرىيە 866 ـ يىلى (1461ـ1462ـيىلى) پەرغانىدىكى كاسان دېگەن يەردە تۇغۇلغان. ئۇ تاشكەنت مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغىن چېغىدا، نەقشبەندىيە مەزھىپىگە كىرگەن ھەمدە خوجا ئەھرارنىڭ ۋارىسى مۇھەممەد غازىنىڭ مۇرىتى بولغان. مۇھەممەد غازى ھىجرىيە 921ـيىلى (1515ـ، 1516ـ يىلى) قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇ بۇ مەزھەپنىڭ سەردارى بولۇپ، ھىجرىيە 949ـيىلى (1542ـ، 1543ـيىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن. خوجىلار مەزھىپىدىكى مۇرىتلار ئارىسىدا ئۇ نەقىسبەندىيە مەزھىپىدىكى ئەڭ كاتتا ئابرويلۇق خۇداگۆي (ئىلاھىيەتچى) ۋە نەزەرىيىچى دەپ تونۇلغان. مەختۇم ئەزەم سۈننىي مەزھىپىدە بولۇپ، نۇقتىئىينەزىرى پاناچىلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇ سوپىلار دائىم خانىقالاردا تۇرۇپ تەرىقەت قىلىشى، دىن تارقاتقاندىلا ئۇزاق مۇددەت سىرتتا تۇرۇشى كېرەكە، دېگەننى تەرغىپ قىلاتتى. ئۇ شەخسىنىڭ زاھىد تەركىدۇنيا بولۇشىنى ئىنكار قىلاتتى. نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ يوسۇنلىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئەگەردە مۇرىتلار مەزھەپ ئىچىدىكى رەسمىي پائالىيەتلەردە «پەس ئاۋازلىق زىكىر» ئوقۇپ خىراج تۆلىسە، ئۇلارنىڭ «يۇقىرى ئاۋازدا زىكىر قىلىشى» ۋە ساما ئوينىشىغا ئىلتىجا بەردى ھەمدە ساز ساما ئۇسسۇلى ئوقۇپ زۆرۈرلۈكىنى ئېتىراپ قىلدى. سىياسىي جەھەتتە مەختۇم ئەزەم ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن بىر قانچە ئەۋلاد دىنىي شەيخۇلئىسلاملارغا ئوخشاشلا شەيبانىلار خاندانلىقىنىڭ ھەربىي ۋە يۇرتداچىلىق ئىشلىرى ھەمدە ئىچكى كۈرەشلىرىگە پائال ئىشتىراك قىلدى. مەختۇم ئەزەم ئۆزىنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىنى ماۋارەئۇننەھردە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ قەشقەرلىك بىر خۇتۇنىنىڭ بارلىقىدىن قارىغاندا، ئۇ قەشقەرگىمۇ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، (ئەمما ئۇنىڭ بىلەن دەۋرىش بولغان مۇئەللىپ شاھ مەھمۇد جوراس «تارىخىي رەشىدى زەيلى»،

«سەئىدىيە خانىدانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار») ناملىق ئەسىرىدە ئىمكانىيەت بولسىلا خوجىلار جەمەتىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئالاھىدە ماختاشنى قولدىن بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ مەختۇم ئەزەمنىڭ يەكەنگە كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالمىغان.

مەختۇم ئەزەم ھايات ۋاقتىدىلا ئوغۇللىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، چوڭ ئوغلى مۇھەممەت ئىمىنى («ئىشان كالان»نامى بىلەن مەشھۇر) نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ باش پىرلىقىغا، قالغان ئوغۇللىرىنى مەزكۇر مەزھەپنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى سەردارلىقىغا بەلگىلىدى. ئەمما مەختۇم ئەزەم ئۆلۈشى بىلەنلا ئوغۇللىرى مەزھەپنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى تالىشىپ كەسكىن كۈرەشلەرنى قوزغىدى، ئەمما بۇ مەيدان كۈرەشتە چوڭ ئوغۇل مۇھەممەت ئىمىن باشقىلارغا قارىغاندا نامى ئۇلۇغ، سۆزى يوللۇق بولغاچقا تەبىئىي ھالدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئەمما ئىسھاق ۋەلى مەختۇم ئەزەمنىڭ قەشقەرلىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ھەمدە بۇ خوتۇن سەئىد جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، سەئىد جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، ئىسلام دىنىدىكى «ئوغۇل ئانىسى نەسەبىدىن ئەتىۋارلىق» دېگەن ئەنئەنە بويىچە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ «خوجائى قەشقەرى» دەپ ئاتالدى. يەنە كېلىپ بۇ قابىلىيەتلىك بولغاچقا، ئۇمۇ مۇھەممەد ئىمىن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان كۈچكە ئايلاندى. شۇڭا بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تولىمۇ كەسكىن بولدى، ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرىمۇ تەدرىجىي ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈندى، مانا بۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئاقتاغلىق، قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ مەنبەسى ئىدى. «بۇ كۈرەش ماۋەرەئۈننەھر رايونىدىن ھالقىپ، موغۇل دۆلىتى (يەنى يەركەن خانلىقى)، قازاقلار ۋە قىرغىزلار تېررىتورىيىلىرىگىچە يامرىدى»، بۇ قارىمۇقارشى ئىككى مەزھەپ بۇ رايونلاردا كۆپلە مۇرىت توپلاپ، تەسىرىنى زورايتتى ۋە ئۆز كۈچىنى ئۇلغايتتى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا خوجىلار غەربىي يۇرتقا كىرىپ كەلدى.

15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ نەقشىبەندىيە تەرىقىتى ئۇزۇن مەزگىلگىچە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا سىڭىپ كىرىش، تەرغىبات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، بۇ مەزگىلگە كەلگەندە يۇقىرىسى ھوقۇقدار كاتتىلاردىن تۆۋىنى ئاۋام پۇقرالارغىچە، غايەت زور تەسىرگە ۋە كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ بولغانىدى. ئۇ يەردىكى دەھرىي ھاكىمىيەت ئارىسىدىكى كۈرەشلەر سىرتتىن كەلگەن دىنىي كۈچلەرنىڭ ئىرىكىشىپ تۇرۇشى، مەزھەپلەر ئارىسىدىكى كۈرەشلەر، سىرتتىن كەلگەن دىنىي كۈچلەرنىڭ ئىچكىرىلەپ كىرىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پۇرسەتلەر بىلەن تەمىن ئېتەتتى.

خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ يەركەن خانلىقىغا كىرىشىدىكى تۈنجى ئۆتەڭ ئانىسىنىڭ

يۇرتى قەشقەر بولدى. ئىسھاق ۋەلى ئۆزىنىڭ شانۇ ـ شاۋكەتلىك خوجىلىق سالاھىيتى، مەرتىۋىلىك شەجەرىسى ۋە يۇكسەك ئابرويى، شۇنداقلا پەۋقۇلئاددە پائالىيەتچانلىقى بىلەن قەشقەردە زور ئۇتۇق قازاندى. شاھ مەھمۇت جوراسىنىڭ خاتىرىلىشىچە، شۇ جايدىكى دىنىي زاتلاردىكى موللا قاسىم خەلىپە ئۆز مۇرتلىرىنى ۋە يېقىن ـ يورۇقلىرىنى باشلاپ كېلىپ خوجا ئىسھاققا قول بەردى. موللا ئىبىن يۇسۇپ خەلىپىمۇ خوتەندىن كېلىپ ئۇنىڭغا مۇرىت بولدى. دىنىي ساھەدىكى يۇقىرى قاتلام زاتلىرىنىڭ بۇنداق باش ئېگىشلىرى كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا نىسبەتەن شەكسىزكى، غايەت زور تەسىرگە ۋە چاقىرىق كۈچىگە ئىگە ئىدى، شۇڭا كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ سەپكە قېتىلىپ كەتتى.

قىسقىسى، خوجا ئىسھاقنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى دىنىي پائالىيەتلىرى مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، مۇھەممەت سۇلتانغا ئوخشاش بەگ ـ سىپاھلارنى ئۆز ئېچىگە ئالغان، زور ساندىكى مۇرتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما تەۋرەنمەس ۋە مۇستەھكەم ئاساس ئورنىتىشقا قادىر بولالمىدى.

ھىجرىيە 1000 ـ يىلى (1591ـ1592) سۇلتان ئابدۇكېرىمخان ئالەمدىن ئۆتتىئ ئورنىغا بەشىنچى ئىنىسى مۇھەممەد سۇلتان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. گەرچە مۇھەممەد سۇلتاننىڭ تەختكە چىقىشىنى قاراتاغلىق خوجىلار پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ تەختكە چىقىشى ئەمەلىيەتتە قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى زور غەلبىسى بولدى. ئۇلار مۇھەممەدخاننىڭ قوللىشى بىلەن باشقا مەزھەپلەرگە زەربە بەردى ۋە ئۇلارنى سىقىپ چىقىرىپ، ئۆز مەزھىپىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى.

شۇنداق قىلىپ قاراتاغلىق خوجىلار خانلىقنىڭ قوللىشى بىلەن كۆپلەپ مۇرىت ـ تالىپ قوبۇل قىلىپلا قالماي يەنە ناھايىتى كۆپ بايلىققا ئېرىشكەچكە، ئىسلام دىنىدىكى باشقا مەزھەپلەر قارشىلىشىشقا پېتىنالمايدىغان دەرىجىدە كۈچەيدى.

قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ غايەت زور قۇدرىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مۇھەممەدخاننىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇ سەمەرقەندتە تۇرۇۋاتقان خوجا ئىسھاققا يازغان مەكتۇپىدا، ئۆزىنى «ئەڭ پەس قۇل» دەپ ئاتىدى ھەمدە «ئەرزىمەس بېشىنى سوۋغا ئورنىدا خوجا ئىسھاققا ئاتا قىلىش» نى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ يەركەن خانلىقىغا بولغان بىۋاستە كونتروللۇقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئىسھاق خوجا 1596 ـ يىلى ئەمدىلا يەتتە يېرىم ياشقا كىرگەن ئوغلى مۇھەممەت يەھيا (خوجا شادى نامى بىلەن مەشھۇر) نى يەركەنگە ئەۋەتتى. مۇھەممەدخان

بۇنىڭغا بەكمۇ ئېتىبار بىلەن قاراپ، شەخسەن ئۆزى قىزغىن ۋە سەلتەنەتلىك قارشى ئېلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ ھەقتە شاھ مەھمۇد جۇراس مۇنداق يازىدۇ:«خوجا مۇھەممەد يەھيا ئىبىن خوجا ئىسھاق بىن مەخدۇم ئەزەم (ھەممىدىن قۇدرەتلىك بولغان ئاللاھ ئۇنىڭ روھىنى پاك قىلغاي!) ماۋارائۇننەھردىن بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلدىلەر، مۇھەممەدخان قوش قەمبەرگە كۆتۈۋېلىشقا كەلدى ۋە ئەڭ ئالىي ئىززەت- ئىكرام بىلەن ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ قاراقۇم يېزىسىغا كەلدى. ئاندىن مۇھەممەدخان ئاتتىن چۈشۈپ مۇھەممەت يەھيا مىنگەن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۆز بوينىغا سالغىنىچە ئۇنى ئوردىغا باشلاپ كىردى ۋە ئۇنىڭ شەرىپىگە ئۇدا ئۈچ كۈن ھەشەمەتلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن مەقبۇل كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداقلا مۇھەممەت يەھياغا مەخسۇس خانا تەييارلاپ شۇ يەردە جايلىششقا تەكلىپ بەردى»، شۇندىن ئېتىبارەن قاراتاغلىق خوجىلار يەركەن خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا قەدەم باستى. مۇھەممەدخان ، مۇھەممەد يەھيا خوجا (يەنى خوجا شادى) نى مەنىۋى ئۇستاز تۇتۇپ، مەخسۇس ئۇنىڭغا ئاتاپ ئىمارەت سالدۇرۇپ بەرگەندىن باشقا، يەنە فەيزىباد ۋە سانقاش يېزىلىرىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى، كېيىنچە يەنە ئۇزلۇكسىز ھالدا كەنت ــ يېزىلارنى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىۋەردى، ھەمدە قاشتېشى قېزىشتىن كىرگەن كىرىمنى ئۇنىڭ خىراجىتىگە تاپشۇردى. 1610-يىلى مۇھەممەدخان ئالەمدىن ئۆتكەندە، خوجا شادى 21 ياشقا كىرگەن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كۈچ ــ قۇدرىتى ۋە غەيرەت جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان قىران يىگىتلىك ۋاقتى ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچنى تېزگىنلەپ ئۆز قولىدا تۇتتى، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە سىياسىغا قول تىقىپ ئۆز تەسىرىنى ئۇزلۇكسىز كېڭەيتتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەركەن خانلىقىدىكى يۇقىرىسى لەشكىرىي ــ سىياسىي ساھەدىكى مۇھىم ئىشلاردىن تۆۋەندە ئاددىي پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغىچە بولغان ھەممە ئىشلار خوجىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلىدى.

ھىجرىيە 1018-يىلى (1610-1069) مۇھەممەدخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئوردىدا پائال ھەرىكەتلىنىۋاتقان خوجا شادى، ۋەزىرخوجا لىتىپ، قوشبېگى (ئەڭ ئالىي لەشكىرىي قوماندان) مىرزا غىياس، ئىشىكئانا (ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ باشلىقى) مىرزا ئابدۇللا قاتارلىقلار دەرھال خاننىڭ چوڭ ئوغلى، قەشقەر نائىبى شۇ جائىددىن ئەھمەد سۇلتانغا مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەركەنگە كېلىپ خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. خوجا شادىنىڭ تەسىر كۈچى تېزلىك بىلەن كېڭىيىپ مۇرتلىرى ئون مىڭدىن

www.kitaphumar.com

ئېشىپ كەتتى، ئۇ ئەسەبىيلەشكەن ھەم قاراملىقتا چېكىگە يەتكەن زور كۈچ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خان ئارقا ـ ئارقىدىن تارتۇق قىلغان زېمىن، ئۆي ـ جاي ۋە پۇل ـ ماللار بىلەن «باي ۋە قۇدرەتلىك فېئوداللارغا ئايلانغانىدى»، خوجىلار جەمەتى ۋە مۇھىم ئەمەلدارلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشىنىڭ ئەكسىچە، خانلىق ھوقۇقى كۈنسېرى ئاجىزلاشتى.

خوجا شادىنىڭ يەركەن خانلىقىدىكى تەسىرى تېخىمۇ كۈچەيدى، خوجا شادى مەزھەپتىكى مۇتلەق نوپۇز ئىگىسى ۋە ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بىردىنبىر داھىيغا ئايلاندى، ئۇ يەنە خانلىقتا تېخىمۇ چوڭ سىياسىي ھوقۇقلارنى قولغا ئېلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خوجىلار يەركەن خانلىقىدىكى خانلىقنى قوللىغۇچىلاردىن خانلىق ھوقۇقىنى يۆرگۈزگۈچىلەرگە ئايلاندى.

ھازىرقى مەۋجۇت بولغان مەنبەلەردىن ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ پىر ئۇستازى ئىشان كلان (يەنى مۇھەممەد ئىمىن، شەخسەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كەلگەنلىكىگە ئائىت بىرەر يىپ ئۇچىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆمرى ئاساسەن ماۋارەئۇننەھىردە ئۆتكەن. مەزكۇر مەزھەپتىكى خوجىلارنىڭ يەركەن خانلىقىغا كىلىشى ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد يۈسۈپتىن باشلىنىدۇ.

خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ يەركەن خانلىقىغا كەلگەندە ئابدۇلېتىپخان تەختتە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا خوقا شادى باشچىلىقىدىكى قاراتاغلىقلار مەزھىپى غايەت زور تەسىرگە ئىگە ئىدى. ئۇلار يۇقىرى قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرىپ، خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي تۇرمۇشىنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا ئۇلارنىڭ رەقىبى بولغان ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ پۇت تىرەپ تۇرمىقى قىيىن ئىدى. ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىشتىن سۆز ئاچقىلى تېخىمۇ بولمايتتى. خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن ۋەز ـ تەبلىغ قىلىپ يۈرۈپ يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا كەلدى. بۇ جاي قاراتاغلىقلارنىڭ مەركىزى بولغان يەركەندىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن قاراتاغلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئانچە ئۇچرىمىغانىدى، يەنە كېلىپ ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇللاخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولغاچقا، يەركەن خانىنىڭ قىلچە چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى، مۇھەممەد يۈسۈپ خوجا قومۇلغا كەلگەندىن كېيىن، يەرلىك دىنىي فېئودالنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، نىكاھ ۋاستىسى ئارقىلىق يەرلىك دىنىي كۈچلەر بىلەن بىرلەشتى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ مۇشۇ مەزگىللىك (تەخمىنەن 12-،13-يىل) دىنىي تەرغىبات پائالىيەتلىرى قومۇل رايونى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى باشقا جايلاردىمۇ نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى

www.kitaphumar.com

كۆرسەتتى، بىراق ئۇنىڭ غەربكە قاراپ زورىيىشى ئارزۇسى تۇرپان رايونىدا قاراتاغلىقلارنىڭ مۇئەييەن تەسىرىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى سەۋەبىدىن زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشەلمىدى.

ھىجرىيە 1048-يىلى (1638-1639) ئابدۇللاخان ئاخىرقى ھېسابتا تەختكە ئولتۇرۇپ، يۆتكۈل يەركەن خانلىقىنىڭ خانى بولغاندىن كېيىن مۇھەممەت يۇسۇپ 11-12 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئوغلى ھىدايىتۇللانى ئەگەشتۈرۈپ، خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈپ كەلدى، بىراق ئەھۋال مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك بولماي قالدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا باشچىلىقىدىكى قاراتاغلىقلار بىلەن مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاقتاغلىقلار ئايرىم – ئايرىم ھالدا يەركەن ۋە قەشقەرنى بازار قىلىپ، ئۆزلىرى كونترول قىلغان مەركىزىي ياكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئارقىلىق خوجىلار جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپ كۈرىشىنى ئىككى سىياسىي گۇرۇھنىڭ كۈرىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتتى. قارىمۇ قارشىلىق ۋە كۈرەشنىڭ جىددىيلىشىشى نەتىجىسىدە قاراتاغلىقلار ۋە ئاقتاغلىقلار ھاكىمىيەتكە بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتتى، بۇنىڭ بىلەن خانلىقتىكى مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن يەرلىك ھاكىمىيەت، يەرلىك ھاكىمىيەت بىلەن يەرلىك ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقلار تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى، بۇ ئەھۋالدا رەقىب ولۇشۇپ تۇرۇۋاتقان سىياسىي كۈچلەر كۈرەشنىڭ ئېھتىياجى يۈزىسىدىن دىنىي كۈچلەرگە تېخىمۇ بەكرەك تاياندى، بۇ ئەھۋال ئايلىنىپ كېلىپ مەزھەپ سەردارلىرىنىڭ ھاكىمىيەتنى ئىزگىنلىشىنى كۈچەيتىۋەتتى.

يەركەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدە، يەركەن خانلىقىدا قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ تەسىرى كۈچەيگەن، يەركەن خانلىقىنىڭ خانى ئىسمايىل قاراتاغلىقلارنى قوللاپ، ئاقتاغلىقلارنىڭ باشلىقى ئاپپاق خوجىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قوغلاپ چىقاردى. 1670-يىلى ئاپپاق خوجا جەنۇبىي شىنجاڭدىن قوغلىۋېتىلگەندىن كېيىن، دەسلەپتە ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ باردى. كېيىن تىبەتكە بېرىپ دالاي لامادىن مەدەت تىلىدى. دالاي لاما ئاپپاق خوجىنىڭ تەلپىگە بىنائەن شۇ چاغدىكى جۇڭغار خانى غالدانغا ئاپپاق جوجىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا مەكتۇپ يازدى، ئاپپاق خوجا تىبەتتىن قايتىشىدا چىڭخەي، گەنسۇدىن ئۆتتى. گەنسۇنىڭ سۇجۇ رايونىدىكى بۇددا راھىبمۇ ئاپپاق خوجىنى غالدانغا تونۇشتۇرۇپ مەكتۇپ يېزىپ بېرىدۇ.

ئاپپاق خوجا بۇ خەتلەرنى ئېلىپ 1676-يىلى جۇڭغار خانلىقى ئوردىسىغا بارىدۇ. بۇ

چاغدا جۇڭغار خانلىقى خېلى قۇدرەت تاپقان بولۇپ، ئالدىنقى يىلى ياز ئايلىرىدا قومۇل بىلەن تۇرپاننى ھۆكۈملىق دائىرىسىگە كىرگۈزگەنىدى. ئاپپاق خوجا غالدان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا قەشقەر. يەركەنلەردە مۇرتلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى، ياردەمگە ئېرىشسىلا ئاسانلا غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچى كامىل ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنى تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىشنى ئاللىبۇرۇنلا پىلانىغا كىرگۈزگەن ۋە پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغانىدى. يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، غالدان ياش ۋاقتىدا دالاي لاماغا ئېتىقاد قىلىپ، بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئۆگەنگەن. تىبەتتە چېچىنى چۈشۈرۈپ راھىب بولغان. دالاي ئۇنىڭغا «بوش خوتۇغتۇ» دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن. شۇڭا ئۇ دالاي لامانىڭ خېتى بويىچە ئاپپاق خوجىغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە بىر يىل تەكرىتاغنىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلىشقا ھازىرلىنىدۇ.

ئاپپاق خوجا ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ، تەكرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى خەلقنى تالان ـ تاراج قىلىشنى كۈچەيتىدۇ. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە ياخشىچاق بولىدۇ. غالدان ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىش ئالدىدا، ئاپپاق خوجا ئۇلارغا نۇرغۇن مال ـ دۇنيا سوۋغا قىلىدۇ. يالغۇز غالداننىڭ ئۆزىگە تۆت مىڭ سەر تەڭگە ھەدىيە قىلىدۇ ۋە ھەرئايدا شۇنچىلىك تەڭگە ئەۋەتىپ تۇرماقچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە 100 مىڭ سەر تەڭگە، 15 مىڭ چارەك بۇغداي ۋە باشقا نەرسە ـ كېرەكلەرنى تاپشۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىدۇ. ئاپپاق خوجا تىبەتتىكى دالاي لامانىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، لاسا (لىخاسا) غىمۇ تارتۇق يوللاپ تۇرىدۇ. غالدان ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ، قىزىنى ئاپپاق خوجىغا ياتلىق قىلىدۇ.

خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، مىللىي زىددىيەت، سىنىپىي زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىقى، فېئودال خوجىلارنىڭ زۇلۇمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەسى دەستىدىن خەلقنىڭ غەزىپى چېكىگە يەتتى. مەزھەپلەر ۋە تۈرلۈك سىياسىي كۈچلەرنىڭ كۈرىشى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. 1692-يىلى قاراتاغلىقلار جۇڭغارلارنىڭ ئىچكى يېغىلىقىدىن پايدىلىنىپ قاغىلىق، پوسكام، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا ئىسيان كۆتۈرۈلدى. بۇ ئىسيان تېزلىكتە قەشقەر قاتارلىق جايلارغا كېڭەيدى. يەركەندىن باشقا جايلار ئاپپاق خوجىغا بويسۇنمايدىغان بولىۋالدى. بۇ چاغدا غالدانغا بەيئەت قىلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئاما ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان ئىناۋىتى چۈشۈشكە مەجبۇر

قىلدى. ئاپپاق خوجا جۇڭغارلار كونترول قىلىپ تۇرغان قومۇل ۋە تۇرپانغا قېچىپ كەتتى. لېكىن مۇھەممەد ئىمىن ئاقتاغلىقلار بىلەن غالدان قوشۇنىنىڭ زەربىسىدىن مەغلۇپ بولدى. ئاپپاق خوجا يەنە تەختكە چىقىپ قاراتاغلىقلاردىن شادى خوجا يەركەندە رەھىمسىزلىك بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈپ ئوردىغا بېسىپ كىرىپ، ئاپپاق غوجىنى ئۆلتۈرۈپ ئىنتىقام ئالدى. ئاپپاق خوجىنىڭ خوتۇنى خانىم پادىشاھ ئىسيانچىلار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ شادى خوجىنى قەتلى قىلدى. ئۇ يەركەندە، ئاپپاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى يەھيا خوجا قەشقەردە تۇرۇپ ھاكىمىيەت سوردى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي خانىم پادىشا بىلەن يەھيا خوجا توقۇنۇشۇپ قالدى. خانىم پادىشاھ جۇڭغارلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ يەھيا خوجا ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئۆلتۈرگۈزدى.

1696-يىلى ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئىككىنچى ئىنىسى ئاقباشخان ئاقتاغلىقلارنىڭ يېغىلىقىدىن پايدىلىنىپ يەكەنگە بېسىپ كىرىپ، خانىم پادىشاھنى ئۆلتۈردى ۋە ئاقتاغلىقلاردىن قىساس ئالدى. 1697-يىلى قەشقەردىكى ئەخمەت خوجا قىرغىزلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ يەركەندىكى ئاقباشخاننى مەغلۇپ قىلدۇ. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي دانىيال خوجا قازاقلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ يەركەندە تەختكە چىقدۇ.

1713-يىلى جۇڭغار خانى سېۋان ئارابتان قوشۇن باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلدۇ. يەركەندىكى دانىيال خوقا جۇڭغار قوشۇنىغا تەسلىم بولدۇ ۋە جۇڭغار قوشۇنىنىڭ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشقا يول باشلاپ بېرىدۇ. قەشقەردىكى ئەخمەت خوجىنىڭ قوشۇنى بىر نەچچە كۈن قارشىلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇپ بولدۇ. ئەخمەت خوجا ئەسىر ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. دانىيال خوجا ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى بىلەن ئىلىغا كۆچۈرۈلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن 1720-يىلىغىچە مەختۇم ئەززەمنىڭ ئەۋلادى ئىلىكل خوجا ھاكىمىيەت باشقۇردۇ. 1720-يىلى جۇڭغارلار دانىيال خوجىنى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇ جۇڭغارلارغا ھەريىلى 100 مىڭ تەڭگە يوللاپ تۇرىدۇ. 1735-يىلى دانىيال خوجا كېسەل بىلەن ئۆلدى.

دانىيال ئۆلگەندىن كېيىن جۇڭغار خانى غالدان سېرىن دانىيالنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا جاھاننى يەركەن ھاكىمى، ئۈچىنچى ئوغلى خوجا يۈسۈپنى قەشقەر ھاكىمى، تۆتىنچى ئوغلى خوجا خامۇشنى ئاقسۇ ھاكىمى، كىچىك ئوغلى خوجا ئابدۇللانى خوتەن ھاكىمى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئەمما ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي غالدان سېرىن ئۇلارنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇپ باشقىلارنى مەنسەپكە قويىدۇ، كېيىن خوجا يۈسۈپ كۈچ توپلاپ جۇڭغارلارغا قارشى چىققان بولسىمۇ، خانلىق تەختىگە چىقىش نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. بەزى

www.kitaphumar.com

جايلار جوڭغار خانلىقىغا بەيئەت قىلسا، بەزى جايلار چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. يەركەن، خوتەنلەردە بولسا، ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت سوردى. شۇنداق قىلىپ خوجىلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقى ئاساسەن ئاخىرلاشتى.

خوجىلارنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقى ۋە تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ ئاسارىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغىمۇ زور توسقۇن بولدى. يەركەن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پەن ـ مەدەنىيىتى خېلى روناق تاپقان. قەشقەر، يەركەن قاتارلىق جايلاردا «خانلىق مەدرىسى» گە ئوخشاش ئىلىم ـ پەن يۇرتلىرى، دىن، ئەدەبىيات، تارىخ، ئىلمىي تۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ماتېماتىكا ۋە باشقا پەنلەرنى تەھسىل قىلىش مەركىزىگە ئايلانغانىدى. ئىستانبول (كونستانتىنپول)، ئىراق، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن بىر مۇنچە كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. قەشقەردىكى تۆشۈكتاغ رەسەتخانىسى (ئاسترونومىيە كۆزىتىش ئورنى)مۇ خېلى داڭ چىقارغانىدى. ئاپپاق خوجا ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، بۇ رەسەتخانىنى بۇزدۇرىۋەتكەن. ئىلىم ـ پەن يۇرتلىرىنى سوفىزمچىلارنىڭ ئىستىقامەت سورۇنىغا ئايلاندۇرغان. «خانلىق مەدرىسى»دە ساقلىنىۋاتقان نەچچە 10 مىڭ پارچە كىتاب ۋە قوليازمىلارغا ئوت يېقىپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز كۆيدۈرگەن. نۇرغۇن ئالىملار، مەشھۇر زاتلار باشقا يۇرتقا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. تارىخچى ئەنۋەر بايتۇر «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982-يىل 5-سانىغا بېسىلغان «ئاپپاق خوجا توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە ئېيتقانىدەك: شۇنىڭ بىلەن «شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت بىر ئىزدا توختاپ قالغان.»

1678- يىلى ئاپپاق خوجىدىن باشلانغان «خوجىلار دەۋرى» 82-يىلچە داۋاملىشىپ، 1759-يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىر ۋاقىت ئىچىدىمۇ خوجىلار ـ ئەۋلادلىرىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك رەزىل سىياسىي ھەرىكەتلىرى ئۈزۈلمىدى. مەسىلەن، 1757-يىلدىن 1857-يىلىغىچە بولغان يۈز يىل ئىچىدە بۇرھانىدىن خوجا، سامساق خوجا، جاھانگىر خوجا (1790-1820)، بۇزرۇكخان خوجا (1824-1869)، ئەۋلىيا خوجا (1816-1869)، ۋەلىخان تۆرە (1821-1865) قاتارلىق مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان خوجىلارنىڭ قوقەن خانلىقىنىڭ ئاستىرتتىن قوللىشى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا باستۇرۇپ كىرىپ قوزغىغان توپىلاڭلىرى، ئەنە شۇلار جۈملىسىدىن ئىدى. ھەتتا «خوجىلار دەۋرى» دىن يۈز يىل كېيىن، ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن ياقۇپبەگمۇ

خوجىلارنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۆز ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، قوقەندىن ئاپپاق خوجىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى بۇزرۇك خوجا (نەسەبىسى: ئاپپاق خوجا ـ يەھيا خوجا ـ مەھمۇت خوجا بۇرھانىدىن خوجا ـ سامساق خوجا ـ جاھانگىر خوجا ـ بۇزرۇك خوجا) قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭ نامىدىن پايدىلانغان.

قىسقىسى، شىنجاڭدىكى «خوجىلار دەۋرى» بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن كېيىنكى خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق، پاراكەندىچىلىك ھەرىكەتلىرى بولسۇن، باشتىن ـ ئاخىر ۋەتىنىمىزنىڭ پۈتۈنلۈكىگە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا زور بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


ۋېي لياڭتاۋ:«يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999ـيىل، 1ـ نەشرى،

ۋېي لياڭتاۋ، ليۇ جېڭيىن: «خوجىلار جەمەتى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006ـيىل 5ـئاي، 1ـ نەشرى

ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (2ـقىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003ـيىل 5ـئاي، 1ـ نەشرى

ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999ـيىل 11ـئاي 1ـ نەشرى

شاھ مەھمۇت جوراس: «سەئىدىيە خانىدانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، قەشقەر نەشرىياتى، 1988ـيىل 9ـئاي 1ـ نەشرى

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1992ـ يىللىق 2ـسان، 2003ـ يىللىق 2ـ سان

ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000ـيىل 12ـئاي، 1ـ نەشرى

# ياپونىيە ئالىمى ساگۇچى تورۇ ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭغا دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرى

ئىمىن تاجى تۇرگۇن

(ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمى ئوقۇتقۇچىسى)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ياپونىيە شەرقتە جۇڭگونى، جۈملىدىن بىزنىڭ دىيارىمىز شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ياپونىيەدە خېلى بۇرۇنلا شىنجاڭ ھەققىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلار قانات يايغان. بۇ ماقالىدە ياپونىيە ئالىمى ساگۇچى تورۇنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭغا دائىر بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ياپونىيە؛ شىنجاڭ؛ تەتقىقات ئۇچۇرلىرى

شىنجاڭ جۇڭگو تارىخى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان مەدەنىيەت مەركىزىدۇر. بۇ زېمىن تارىختىن بۇيان شەرق-غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىدە مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ماكانى بولغان. بۈگۈنگە قەدەر شىنجاڭ دائىرىسىدىن چىقىۋاتقان ھەر خىل تىل-يېزىقتىكى ۋەسىقىلەر بۇ زېمىننىڭ ھەقىقەت ھەر خىل تىل-يېزىق، مەدەنىيەت، دىن، ئىرق ۋە مىللەتلەرنىڭ بىر مۇزېيى ئىكەنلىكىنى تولۇقى بىلەن ئىسپاتلايدۇ. رۇسىيە شەرقشۇناسلىرىدىن ئوردېنبورگ 1909-يىلىدىن 1911-يىلىغىچە بولغان ۋاقىتتا شىنجاڭنى تەكشۈرگەن ۋە بۇ ھەقتە توختىلىپ شىنجاڭ ھەققىدە مۇنداق باھا بەرگەن: «ئىنسانىيەت تارىخى ھەققىدە سۆز ئېچىشقا توغرا كەلسە، بۇ تارىخقا شەرق خەلقلىرىنىڭ تارىخى تولۇق ھوقۇقلۇق بولۇپ كىرگەندىلا ئاندىن سۆز ئېچىشقا بولىدۇ، بۇ جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، جۈملىدىن شىنجاڭ تارىخى پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە»①، بۇ ئۇنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىڭ يەكۈنى ئىدى، ئەنگلىيەلىك ستەيىن ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ شىنجاڭغا تۆت قېتىم كەلگەن ھەمدە

شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا كۆپلىگەن ساياھەت خاتىرىلىرى ۋە ئارخېئولوگىيە دوكلاتلىرىنى يازغان، ئۇ شىنجاڭ ھەققىدە توختىلىپ: «شىنجاڭ پۈتۈكشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئىستىقبالى پارلاق ماكان»② دېگەن. جۇڭگودىكى داڭلىق ئالىم جى شيەنلىن: «شىنجاڭ بىر گۆھەر جاي ئىكەن، دېگەن چۈشەنچىگە كەلدىم. بۇنداق جاي جۇڭگودا بىر، دۇنيادىمۇ بىر. شىنجاڭنى نېمە ئۈچۈن گۆھەر جاي دەيمىز؟ دۇنيا مەدەنىيىتىدىن ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ، قەدىمكى يۇناننىڭ ۋە قەدىمكى ھىندىستاننىڭ مەدەنىيىتى دۇنياۋى ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت دېيىلىدۇ. شىنجاڭ بۇ ئۈچ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۇچراشقان، قوشۇلغان جايى ھېسابلىنىدۇ. ھەر خىل تىللار، يەنى ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللار، سام سىستېمىسىدىكى تىللار، باشقا نۇرغۇن تىللار بىلەن شىنجاڭدا ئۇچراشقان. بۇنداق ئەھۋالنى شىنجاڭدىن باشقا جايدا تاپقىلى بولمايدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت، دىن جەھەتتىكى ئەھۋالمۇ شۇنداق. دۇنيادىكى ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى ۋە خرىستىيان دىنىدىن ئىبارەت ئۈچ دىنمۇ شىنجاڭدا ئۇچرىشىپ ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق ئەھۋالنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ»③ دەپ شىنجاڭغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. دېمىسىمۇ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار باھالار شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورنىغا بېرىلگەن لايىق باھالاردۇر.

ياپونىيە ھازىر شىنجاڭنى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچى بىر قەدەر كۈچلۈك دۆلەت. بۇنداق بولۇشىدا ئىككى سەۋەب بولۇپ، بىرى، ياپونىيەدە بۇرۇندىنلا شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئەنئەنىسىنىڭ بولۇشى، يەنە بىرى، ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى، جۈملىدىن ئوتانى تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭدىن ناھايىتى كۆپ قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىشنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن. ياپونىيەدىكى شەرقشۇناسلىق ياپونىيە مىللەتلىرىزىمىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن گۈللەنگەن بولۇپ، ئەينى چاغدا يەنە جۇڭگوشۇناسلىق دەپمۇ ئاتالغان④.

ياپونىيەدە ھازىر گەرچە «ئۇيغۇرشۇناسلىق» دېيىدىغان مەخسۇس ئىلمىي ئاتالغۇ بولمىسىمۇ، لېكىن مەخسۇس ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدىغان كۈچلۈك ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەر بار، ياپونىيەنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنى شىنجاڭ تەتقىقاتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدىغان بولۇپ، غەربىي يۇرت تەتقىقاتى ياپونىيەدىكى شەرقشۇناسلىقنىڭ بىر قىسمى، ئۇيغۇر تەتقىقاتى غەربىي يۇرت تەتقىقاتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياپونىيەنىڭ غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئۈچ

باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ، 1910 ـ يىللاردىن 1930 ـيىللارغىچە بولغان دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋردە شىراتورى كۇراكىچى، ئىشىخاما جۇنتارو، ئونوگاۋا خىدېمى، خانېدا تورۇ. فۇجىتا تويوخاچى، ئىشىدا مىكىنوسۇكې قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەتقىقاتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ دەۋردىكى تەتقىقاتنىڭ ئاساسلىق يۆنىلىشى خەنزۇچە رەسمىي تارىخلارنى تەتقىق قىلىش بولۇپ، بۇ جەھەتتە خانېدا تورۇنىڭ تەتقىقاتى ئەڭ داڭلىق، ئۇ يالغۇز خەنزۇچە ماتېرىياللارغىلا تايىنىپ قالماستىن، يەنە نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلارنىمۇ تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇنى ياپونىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ پېشۋاسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچ، 1940 ـ يىلىدىن 1969 ـيىلىغىچە بولغان دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋردە ئالدىنقى ئالىملار بىلەن ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ، جۈملىدىن ماسۇدا خىسائو، ئېگامى نامىئو، ئېنوكى كازۇئو، ئۇچىدا گىنپۇ، خانېدا ئاكىرا، ساكۇچى تورۇ، مورى ماسائو، ياماڭا سازۇئو، ئاكىرا فۇجىئېدا قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقاتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئالىملار بىرىنچى باسقۇچتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، تىل مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا يېڭى بىر سەۋىيە يارىتىپ، شىنجاڭدىن تېپىلغان تارىخىي ماتېرىياللارغا بولغان قىزىقىشنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى.

ئۈچىنچى باسقۇچ، 1970 ـيىلىدىن 1989 ـ يىلىغىچە بولغان دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋردە ناگاساۋا كازۇتوشى، ئىكېدا ئون، مانو ئېيجى، ياماگۇچى زۇيخوئۇ، ئۇمېمۇرا خىروشى، موريياسۇ تاكائو، خورى نائو، خورىكاۋاگىرې، شوگايتو ماساخىرو، كۇدارا كوگى، ئودا جۇتېن، خامادا ماسامى، ئوچىئائى موريكازۇ، ئوچىئائى موريكازۇ قاتارلىق بىر قىسىم ياش ئالىملار مەيدانغا كەلدى، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتى ياپونىيەنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ قالدى⑤.

ياپونىيەنىڭ دىسلەپكى مەزگىلدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا خانېدا تورۇ (1882 ـ 1955) ۋەكىللىك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ تارىخشۇناسلىق ۋە ۋەسىقەشۇناسلىق جەھەتتە ناھايىتى كۆپ ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، «تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە تەتقىقات» (بۇ مۇشۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق ئەسەر)، «ئوتانى ساقلىغان شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارغا ئىزاھ»، «تۈركى تىلىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر ئابىدىلىرى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى < سەككىز يۈكمەك نوم بىتىگ> ھەققىدە»،

«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا نوملىرى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى> سادداراما پۇندارىكا سۇترا>نىڭ پارچىلىرى»، »توققۇز ئۇيغۇر ۋە ToguzOguzنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «تۇرپاندىن تېپىلغان مانىي دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئىستىغپار خاتىرىسىنىڭ قالدۇق ھۆججەتلىرى»، «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، «مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەدەنىيىتى»، «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى >بۇدداۋاتام ساكاماخاۋايپۇليا سۇترا>نىڭ پارچىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى كېيىن «دوكتور خانېدانىڭ تارىخشۇناسلىق ئەسەرلىرى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلدى⑥.

بۇنىڭدىن باشقا، نىشى توكوجىرو (1847ـ1912) «ئوتتۇرا ئاسىيا خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسەرنى، خىنوتسۇ تومۇ (1866ـ1920) «ئىلى خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسەرنى، ماتسۇدا توشىئو (1903ـ1983) «كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، «قەدىمكى تەڭرىتېغىنىڭ تارىخ-جۇغراپىيەسى» دېگەن ئەسەرنى، ئومموورا خىروشى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تىلخەت ۋە ھۆججەتلەر توپلىمى» دېگەن ئەسەرنى، ياماداا نوبو (1920ـ1987) «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ۋە ئۇلارنىڭ شەرھى»، «قەدىمكى ئۇيغۇرچە توختاملار توپلىمى»، «قەدىمكى ئۇيغۇرچە سودا-سېتىق توختامنامىلىرىنىڭ فورماتى»، «ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان غەربىي يۇرتقا ئائىت يادىكارلىقلار»، «ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئېلىپ كەلگەن ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنىڭ مۇندەرىجىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى، مورى ماسائو (1921ـ يىلىدىن ھازىرغىچە) «قەدىمكى ئۇيغۇرچە قانۇن ھۆججەتلىرىگە ئائىت مەسىلىلەر»، «بۆگۈخان ۋە قوجو»، «ئورخون يادىكارلىقلىرىنىڭ تونۇلۇشى»، «ئەلشىر نەۋايى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى، ئودا يوتىن «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹سەككىز يۈكمەك نوم بىتىگ› ھەققىدە ئىزدىنىش» دېگەن ئەسەرنى، كودارا كوگى «شىۋېتسىيە دۆلەتلىك موزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنىڭ ۋاقىتلىق تىزىملىكى» دېگەن ئەسەرنى، شۇگايتو ماساخىرو «قەدىمكى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى»، «بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە قوليازمىلار» قاتارلىق ئەسەرلەرنى، خامادا ماسامى «زەپەرنامە ھەققىدە» (موللا شاكىرنىڭ كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدىكى ئەسىرى)، «تارىخى ئەمنىيە ھەققىدە»، «غازات دەرمۇلۇك چىن ھەققىدە»، «ئىلى كىرزىسى ۋە ئۇيغۇرلار»، «خوتەن تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى، مانۇ ئىيجى «بابۇرنامىنىڭ سېھرى كۈچى»، «تارىخى رەشىدىي ھەققىدە»، «بابۇر ۋە ھىرات» قاتارلىق

ئەسەرلەرنى، موريىا سوتاكائو «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان يۆەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددىزم يازمىلىرى» دېگەن ئەسەرنى، يەنە ئاساخى «ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا نوملىرى توپلىمى» دېگەن ئەسەرنى، شىراتورى كۇراكىچى «غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە يېڭى تەتقىقات (1 ـ 4)» دېگەن ئەسەرنى، ئىشىدا مىكىنو سوكىي «لېكوك ئەدىقۇت قەدىمكى خارابىسىدىن تاپقان ‹تۈرك تىلىدىكى مانى دىنى ھۆججەتلىرى› نىڭ 2 ـ قىسمى» دېگەن ئەسەرنى، تارو كۇۋاتا «ئۇيغۇرلارنىڭ يېمىرىلىشى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسەرنى يازدى.

ئومۇمەن، ياپونىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناس ئالىملار شىنجاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرلارغا ئائىت ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىدا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىكى ياپونىيەدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بىر قىسىم تەتقىقات خىزمىتى ۋە باشقا ئىلمىي پائالىيەتلەرمۇ ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ ۋە قايىللىقىنى قوزغايدۇ. بولۇپمۇ بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە لۇغەتچىلىكى بىر قەدەر گەۋدىلىك ھالدا كۆزگە كۆرۈنمەكتە. ئالىم مورى ماسائو 1961 ـ يىلىدىن بۇيان توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بەرگەن، يەنە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ساھەسى بويىچە يېتىلگەن مۇتەخەسسىس ياماداو نوبو 1968 ـ يىلىدىن 1969 ـ يىلىغىچە ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتكەن. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ياپونىيەدىكى بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتۈلگەن ھەم بەزى دەرسلىكلەر تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان. تاكېئوچى كازو تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساس. 1500 سۆز» ناملىق لۇغەت ئۇنىۋېرسىتېت شورىن نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاساسلىق قوللىنىلىدىغان سۆزلەر ۋە ئاددىي گىراماتىكا قائىدىلىرى تونۇشتۇرۇلغان. يەنە تاكېئوچى كازو تۈزگەن «تۆت ھەپتىلىك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دېگەن گىراماتىكا كىتابىمۇ 1991 ـ يىلى ئۇنىۋېرسىتېت شورىن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. بۇ كىتاب ئۇيغۇر تىلىدىن دەسلەپكى ئاساس سېلىشتا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. لىنۇما ئېيزۇ تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» 1992 ـ يىلى خوداكا شوتېن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. مەزكۇر لۇغەت ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەتنى ئەسلىي بويىچە ياپونچىغا تەرجىمە قىلغان بولۇپ 16000 سۆزلۈكتىن تەركىب تاپقان. كۇماتسۇ سوگورۇ تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» (ئۇيغۇرچە ـ ياپونچە) 1991 ـ يىلى تائىر

www.kitaphumar.com

يۇشا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1998-يىلى 6-ئايدا كوماتسۇ سۇگورۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا تۆتىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتۈلگەن. بۇ چاغدا «ئۇيغۇرچە-چاغاتايچە دەرسلىك» ئىشلىتىلگەن. 1998-يىلى 4-ئايدىن 1999-يىلى 11-ئايغىچە توكيو چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا-ئافرىقا تەتقىقات ئورنىدىمۇ ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئېچىلغان. 2001-يىلى 3-ئايدا ياپونىيە يىپەك يولى كۆلۈبىنىڭ پىلانلىشىدا سانشىنا نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساس» دەرسلىكى نەشر قىلىنغان. بۇ دەرسلىك كىتاب ياپونىيەلىكلەر-نىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن مەخسۇس تۈزۈلگەن. شۇ يىلى 7-ئايدا يىپەك يولى كۆلۈبى بىلەن سانشىنا نەشرىياتى بىرلىكتە «دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكى» ناملىق بىر كىتابمۇ نەشر قىلىنغان. بۇ ئىككى ئۆگىنىش قوللانمىسىنى شىنجاڭدىن ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىققان دوكتور ئارزۇگۇل تۈزگەن. 2003-يىلى 2-ئايدىن 2005-يىلى 4-ئايغىچە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى چوۋرى مەدەنىيەت مەركىزىدە تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر تىلى دەرسى تەسىس قىلىنغان. 2004-يىلى 1-ئايدىن 2005-يىلى 8-ئايغىچە توكيودىكى «تۈركىيە-ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت مەركىزى»دە ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتۈلگەن. بۇ يەردە يۇقىرىقى «ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساس»، «دائىم قوللىنىلىدىغان ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكى» دېگەن كىتابلار دەرسلىك قىلىنغان⑦.

ياپونىيە ئۇيغۇرشۇناسلىرى ئىچىدە ساگوچى تورۇنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى تەتقىقاتى بىر قەدەر كۈچلۈك ۋە كۆپ. تۆۋەندە ئۇنىڭ ھاياتى پائالىيىتى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمەن.

ساگوچى تورۇ（佐口透）1916-يىلى تۇغۇلغان. ئەدەبىيات پەنلىرى دوكتورى، ياپونىيە دۆلەتلىك كاناگاۋا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن، ئەدەبىيات بۆلۈمىنىڭ پروفېسسورى، شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. قوشۇمچە شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتى خوكۇرى رايونىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەدىمكى جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم ۋە ئۇيغۇرشۇناس.

ئۇ توكيو ئىمپېرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1949-يىلى فۇجى ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات بۆلۈمىنىڭ دوتسېنتى بولغان ھەمدە جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مىللەتلىرى تەتقىقاتى ۋە يېقىنقى ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1955-يىلىدىن 1958-يىلىغىچە «دۇنيا ئېنسىكلوپېدىيە-سى» (10 توم بولۇپ، خېيبون نەشرىياتى نەشر قىلغان)نىڭ شەرق تارىخى قىسمىنى

www.kitaphumar.com

يېزىپ چىققان. 1959-يىلىدىن 1962-يىلىغىچە «ئاسىيا تارىخى لۇغىتى» (10 توم بولۇپ، خېيبون نەشرىياتى نەشر قىلغان)نى يېزىشقا قاتناشقان. 1964-يىلى ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان «ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا تارىخى» ناملىق ئەسەرنى يېزىشقا قاتناشقان. 1965-يىلى كاناگاۋا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن، ئەدەبىيات بۆلۈمىنىڭ پروفېسسورى بولغان. 1969-يىلى توكيو چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا، ئافرىقا تىللىرى تەتقىقات ئورنى ئۇيۇشتۇرغان «ئىسلاملىشىش ھەققىدە ئورتاق تەتقىقات دوكلاتى»نى يېزىشقا قاتنىشىپ «جۇڭگونىڭ ئىسلاملىشىشى» دېگەن بابىنى تەييارلىغان. 1970-يىلى «يېۋانامى لېكسىيەسى ـ دۇنيا تارىخى»نىڭ 9-تومى «ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا ۋە شەرقى ئاسىيانىڭ تەرەققىياتى»نى يېزىشقا قاتناشقان. 1970-يىلىدىن 1974-يىلىغىچە «دۇنيا ئېنسىكلوپېدىيەسى» (30 توم بولۇپ، خېيبون نەشرىياتى نەشر قىلغان)نىڭ شەرق تارىخى قىسمىنى تۈزىتىپ بېكىتىشكە قاتناشقان. 1972-يىلى «ئادەم ۋە تارىخ مەجمۇئەسى» (23 توم بولۇپ، شىمزو كىتابخانىسى نەشر قىلغان) نى تۈزۈشكە قاتناشقان. شۇ يىلى يەنە «چىڭگىزخان» ناملىق يىرىك ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. 1975-يىلى «بانىيو ئېنسىكلوپېدىيەسى» (24 توم بولۇپ، شوگاكۇكان كىتابخانىسى نەشر قىلغان)نىڭ 9-تومى «دۇنيا تارىخى»نى يېزىشقا قاتناشقان. 1976-يىلى ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋازارىتى بىلەن شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 21-قېتىملىق خەلقئارا شەرقشۇناسلار يىغىنىغا قاتناشقان. 1979-يىلى «تويو ئىلمىي ژۇرنىلى»دا «چىڭ سۇلالىسى ھامىيلىقىدىكى تۇرپان» دېگەن ئىككى قىسىملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، تارىخشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.

ساگۇچى تورۇ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىغا مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇنىڭ تەتقىقاتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئەسەرلىرىدە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتى، تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتى قاتارلىقلار ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن. ئۇ مەخسۇس مۇشۇ ساھە ھەققىدە 34 پارچە ئەسەر يازغان. بۇلاردا ئاساسەن يۈەن سۇلالىسى، چاغاتايخان دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار ۋە ھەرخىل مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىلەر، ئىشلەپچىقىرىش، ھۈنەر-كەسىپ، سودا-سانائەت تەرەققىياتى، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشلەر، چوڭ-كىچىك خوجىلار تۈپلىكى، بەگ-بايلارنىڭ نەسەب، قائىدە-تۈزۈملىرى قاتارلىق كۆپلىگەن مەزمۇنلار بېرىلگەن. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قانچە ئەسىرلىك تارىخىنى بىلىشتە، شىنجاڭنىڭ ئەينى

www.kitaphumar.com

دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. شۇنداقلا تارىختىن بۇيانقى مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتلەرنى چۈشىنىپ، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ساگوچى تورۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىچە:


1. «ئىسلامىيە دەۋرىدىكى چاغاتاي ئۇلۇسى»، «ياپونىيە تارىخشۇناسلىق ژۇرنىلى»، 1941-يىللىق 7-سان.

2. «موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا»(1) (2)، «ياپونىيە تارىخشۇناسلىق ژۇرنىلى»، 1943-يىللىق 8-،9-سانلار.

3. «يۈەن دەۋرىدە تارىمنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىق شەھەرلىرى»، «شىمالى ئاسىيا ژۇرنىلى»، 1944-يىللىق 4-سان.

4. «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1948- يىللىق 1- سان.

5. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىن تۇرمۇشى ئادەتلىرى»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1949- يىللىق 6-سان.

6. «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى»، «دۇنيا تارىخى توپلىمى» (7)، توكيو سېيبوندۇ شىنكو نەشرىياتى، 1959-يىلى نەشرى.

7. «غەربى ديار خەلقىنىڭ تۇرمۇشى»، كادوكاۋا كىتابخانىسى، 1959-يىلى نەشرى.

8. «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ جاھانگىر خوجا توپىلىڭىغا قارشى تۇرۇش تارىخى»، «شىمالى قۇرۇقلۇق تارىخشۇناسلىق مەجمۇئەسى»، 1959-يىللىق 11-سان.

9. «قەشقەر سودا ئائىلىسىنىڭ سودا-تىجارەت تولى»، «تويۇ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1960-يىللىق 9-سان.

10. «18-، 19-ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، كوبۇندۇ كىتابخانىسى، 1963-يىلى نەشرى.

11. «تارانچىلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى ــ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى»، «ياپونىيە تارىخشۇناسلىق ژۇرنىلى»، 1964-يىللىق 11-سان.

12. «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى»، «كاناگاۋا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن، ئەدەبىيات بۆلۈمى ماقالىلەر توپلىمى» (تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى قىسمى)، 1969-يىلى نەشرى.

13. «چىڭگىزخان»، شىمىزو كىتابخانىسى، 1972-يىلى نەشرى.

14. «بۇددىزم دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە»، «ئاسىيا مەدەنىيىتى ژۇرنىلى»، 1973-يىللىق 1-سان.

15. «چىلك سۇلالىسى ھامىيلىقىدىكى تۇرپان» (1)(2)، «تويۇ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1979-يىللىق 10-سان.

16. «يىپەك يولى خەلقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى»، «تارىخ تەربىيەسى ژۇرنىلى»، 1981-يىللىق 5-سان.

17. «تۇرپان شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى»، «كاناگاۋا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن، ئەدەبىيات بۆلۈمى ماقالىلەر توپلىمى» (تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى قىسمى)، 1982-يىللىق 2-سان.

18. «سىرىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىش ـ سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ گەنسۇغا كۆچكەن يىللىرى»، «ئىچكى ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتى»، 1984-يىللىق 3-سان.

19. «شىنجاڭ مىللەتلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، توكيو، يوشكاۋا كوبۇندو نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى.

20. «يىپەك يولى»، توكيو ئوقۇغۇچىلار نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى.

21. «چىلك سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلىدىكى تارانچىلار كەنتى»، «مىللەتلەر تەرجىمىچىلىكى»، 1991-يىللىق 1-سان.


يۇقىرىقى ماقالىلەردىن باشقا، ئۇنىڭ يەنە شىنجاڭ تەتقىقاتىغا دائىر مەخسۇس ئەسەرلىرىدىن «18-، 19-ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» ۋە «شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق مۇھىم ئىلمىي ئەسەرلىرى بار.

«18-، 19-ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ھەققىدە تەتقىقات».

مەلۇمكى، شىنجاڭنىڭ 18-، 19-ئەسىردىكى جەمئىيەت ئەھۋالى مەيلى دۇنيا ۋەزىيىتىدىن، مەيلى جۇڭگو ياكى شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي، تارىخ، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەمئىيەت ئەھۋاللىرىنى چىقىش قىلساق، بۇ دەۋر ناھايىتى مۇرەككەپ بىر تارىخى بولۇشتەك ئالاھىدە ئەھۋال بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا پۈتكۈل جۇڭگوغا نىسبەتەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدۇ، بۇنداق شارائىتتىن پايدىلانغان چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىرى جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى رايونلارنى ھەمدە غەربىي شىمالدىكى بىر قىسىم جايلىرىنى زورلۇق ۋاستىلىرى بىلەن ئىگىلىۋالغان ياكى خالىغانچە كېرىپ قورچاق ھاكىمىيەتلەرنى تىكلەپ

www.kitaphumar.com

شىنجاڭ خەلقىگە ۋەھشىيلەرچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، مەسىلەن، چاررۇسىيەنىڭ ئىلىنى ئون يىل ئىگىلىۋېلىشى ۋە ياقۇپبەگنىڭ قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇپ چىققان «يەتتە شەھەر» قورچاق ھاكىمىيىتى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئاپتور بۇ كىتابىدا ئاساسلىقى 18-،19-ئەسىرلەردە شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، تارىخى ۋە جەمئىيەت ئەھۋاللىرى، ئۇنىڭ كونكرېت ھالقىلىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي يۈزلىنىشلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان بولۇپ، 18-،19-ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە.

«شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» بۇ كىتاب ئۇنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى تۇنجى يېرىك ئەسىرى بولۇپ، 1964-يىلى ياپونىيەدە نەشر قىلىنغان. 1994-يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان. ھازىرغىچە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنمىدى.

ئۇ بۇ كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا «گەنسۇدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر» دېگەن نامدا يۇغۇرلار ۋە سالالارنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى ۋە باشقا ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى ھەققىدە خېلى كەڭ مەلۇمات بەرگەن. «تۇرپاننىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى» نامىدىكى ئىككىنچى قىسمىدا يېقىنقى زاماندىكى تۇرپاننىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇرپاندىكى ھۆكۈمرانلىقى، تۇرپان ئاھالىلىرىنىڭ بىر قانچە قېتىملىق كۆچۈشى ۋە سىياسىي داۋالغۇشلار، تۇرپاننىڭ قايتا بايقىلىشى، تۇرپاننىڭ مىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، تۇرپان ئىناچىخانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تۇرپاندىكى ئىسلام دىنىغا دائىر يادىكارلىقلار دېگەن تېمىدا خېلى ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەن ۋە تەتقىقات ئۇچۇرلىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

كىتابىنىڭ 3-قىسمى بولغان ئىلىدىكى تارانچىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، كۆچۈشلىرى، ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ئۇلارنىڭ جايلىشىشى ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىنغان.

4-قىسىمدا قازاق خانلىقىنىڭ باشقا ئەل خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى-تاشقى مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە توختالغان.

ئاپتور بۇ كىتابىدا شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئىجتىمائىي تۈپلاردىن يۇغۇر، سالار، ئۇيغۇر، تارانچى ۋە قازاقلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە باشقا ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى ھەققىدە خېلى چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇ كىتاب مۇشۇ ساھە بويىچە خېلى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

«شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ھەققىدە تەتقىقات» بۇ كىتاب 2012-يىلى «شىنجاڭ

ئومۇمىي تارىخى»نىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئاپتور بۇ كىتابىدا ئاساسلىقى قەشقەرىيەدىكى مۇسۇلمانلار، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى مۇسۇلمانلار، قۇملۇقتىكى مۇقەددەس جايلار ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە قۇمۇلدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى ھەققىدە دىيارىمىزغا ياپونىيەدىن تەكشۈرۈشكە كەلگەن ئوتانىي ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى ئېلىپ كەتكەن بىرىنچى قول ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان بولۇپ، بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە كىتابنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى تېخىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگەن.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ياپونىيەدە نۆۋەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭ ھەققىدىكى تەتقىقاتلار تېخىمۇ زور قىزغىنلىق بىلەن تەتقىق قىلىنماقتا، بۇ كىتابلار گەرچە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50-،60-يىللىرىدا يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلمىي جەھەتتە يەنىلا شىنجاڭنى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادەتلىرى، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ 18-،19-ئەسىرلەردىكى تارىخىي قىياپەتلىرىنى بىلىشتە ئىنتايىن يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

## ئىزاھاتلار:

① ئوردېنبورگ [رۇسىيە]: «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئۇيغۇر سايرانى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىلى نەشرى،7-بەت.

② ستەيىنىنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى ۋە ئارخېئولوگىيە دوكلاتلىرىدىن ئېلىندى.

③ جى شيەنلىن: «نىيە ۋە توخار تىلى»، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى»، 1979-يىلى، 20-بەت.

④⑤⑥⑦ نيۇرۇجى: «ياپونىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى»، تەيبېي، «چېگرا رايون تەتقىقاتى»، 2005-يىللىق 4-سان.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم زۇنۇن

www.kitaphumar.com

# 日本学者佐口透及其对新疆历史方面的研究成果

依明江•塔吉

摘 要：日本作为东方世界中较早研究中国特别是研究新疆历史文化的国家之一。日本早就开始研究新疆并开展好几次的各类考察活动。本文中论述日本学者佐口透生平并且他关于新疆历史方面的研究成果。
关键词：日本；新疆；研究信息

# لى بەينىڭ يۈرتى ــ سۇيئاب ھەققىدە

## ئابلەت نۇردۇن (ت)

سۇيئاب ــ تاڭ دەۋرىدىكى يىپەك يولى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى مۇھىم شەھەرلەردىن بىرى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا بېرىشتىكى قاتناش تۈگۈنى، جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆۋرۈكى. •

ۋۇ زېتيەننىڭ چاڭئەن بىرىنچى يىلى (مىلادىيە 701 – يىلى)، ئېلىمىزنىڭ ئۇلۇغ شائىرى لى بەي مۇشۇ جايدا تۇغۇلغان. لى بەي ياش ۋاقتىدا ئاتىسى بىلەن شۇجۇن ئايمىقى سەنجۇ ئوبلاستىدىكى جاڭمىڭ ناھىيىسىنىڭ چىڭلىيەن يېزىسىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا لى بەينىڭ يېشى چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆز يۇرتىنىڭ مەنزىرىسى ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئۆچمەس چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. شۇڭا، لى بەي كېيىنكى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ «ئوردا مۇزىكا شېئىرلىرى» دېگەن ئەسىرىدىكى «شەھەر جەنۇبىدىكى جەڭ»دېگەن شېئىرىدا مۇنداق مىسرالارنى يازالىغان: •

بۆلتۈر بولغانتى جەڭ ساڭگەن دەريا بېشىدا،
بۇ يىلمۇ يەنە بولدى سۇڭخې دەريا قىنىدا.
چېنىقتۇرۇلدى قوشۇنلار تياۋجىز كۆلى بويىدا،
ئات – ئۇلاغلار بېقىلدى قارلىق تەڭرى تېغىدا.

يولداش گومورونىڭ شەرھلەپ بېرىشىگە ئاساسلانغاندا: شېئىردىكى «سۇڭ دەرياسى» قەشقەر دەرياسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ پامىرنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىن باشلىنىدۇ، «تياۋجىز» تاڭ دەۋرىدىكى تياۋجىز (تۇتۇق) مەھكىمىسى دېگەندىكى تياۋجىزغا قارىتىلغان، بۇ، سۇڭ دەرياسى، تيانشان قاتارلىق جايلارغا تۇتاش بولۇپ، سۇيئابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «تياۋجىز كۆلى» يا ئىسسىق كۆل، ياكى بالقاش كۆلىدىن ئىبارەت. لى بەي بۇ يەردە تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيە شارائىتىنى تەسۋىرلەپلا قالماستىن،

تېخمۇ مۇھىمى، شائىر ئۆزىنىڭ يۇرتى ــ سۈيئابقا بولغان چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. سۈيئابنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيە ئەھۋالى قانداق؟ بۇ يەردە بۇنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

(1)

سۈيئاب ــ بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرغىزىستان رېسپۇبلىكىسىدىكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى؛ ئىسسىق كۆلنىڭ غەربى، چۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى توقماق دېگەن جايغا يېقىن جايلاشقان.

جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ بەزى مەشھۇر تارىخىي ھۆججەتلىرى، مەسىلەن: «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت»،«يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەر تەپسىراتى»، «سەپەر خاتىرىلىرى»، «ئەۋلىيا چۈچۈجىنىڭ غەربكە ساياھىتى»، «غەربكە قىلىنغان ساياھەتتىن خاتىرىلەر»، «غەربىي رايوننىڭ سۇ يوللىرى خاتىرىسى» ۋە مىلادىيە 9 – ئەسىردىن 11 – ئەسىرگىچە بولغان ئىسلامىيەت مەنبەلىرىدىن «يۇرت ۋە ئەللەر تەزكىرىسى»، «باج قوللانمىسى» پارس يازغۇچىلىرىنىڭ «دۇنيانىڭ تىررىتورىيە تەزكىرىسى»، «خاتىرە بېزەكلىرى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە سۈيئاب رايونىنىڭ تەبئىي جۇغراپىيىسى ۋە تارىخىي ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغان جەھەتلەردە بايان قىلىنغان.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، بۇ رايون ئۇيسۇنغا تەۋە بولغان. ئۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. خەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىدىن ۋۇدي «ھونلارنىڭ ئوڭ قانتىنى سۇندۇرۇش» دىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 138 – يىلى ۋە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 119 – يىلى ئىككى نۆۋەت جاڭ چيەننى غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ياۋچى ۋە ئۇيسۇنلار بىلەن ئايرىم ھالدا ئالاقە باغلىغان. ئۇلار پەرغانە، ئۇلۇغ ياۋچىلار، باكتىرىيە، پارتېخيە، چېدىر ۋە تيانشاننىڭ جەنۇبى شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارغىچە بارغان. شۇي سۇڭنىڭ «غەربىي رايوننىڭ سۇ يوللىرى خاتىرىسى» دىكى يېزىلمىلاردىن قارىغاندا، ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى تاغ ئارىسىدا بىر ئابىدە بولۇپ، شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى «جاڭ چيەن ئابىدىسى» دەپ ئاتىغان. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنفېڭ يىللىرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى110 – 105 – يىللىرى) ۋە تەيچۇ يىللىرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى

104 – 101 – يىللىرى) خەن سۇلالىسى مەلىكە شىجۈن ۋە مەلىكە چېبۇلارنى ئۈيسۇنغا ياتلىق قىلغان. بۇ ئىككى قېتىملىق قۇدىلىشىش ئارقىلىق خەن سۇلالىسى بىلەن ئۈيسۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ كۈچەيگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60 – يىلى، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شۆەندى شىنجاڭ رايونىدا غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلغان، ئۈيسۇنلار شۇ مەھكىمىنىڭ رەسمىي باشقۇرۇشىدا بولغان، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 35 – يىلى خەن سۇلالىسى چاڭ خۇي باشچىلىقىدا ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قىزىل قورغانغا قوشۇن ئەۋەتىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن ۋە مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان.

سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا، سۇيئاب غەربىي تۈركلەرنىڭ پايتەختى بولغان. سۇيئاب شەھىرى «شەھەر دائىرىسى 6 – 7 چاقىرىم كېلىدىغان، بىر قانچە دۆلەت سودىگەرلىرى ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان جاي ئىدى».② •

تاڭ دەۋرىدە سۇيئاب شەرق بىلەن غەربنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى قاتناش يولى — يىپەك يولىدىكى مۇھىم تۈگۈنلەردىن بىرى بولغان. ئەينى ۋاقىتتا يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ دائىرىسىدە ئومۇمەن ئالغاندا 3 يولى بار ئىدى: ئاراتۈركتىن تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ غەربكە بارىدىغان بىر يول — شىمالىي يول؛ ئاراتۈركتىن باشلىنىپ تيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ سازلىق – قۇملۇقلار ئارقىلىق غەربكە بارىدىغان بىر يول — ئوتتۇرا يول؛ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى بىلەن خوتەندىن ئۆتۈپ غەربكە قاراپ پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ ئۆتىدىغان بىر يول — جەنۇبىي يول دەپ ئاتالغان. سۇيئاب مۇشۇ شىمالىي يول بىلەن ئوتتۇرا يولنىڭ قوشۇلۇش تۈگۈنىگە جايلاشقان. بۇ ئىككى يول سۇيئابتا قوشۇلغاندىن كېيىن، غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ تالاس ئارقىلىق تۈپتوغرا كاسپىي دېڭىزى بويىدىكى دۆلەتلەرگە ۋە غەربىي ياۋروپاغا باراتتى؛ جەنۇبقا قاراپ تاشكەنت ئارقىلىق غەربىي ئاسىيا، پېرسىيە ۋە ھىندىستانغا باراتتى؛ تاڭ دەۋرىدىكى يىپەك رەختلەر ۋە ھەرخىل قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى سودىگەرلەر ئۆزلۈكسىز ھالدا سۇيئابقا ئاپىراتتى، ئاندىن ئۇ يەردىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇلاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر سودىگەرلىرىمۇ زور مىقداردىكى ئالاھىدە مەھسۇلات ۋە ماددى ئەشيالىرىنى سۇيئاب ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىغا ئېلىپ كېلەتتى.

شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا يولىدا بېرىش – كېلىش قىلىدىغان كۆپلىگەن سودىگەرلەر بىلەن ئەلچىلەردىن باشقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ نۇرغۇنلىغان مەشھۇر

راھىبلىرى ۋە ھەربىي – مەمۇرىي خادىملىرىمۇ ئۇزلۇكسىز ھالدا مۇشۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە سۈيئاب رايونىدا كۆرگەن – بىلگەنلىرى بايان قىلىنغان.

تاڭ سۇلالىسى تەيزۇڭ پادىشاھى جىڭگۇەنىنىڭ 3 – يىلى (مىلادىيە 629 – يىلى)، شۈەن جۇاڭ چاڭئەندىن چىقىپ ھىندىستانغا بۇددا نومىلىرىنى ئېلىشقا بېرىشتا، خېشى كارىدورى، ئارا تۈرك قوچو (تۇرپان)، كېنگىت (قاراشەھەر) كۈسەن (كۇچا)، بالۇكا (ئاقسۇ) لار ئارقىلىق بەدەلئارتتىن ئۆتۈپ سۈيئابقا بارغان. ئۇ يەردىن ئۆتۈش ۋاقتىدا، ئۇ يەردە بىر مەھەل تۇرغان. شۈەن جۇاڭ ئۇ يەردە تۇرغان مەزگىلدە، غەربىي تۈرك قاغانىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. ئايرىلىش ۋاقتىدا، قاغان شۈەن جۇاڭغا «بىر يۈرۈش شايى – بەقەسەم تون، 50 توپ سايى»③ سوۋغا قىلىپ بەرگەن. بۇ گۈزەل يىپەك توقۇلمىلار شەكسىزكى، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىن سۈيئابقا كەلتۈرۈلگەن. شۈەن جۇاڭ ئۆزىنىڭ بۇ رايوندا كۆرگەن – بىلگەنلىرىنى «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت» دېگەن كىتابىغا كىرگۈزگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: قوچو (تۇرپان) دىن تيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ بالۇكا (ئاقسۇ) غا بېرىپ، بۇ يەردىن غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ، ئۈچ يۈز چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، مۇز تاغدىن (تيانشاننىڭ مۇسۇر چوققىسىدىن) ئۆتۈپ، تۆت يۈز چاقىرىم يۈرگەندە، ئىسسىق كۆلگە بارىدۇ. ئىسسىق كۆلدىن غەربىي شىمالغا قاراپ بەش يۈز چاقىرىمدىن ئارتۇق يول ماڭغاندا سۈيئابقا بارىدۇ. سۈيئابنىڭ غەربىدە نەچچە ئونلىغان كىچىك شەھەر بار، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا باشلىقلىرى ـــ سانغۇنلىرى بولۇپ، بىر – بىرىگە قارىمايدۇ. لېكىن ھەممىسىلا تۈركلەرگە قارايدۇ. تاڭ سۇلالىسى شۈەنزۇڭ پادىشاھى تيەنباۋنىڭ10 – يىلى مىلادىيە( 751 – يىل)، ئەنشى تۆت باسقاق مەھكىمىسىنىڭ ساتراپ بېگى گاۋشەنجى بىلەن بىللە ئەرەبلەرگە يۈرۈش قىلغان، دۇخۇەن تالاس ئەتراپىدا ئەرەبلەر بىلەن قىلىنغان جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن. 11 – يىلدىن كېيىن، (تاڭ سۇلالىسى شۈي زوڭ پادىشاھى باۋ يىڭنىڭ 6 – يىلى) دېڭىز يولى بىلەن ئايلىنىپ دۆلىتىگە قايتقان، كېيىن ئۇ «سەپەر خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابنى يازغان. ئۇ كىتابتا يېزىلغان سۈيئاب ھەققىدىكى خاتىرىلەر شۈەن جۇاڭنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: بەدەلئارتتىن غەربىي شىمالغا قاراپ مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق ماڭغاندا سۈيئاب تۈزلەڭلىكىگە بارغىلى بولىدۇ. سۈيئاب تۈزلەڭلىكىنىڭ شەرقىدە ئىسسىق كۆل، غەربىدە تالاس شەھىرى، سۈيئاب تۈزلەڭلىكىدە سۈيئاب شەھىرى بار. تاڭ خاندانلىقىنىڭ باسقاق مۇشاۋۇرى، ئەدلىيە

ۋازارتىنىڭ تاشقى ئىشلار ئەمەلدارى ۋاڭ جې مۇشۇ رايوندا ھەر مىللەت خەلقىنى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەلۈ چۇسەي غەربىي رايوننى ساياھەت قىلىپ مۇشۇ جايغا كەلگەندە، ۋاڭ جىنىڭ ئابىدىسىنى ④ كۆرگەن. مەشھۇر ئەدىب سېلىڭ سەنمۇ ئەنشى، بەشبالىقلارنىڭ باسقاق سوتچىسى سۈيتى بىلەن سۈيئابقا ئانچە يىراق بولمىغان ئىسسىق كۆل رايونىدا ھەربىكەت ئېلىپ بارغان. •

سۈيئابنىڭ غەربىدە تۆت يۈز چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە مىڭ بۇلاق جايلاشقان. مىڭ بۇلاق تۈرك قاغانىنىڭ ئىستىراھەتگاھى بولغان. باھارنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ يەردە رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ بۇلاق سۇلىرى شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ مەنزىرە كىشىلەرنى تولىمۇ مەپتۇن قىلىدۇ. مىڭ بۇلاقتىن غەربكە بىر يۈز قىرىق – ئەللىك چاقىرىم يۈرگەندە، تالاس شەھىرىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. تالاسنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئون نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان يەردە بىر كىچىك شەھەر بولۇپ، ئۇ يەردە ئۈچيۈز ئائىلىدىن كۆپرەك خەنزۇلار ياشايدۇ، ئۇلار گەرچە تۈركچە كىيىم كىيسىمۇ يەنىلا خەنزۇچە تىلنى قوللىنىدۇ. ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجى سەۋەبى بىلەن سۈيئاب رايونىدا تۈركچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇل ئىشلىتىلىدۇ.⑤ يېقىنقى دەۋردە، ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئىچىدە مۇشۇ خىل پۇللار تېپىلغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سۈيئاب رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئۆتمۈشتىكىدىنمۇ كەڭ ۋە قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان.

(2)

سۈيئابنىڭ قەدىمكى دەۋردە دۆلتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونى بويىچە تۈنتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن، جىڭگۈەن يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، تاڭ خاندانلىقى ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنى يارغولدىن كۇچاغا كۆچۈرۈپ بارغاندىن كېيىن سۈيئابتا رەسمىي باسقاق مەھكىمىسى تەسىس قىلغان.

سۈيئابقا باسقاق مەھكىمىسى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى مەسىلە دۆلىتىمىزنىڭ تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى قەدىمكى كىتابلاردا خېلى ئېنىق قەيت قىلىنغان. «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى. كۇچا تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاۋۋال پادىشاھ تەيزۇڭ

كۇچانى ئىلىپ، ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنى پايتەخت كۇچاغا يۆتكەپ، گوشاۋكېنى تۇتۇق بېگى قىلىپ بەلگىلىگەن، خوتەن، قەشقەر، سۇيىئابمۇ ئۇنىڭ ئىدارىسىدە بولۇپ، بۇنى تۆت باسقاق مەھكىمىسى دەپ ئاتىغان»، بۇ ئەھۋال «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى. كۇچا تەزكىرىسى» دە بىر قەدەر تەپسىلىي يېزىلغان. «سۇفادىي ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى باھارپۇسپا ئولتۇرغان، (جىڭگۇەن) 21 – يىلى (مىلادىيە 649 – يىلى)، ئىككى نۆۋەت ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان قىلغان، لېكىن ئۇنىڭ كېنگىت (قاراشەھەر) ئىسيانىغا قوشۇلغانلىقىغا پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن جازا يۈرۈشى قىلىشنى بەلگىلىگەن... شۇنىڭ بىلەن ئاشناشىرنى كۈنچيۇ ئايمىقىنىڭ يۈرۈش قىلىش قوشۇنىغا باش سەردار، چۇبەقالىنى مۇئاۋىن قىلغان. بۇلار ئەنشى تۇتۇق بېگى، گوشاۋكېي، دېھقانچىلىقتا مەسئۇل ۋەزىر ياڭ خۇڭلى، سول قانات سانغۇن لى خېيئەن قاتارلىقلارنى ئېلىپ تۇرالارنىڭ 13 قەبىلىسىدىن يۈزمىڭ ئەسكەرنى باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلغان...ئاشناشىر بەش چوڭ شەھەرنى ئېلىپ، بىرنەچچە تۈمەن ئەر – ئايالى ئۆزگە قاراتقان، ئەلچى ئەۋەتىپ 700 دىن ئارتۇق كىچىك شەھەرنى دەۋەت بىلەن تەسلىم قىلغان، بۇ ئەھۋال غەربىي رايوننى زىلزىلىگە سالغان كەلتۈرگەن. غەربىي تۈرك، ئەنشى ئىككى دۆلەت قوشۇنلىرىنى تاپشۇرغان، ئاشناشىر خانىنىڭ ئىنىسى يابغۇنى خانلىققا تىكلىگەن، ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى تاشقا ئويۇپ خاتىرە قالدۇرغان... ئاشناشىر باھارپۇسپا، نالى، جەلىپدەنلەرنى باغلاپ، بۇتخانىغا تەقدىم قىلغان. پادىشاھ زىۋىي ئىبادەتخانىسىدا ئەسىرلەرنى تاپشۇرۇپ ئالغان، پادىشاھ ۋەزىرلەرنى ئەيىبلەپ: ۋەزىرلەر ھەممىڭلار بېشىڭلارنى ئېگىپ، گۇناھىڭلارنى سوراڭلار دېگەن. خۇڭلۇسى ئىبادەتخانىسىنى چۈشكۈن سارايى قىلىپ ئۆزگەرتكەن. باھارپۇسپانى سول قول ئوتتۇرانچى سەركەردە قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەنشى تۇتۇق بېگى ئۇنىڭ پايتەختىگە كۆچۈرۈلگەن. خوتەن، سۇيىئاب، قەشقەر ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، «4 باسقاق مەھكىمىسى دەپ ئاتالغان». مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، كېيىن دېگەندىمۇ پادىشاھ گاۋزۇڭ دەۋرىدە، تاڭ خاندانلىقى سۇيىئابتا سۇيىئاب ئوبلاستى تەسىس قىلغان. شۇەنچىڭنىڭ 2 – يىلى (مىلادىيە 657 – يىلى)، تاڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى غەربىي تۈركلەر باشلىقى ئىپارا قاغانىنى يېڭىپ، ئاسىنا قۇلنى تىرىك تۇتۇۋالغان. سۇيىئاب شەھىرىنىڭ غەربىدىكى رايونلاردا مىڭچىز تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئاسنابوكۇننى ئوڭ قانات ئۇلۇغ سانغۇن قاغان قىلىپ تەيىنلىگەن، مىڭچىز تۇتۇق بېگى ۋە جۇاڭ جۇيى غەربىي تۈركلەرنىڭ بەش ساداق قەبىلىسى بۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

سۈيئاب شەھىرىنىڭ شەرقىدە كۆنلىك تۈتۈق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئاسنا مېشنى سول قانات ئۆلۈغ سانغۇن، كۈنلىك تۈتۈق بېگى ۋەشىن شىۋاڭ قاغان قىلىپ تەيىنلىگەن. غەربىي تۈركلەرنىڭ بەش تۈغلۇق قەبىلىسى ئۈنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. بۇ ھەر ئىككىلا مەھكىمە ئەنشى تۈتۈق ھىراۋۇل مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان.

سۈيئاب شەھىرىنىڭ ۋە مىگچۇ، كۈنلىك بۇ ئىككى تۈتۈق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى سۈيئابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىدىكى پۈتكۈل رايونلار تاڭ خاندانلىقىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتى بىۋاستە ئىدارە قىلىدىغان ۋە ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان مەمۇرىي رايون ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

سۈيئابتا باسقاق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، تاڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى چوڭ ئۈچ ئىشنى قىلغان؛ بىرسى، غەربىي رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، سۈيئاب شەھىرىدە قۇرۇلۇش قىلىشقا كىرىشكەن؛ ئىككىنچىسى، سۈيئابنى قوغدايدىغان ئەمەلدار ۋە ئەلچىلەرنى بەلگىلىگەن ۋە ئەۋەتكەن؛ ئۈچىنچىسى، مۇداپىئە قوشۇنىنىڭ مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرغان. يىفېڭ يىللىرى (مىلادىيە 677 – 678 – يىللار)، غەربىي تۈرك ئون ئوق قاغانى ئاسناتىكىن ۋە ئۈنىڭ سەركەردىسى لى جېفۇلار سۈيئابنى ئۆتەر يول قىلغان بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى يىپەك يولىنى قالايمىقان قىلغان ۋە تۇبۇتلەر بىلەن بىرلىشىپ «ئەنشىگە بېسىپ بارغان». بۇ چاغدا مەمۇرىيەت ئىشلىرى ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋازىرى فېي شىڭجيەن، شۈيجۇ ئوبلاستىنىڭ بېگى ۋاڭ فاڭيى بۇيرۇق بىلەن پېرسىيە پادىشاھى بىلوسىنىڭ ئوغلى. نىئوسنى ئۆز دۆلىتىگە ئاپىرىپ قويۇشقا تەيىنلىگەن. ئۇلار شىجۇدا نۇرغۇن ئەسكەر ئېلىپ ئوۋ قىلىش نامى بىلەن غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، سۈيئاب ئەتراپىدا ئاستاتىكىن قاتارلىقلارنىڭ سۈيىقەست ۋە پاراكەندىچىلىك -نىنى تېزدىن جىمىقتۇرۇپ، ئاستاتىكىننى تىرىك تۇتۇپ، لى جېفۇنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلغان. «شۇنىڭ بىلەن ھەربى مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەپ سۈيئاب شەھرىدە ئابىدە ئورناتقان».⑥ شۇنداق قىلىپ شاھزادە نىئوس تىنچ – ئامان سۈيئابقا يېتىپ بارغان. نىئوس سۈيئابتا تاڭ خاندانلىقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلىرى بىلەن خوشلىشىپ، دۆلىتىگە ئۆزى قايتىپ كەتكەن.⑦ مۇئاۋىن ئەلچى ۋاڭ فاڭيى ئەنشى تۈتۈق بېگى سۈيتى بىلەن سۈيئاب شەھرىنى شەخسەن قوغدىغان. •

ۋاڭ فاڭيى سۈيئابتا سۈيئاب شەھەر قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارغان، سۈيئاب رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پائال قوللىشى ۋە تىرىشىپ ئىشلىشى ئارقىسىدا ئەسلىدىكى

سۇيئاب شەھرى ئاساسىدا، 50 نەچچە كۈن ئىچىدىلا بۇ غايەت چوڭ قۇرۇلۇش مۆجىزە ھالىتىدە ئورۇنلانغان. «تۆت تەرىپى ئون ئىككى قۇۋۇۋقلۇق ئەگرى – بۈگرى، ئېگىز – پەس، گاھى كۆرۈنۈپ، گاھى كۆرۈنمەيدىغان⑧، «كوچا سېپىللىرى گىرەلەشكەن»، «باش – ئايىغىنى بىلگىلى بولمايدىغان⑨، «ئايلانمىلىرى قىزىقارلىق» • (10) • ھەيۋەتلىك سۇيئاب شەھرى ئېلىمىزنىڭ غەرب قىسمىدىكى ئىسسىق كۆلنىڭ غەربى، چۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن. شەھەر قۇرۇلۇشى تاماملانغاندا، بۇ رايوندا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەر نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك سوۋغىلارنى ئېلىپ كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، قىزغىن تەبرىك بىلدۈرۈشكەن، بۇ يېپيېڭى سۇيئاب شەھىرىگە قاراپ خۇشاللىقتا چۆمۈپ بارىكاللا ئېيتىشقان. سۇيئاب شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشى چېگرا رايوندىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ۋە تەلپىگە ئۇيغۇن ئىدى.

يېقىنقى زامان ئارخېيولوگىيىلىك قېزىلما ماتېرىياللاردىنمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى سۇيئاب شەھىرىنىڭ ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ئۆز تەتقىقاتلىرىغا ئاساسەن، چۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى، توقماقنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئاق بېشىم خارابىسىنى سۇيئاب شەھىرىنىڭ قەدىمكى ئورنى — دەپ قارىغان.(11) بۇ خارابىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خارابە شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان. غەربىدىكى خارابە ئەينى يىللاردا شەھەر تۇرمۇشى ئەڭ تەرەققىي قىلغان رايون بولغان. سىزىلغان تەكشىلىك خەرىتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ئاساسەن رەتسىز، تۆت چاسا شەكىلدە كۆرۈنىدۇ، سېپىللىرى ئەگرى – بۈگرى، ئايلانما بولۇپ، سېپىلدا مۇداپىئە خاراكتېرىدىكى پوتەيلەر، بىرقانچە ئۇنلىغان راۋاقلارنىڭ ۋە بىرقانچە جايدا شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ئىزلىرى بار. شەھەر ئىچىدىكى ئوردا، ئىبادەتخانا، كوچىلارنى يەنىلا روشەن پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئۆلچەنگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاساسى شەھەر سېپىلى جەمئىي 2200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، شەھەر سېپىلىنىڭ شەكلى ۋاڭ فاڭيېنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى ئەگرى – بۈگرى، ئېگىز – پەس ھالەتتىكى قۇرۇلمىسىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.(12)

مىلادىيەنىڭ 690 – يىلى ۋۇ زېتيەن دايۈن مۇناجاتلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەرقايسى ئوبلاستلاردا دايۈنى بۇتخانىسى سېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. دايۈنى بۇتخانىسى ئىچكى رايونلارنىڭ ھەرقايسى ئوبلاستلىرىدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ بارىكۆل، كۇچا، قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايوندىكى مۇھىم شەھەرلەردىن بىرى بولغان سۇيئابمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. يېڭى سۇيئاب شەھرى

قورۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سۇيئاب شەھىرى ئىچىدىمۇ دايۇنى بۇتخانىسى ياسالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇخۇەن ئۆزىنىڭ «جىڭشىڭجى» (ساياھەتنامىسى) دە:«قەدىمكى يارغۇل مەلىكىسى تۇرغان جايدا سېلىنغان دايۇنى بۇتخانىسى ھېلىمۇ ساقلانغان» دەپ يازغان. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سۇيئاب شەھەر خارابىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سېپىلنىڭ بۇلۇڭىدا ئورda قەلئەسى بار ئىكەن، بۇ قەلئەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 100 مېتىر كېلىدىغان جايدا توپىدىن ياسالغان بىر تۆپىلىك بولۇپ، بۇنىڭدىن بىر بۇددا بۇتخانىسى، بۇتخانىنىڭ رەسمىي ئىبادەتخانىسىدا ساكيامۇنى بىلەن پۈتنى سۇنۇپ ئولتۇرغان مايترىياغا چوقۇنۇۋاتقانلىقى بايقالغان. ئېيتىشلاردا، مۇشۇ بۇتخانا دايۇنى ئىبادەتخانىسىنىڭ كونا ئىزى ئىكەن (13) دايۇنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ياسالغانلىقى تاڭ سۇلالىسى ئەمىر – پەرمانلىرىنىڭ سۇيئاب رايونىغىچە يېتىپ بارغانلىقىنىڭ كۈچلۈك دەلىللىرىدىن بىرىدۇر.

سۇيئاب بىلەن كۇچا، خوتەن، قەشقەر ئوخشاشلا ئەنشى تۆتتۇق ھەراۋۇل مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. يازما ماتېرىياللاردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزى خاندانلىقى بىۋاستە بەلگىلەپ ئەۋەتكەن ياكى تەيىنلىگەن ئەنشى تۆتتۇق بەگلىرى: گوشاۋكې، دۇخۇەيباۋ، ۋاڭ فاڭيى، يەن ۋېنگو، گاۋ شيەن، تاڭ شيۈجىڭ تيەن ياڭمىڭ، گويۈەنجىڭ، نۇشىجاڭ، گوچيەنگۇەن، جاڭ شاۋسۇڭ، دۇشەن، تاڭ جياخۇي، جاۋ گوجېن قاتارلىق 20 نەچچە كىشىدىن ئىبارەت. بۇلاردىن ۋۇ زېتيەن دەۋرىدىكى تيەن ياڭمىڭ، جوڭ زوڭ دەۋرىدىكى گويۈەنجېڭ، كەييۈەننىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى جاڭ شاۋسۇڭ، دۇشەنلەر ئالاھىدە تۆھپە يارىتىپ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

سۇيئابنى قوغدىغۇچى ئەمەلدارلار ئىچىدە خەنزۇلار، شۇنىڭدەك قېرىنداش مىللەتلەردىنمۇ بولغان، لېكىن مەيلى قايسى مىللەتتىن بولمىسۇن، ھەممىسى تاڭ سۇلالىسى مەركىزى خاندانلىقى تەيىنلىگەندىلا ئاندىن سۇيئابتا ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇق يۈرگۈزەلىگەن. يازما خاتىرىلەردىن قارىغاندا، تاڭ خاندانلىقى سۇيئاب ئوبلاستىغا ئاز سانلىق مىللەتتىن چېبىش چوسلۇ دېگەننى ئوبلاست بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. دۇ خۇەيباۋ، خەن سىزۇڭ، ئاسنا كۇلجاي، جۇيىتى قاتارلىقلار سۇيئاب شەھىرىنى قوغدىغۇچى ئەمەلدار بولۇپ تەيىنلەنگەن.

سۇيئاب رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئاز سانلىق مىللەت باشلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە تاڭ خاندانلىقىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۇنۋان بەرگەن. تۈركەشلەرنىڭ

www.kitaphumar.com

باشلىقى ئۇجىل سۈيئابنىڭ ئامباللىقىغا يۆتكەلگەندە، ۋۇ زېتيەن ئۇنى ياۋچىز تۇتۇق بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. شىڭلى يىلىنىڭ 2 – يىلى (مىلادىيە 699 – يىلى)، ۋۇ زېتيەن يەنە ئاسنا كۈلچاينى سول قانات ئۇلۇغ سانغۇن قوشۇمچە غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى باش سەردار قىلىپ تەيىنلىگەن(14) . شىڭلۇڭ يىللىرى، ئۇجىل ئۆلگەندىن كېيىن، تاڭ خاندانلىقى جۇڭ زۇڭ پادىشاھى ئۇنىڭ ئوغلى ساگېنى ئالتۇن ئېرماق خانى قىلىپ تەيىنلىگەن.(15) جىڭلۇڭنىڭ 3 – يىلى (مىلادىيە 709 – يىلى) تاڭ خاندانلىقى ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا تۈركەشلەردىن شۇجۇڭغا ئەل بولغان قاغان دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن.(16) كەييۈەننىڭ 3 – يىلى) مىلادىيە 715 – يىلى(تاڭ خاندانلىقىنىڭ شۈەن زۇڭ پادىشاھى تۈركەشلەرنىڭ قارا ئۈرۈق باشلىقى جىبىش چوسلۇغا سادىق قاغان دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن(17) كەييۈەننىڭ 5 – يىلى (717 – يىلى) جىبىش چوسلۇ چاڭئەنگە تەبرىك بىلدۈرۈپ كەلگەندە، شۈەن زۇڭ ئۇنىڭغا يەنە سول قانات ئۇلۇغ سانغۇن، دۆلەتكە ئىتائەتچان گۇڭ، جىنفاڭ ئايمىقىنىڭ باسقاق بېگى دېگەن ئۇنۋانلارنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئاسناخۇەيداۋنىڭ قىزى ئالتۇن ئېرماق مەلىكىسى (يارغۇل مەلىكىسى) نى چوسلۇغا ياتلىق قىلغان.(18)

غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، «يىپەك يولى» نىڭ راۋانلىقىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، تاڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى ئەنشى تۇتۇق ھەراۋۇل مەھكىمىسى بىلەن تۆت شەھەردىكى باسقاق مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي كۈچىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرگەن. سۈيئاب شەھىرىگىمۇ چېگرا مۇداپىئە قوشۇنى ئورۇنلاشتۇرغان. تاڭ خاندانلىقىنىڭ ئوردا قوغداش قوشۇنى سۈيئابتا تەسسىس قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە سۈيئاب دەرياسىدىن تالاس دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تالاس ۋە بالاساغۇن شەھەرلىرىمۇ تاڭ خاندانلىقىنىڭ مۇھىم ھەربىي قارارگاھى بولغان. «تاڭ سۇلالىسى ئومۇمىي ھۆججەتلىرى» 130 – جىلد، «لۈي شۇجىڭ قاتارلىقلارنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىشىغا بېرىلگەن بۇيرۇق» تا يېزىلىشىچە، شەرقىي تۈرك قاغانى مەكچۇرنىڭ تۈپىلىكىنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن تاڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى لۈي شۇجىڭنى ئالتۇن تاغ (ئالتاي تېغى) ئايمىقىغا باش سەردار قىلىپ بۇيرۇق بەرگەن. خەنخەي (ئارال دېڭىزى)، بەشبالىق جىمسار قاتارلىق جايلاردىكى 50مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە سۈيئاب باسقاق مەھكىمىسىنىڭ ئەسكەرلىرى خېلى نىسبەتنى تەشكىل قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا تۈركەشلەردىن شۇجۇڭنىڭ باشچىلىقىدىكى 250 مىڭدىن ئارتۇق بىرقانچە قەبىلە

ئەسكەرلىرىمۇ شۇنىڭ قوماندانلىقىدا بولغان. ھەرقايسى جايلاردىن مۇشۇ جايغا يىغىپ كېلىنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇب تەرەپتىكى خۇڭجۇ، ۋۇجۇ ئوبلاستى، شىمال تەرەپتىكى يەنجۇ، جىجۇ ئوبلاستى، غەربىي شىمالدىكى ساجۇ، شۇيجۇ، شىجۇ ئوبلاستى ۋە كۇچا قاتارلىق جايلار بار. نۇرغۇنلىغان قوماندان – جەڭچىلەر چىگىرنى قوغداش كۈرەشلىرىدە نەتىجە كۆرسىتىپ تاڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىر – ئىنئاملىرىغا ئېرىشكەن(19) .

شۇنى روشەن كۆرگىلى بولىدۇكى، تاڭ خاندانلىقىنىڭ سۇيئاب قاتارلىق 4 باسقاق مەھكىمىسىگە قارىتا قوللانغان ھەرخىل ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى خەن سۇلالىسىنىڭ باللقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ داۋامى ۋە كۈچەيتىلىشىدىن ئىبارەت. غەربىي شىمال رايونىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى قوروش ۋە قوغداش، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىقتىصاد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆرسەتكەن ئۆچمەس تۆھپىلىرى — ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىز تارىخىنى ئورتاق ياراتقانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر.

(3)

تاڭ سۇلالىسى تەيزۇڭ پادىشاھى جىڭگۈەننىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپ سۇيئاب قاتارلىق 4 باسقاق مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنغىنىدىن تاڭ سۇلالىسى شۈەنزۇڭ پادىشاھى كەييۈەن يىلىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە جەمئىي 70 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن. مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە، سۇيئاب قاتارلىق تۆت باسقاق مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشىدىمۇ بىرقانچە ئەگرى – توقايلىق بولغان، گاھى تەسىس قىلىنىپ گاھى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. كەييۈەننىڭ 7 – يىلى (مىلادىيە 719 – يىلى)، ئون ئوق قاغانى سۇيئابتا تۇرغان. ئەنشىنىڭ مۇئاۋىن تۇتۇق بېگى تۆت باسقاق مەھكىمىسىنىڭ باسقاق بېگى تاڭ جىياخۇينىڭ تەلىپى بىلەن سۇيئابنىڭ ئورنىغا قاراشەھەر قويۇلغان(20) شۇنىڭدىن كېيىن سۇيئابتا قايتىدىن باسقاق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنمىغان. گەرچە سۇيئابتا باسقاق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا تاڭ سۇلالىسى مەركىزى خاندانلىقىنىڭ كونتروللۇقىدا مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەردىن ئون ئوق تۈركلەر، تۈركەشلەرنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سىياسىي مەركىزى بولغان. بۇ،

قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى يەنىلا تاڭ سۇلالىسى مەركىزى خاندانلىقى تەرىپىدىن مەنسەپكە تەيىنلەنگەن. كەيىۋەننىڭ 10 – يىلى (مىلادىيە 722 – يىلى)، تۈركەشلەرنىڭ چوڭ باشلىقى قارگۈنچى قاتارلىق سەككىز ئادەم خان ئوردىسىغا كەلگەندە، پادىشاھ شۈەنزۇڭ ئۈنىڭغا سانغۇن ئۇنۋانىنى بەرگەن ھەمدە سۆسۈن تون ۋە ئالتۇن كەمەر ھەدىيە قىلغان.(21) كەيىۋەننىڭ 22 – يىلى )مىلادىيە 734 – يىلى( تۈركەشلەرنىڭ چوڭ باشلىقى خوجىدا ئوردىغا كەلگەندە، تاڭ خاندانلىقى ئۇنىڭغا مۇئاۋىن باسقاق بېگى مەنسىپىنى بەرگەن. قىزىل تون، كۈمۈش كەمەر ۋە 40 توپ يىپەك رەخت ھەدىيە قىلىپ، ئوردا مۇھاپىزەتچىسى (يۇشۇي ۋېي) قىلغان.(22) كەيىۋەننىڭ 28 – يىلى (مىلادىيە 047 – يىلى) تاڭ خاندانلىقى تۈركەشلەر قاغانى تۇغشان كۈلچاينى سول قانات مۇھاپىزەتچى سانغۇنى، شىتاتتىن سىرتقى ئۇلۇغ سانغۇن، ديانەتلىك ۋاڭ، ئۇنىڭ ئىنىسى جىئاپۇنى شىتاتتىن سىرتقى ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچى ئۇلۇغ سانغۇن قىلىپ تەيىنلىگەن. (23) تيەنباۋنىڭ 8 – يىلى (مىلادىيە 749 – يىلى) تاڭ خاندانلىقى تۈركەشلەردىن يىبانى ئون ئوق قاغانى قىلىپ تەيىنلىگەن(24) تيەنباۋنىڭ12 – يىلى (مىلادىيە 735 – يىلى)، تۈركەشلەردىن قارا ئوق قاغانى تەڭرىدىن بولمىشنى تۈركەشلەر قاغانى قىلغان.(25)

ئەمەلىيەتتە، بەشبالىق ساتراپ بېگى ۋاڭ جېڭجيەن تيەنباۋنىڭ 7 – يىلى) مىلادىيە 847 – يىلى( سۇيئابقا ئەسكەر باشلاپ بارغاندا، ئۇ كۆرگەن سۇيئابنىڭ ئاللىقاچان «سېپىل پوتەيلىرى ۋەيران بولغان، ئولتۇراق ئاھالىسىمۇ قالمىغان» (26) ، بىراق بۇرۇن يارغۇل مەلىكىسى ئولتۇرغان جاينىڭ يېنىغا ياسالغان دايۇنسى ئىبادەتخانىسى يەنىلا ساقلانغان. تاڭ سۇلالىسى شۈي زۇڭ پادىشاھىنىڭ جىدې يىللىرىدىن كېيىن (مىلادىيە 657 – يىل)، تاڭ سۇلالىسى دېزۇڭ پادىشاھىنىڭ دالى يىللىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يەنە بىر ئاز سانلىق مىللەت – قارلۇقلار قەبىلىسى سۇيئابتىن كۆچۈپ، ئون ئوق قاغانىنىڭ قەدىمكى جايىغا بېرىپ ئولتۇرغان، «سۇيئاب، تالاس شەھەرلىرىنى پۇتۇنلەي» ئىگەللىگەن(27) مىلادىيە 10 – ئەسىردىن كېيىنلا، سۇيئابنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم ئورنىنى قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ مەركىزى شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان بالاساغۇن ئىگەللىگەن. بالاساغۇن تاڭ دەۋرىدىكى پىلۇسانغۇن (غۇبالىق) شەھىرىدىن ئىبارەت. غەربىي لياۋ دەۋرىدە يەللى تەيشى سۇيئاب دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا پايتەخت شەھىرىنى قۇرۇپ، قوش ئوردا دېگەن نامنى بەرگەن. بۇ ئاساسەن، سۇيئاب شەھىرى ئاللىقاچان ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بولغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى يالىغ چۇساي سۇيئاب شەھىرىنىڭ

قەدىمكى خارابىسىغا بارغان، بۇ چاغدا كىشىلەر ئۇنى سوپىئاب شەھىرى دېمەي، سۇلۇ شەھىرى دەپ ئاتىغان.

18 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مەنچىڭ خاندانلىقى جۇڭغارىيە تۇپىلىڭىنى جىمىقتۇرغاندىن كېيىن، چيەنلۇڭنىڭ 29 – يىلى (مىلادىيە 1762 – يىلى)، شىنجاڭدا ئىلى جياڭجۇنى باشچىلىقىدىكى ھەربىي – مەمۇرىي ئاپپاراتنى تەسىس قىلغان. ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى رايونلار بىلەن بالقاش كۆلىدىن تارتىپ پامىر ئېگىزلىكىگىچە بولغان جايلارنىڭ ھەربىي – مەمۇرىي ئىشلىرى ئىلى جياڭجۇنىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە بولغان. غەربىي شىمال چېگرا رايونىدىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ بىختەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئىلى جياڭجۇنى دائىم ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئېرغۇت تېغىدىن ئۆتۈپ، تۆمۈر تۇر (ئىسسىق كۆل) نىڭ جەنۇبىدىن بارخۇن چوققىسى ئارقىلىق چۇ دەرياسى ۋە تالاس دەرياسى ۋادىلىرىغىچە بېرىپ گۈزەت قىلىپ تۇرغان. مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ھەر يىلى ئىلىدىن قەشقەرگە يەكۈنلەپ ئەۋەتكەن مۇداپىئە قوشۇنلىرىمۇ ھەمىشە ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقى جەنۇبى ئارقىلىق نارىن دەرياسىنىڭ لەيلىمە كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، بارخۇن چوققىسىدىن ئېشىپ، تۇلئات ئېغىزىدىكى يول بىلەن ئۆتكەن. 18 – ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، مەنچىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى مەخسۇس ئۆلچەش – سىزىش خادىملىرى ئەۋەتىپ، ئىسسىق كۆلدە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەپ سىزىشنى ئېلىپ بارغان. ئاتاقلىق جۇغراپىيە ئالىمى شۈي سۇڭ 19 – ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، بۇ جايلارنى ئۆزى بىۋاستە ساياھەت قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ «غەربىي رايوننىڭ سۇ يوللىرى خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا بۇ رايوننىڭ تارىخى – جۇغراپىيە ئەھۋاللىرى تەپسىلىي يېزىلغان ۋە تەكشۈرۈپ ئىسپاتلانغان.

تارىخىي پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى: سوپىئابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپلا جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن. تاڭ سۇلالىسى بۇ جايلارنى باشقۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتكەن. مەنچىڭ خاندانلىقى بۇ رايونغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ؛ بۇ رايوندا مەنسەپدارلار تەسىس قىلغان، ھەربىي قوشۇن ئەۋەتكەن، قەرەللىك گۈزەت قىلىپ تۇرغان. بۇ ئەھۋال جۇڭگونىڭ تارىخى كىتاب، خەرىتىلىرىدە ئېنىق يېزىلىپلا قالماستىن، 1958 – يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ نەشر قىلغان «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخىي خەرىتىلىرى» دىمۇ جۇڭگونىڭ چېگرىسى 19 – ئەسىرگە كەلگىچە يەنىلا بالقاش كۆلىدە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.

لى بەينىڭ يۇرتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زېمىنى بولۇپ قېلىشى پەقەت يېقىنقى يۈز يىللىق ئىش بولۇپ، كونا چار پادىشاھىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە كېڭەيمىچىلىكىنىڭ نەتىجىسى. 19 – ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىغان. 19 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چارروسىيىنىڭ ئېلىمىزگە قارىتا تاجاۋۇزچىلىق تەسىر كۈچى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارغىچە يېتىپ كەلگەن. 1860 – يىلى، چارروسىيە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە تەھدىت سېلىپ «جۇڭگو – روسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى» نى تۈزگەن. بۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە 1864 – يىلى «جۇڭگو – روسىيىنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش توختىمى» نى تۈزگەن. مۇشۇ ئىككى تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە ئارقىلىق چارروسىيە دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى 440 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنى ئىگەللىۋالغان. بىرېژنېپ قاتارلىقلار ئەقەللىي تارىخىي پاكىتقىمۇ قارىماي، كونا چار پادىشاھىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى ئاقلاپ، كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىرمۇنچە يالغان – ياۋداق سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، تالاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭ «چارروسىيىنىڭ مۇستەملىكە ھامىلىغىدا ئىدى»؛ 8 – ئەسىردىن كېيىنكى مىڭ يىل ئىچىدە، شىنجاڭدا «بىرەرمۇ جۇڭگو ئەسكىرى ۋە جۇڭگو ئەمەلدارى يوق ئىدى». سەددىچىن سېپىلى «جۇڭگونىڭ بىردىنبىر دۆلەت چېگرىسى ئىدى»، «غەربتە گەنسۇ ۋە سىچۇەندىن ئۆتمىگەن» ۋەھاكازا دەپ ۋالاقشىدى. رەزىل يالغان – ياۋداق سۆزلەر بىرېژنېپ خائىنلار گۇرۇھىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ماھىيىتىنى قىلچىمۇ ياپالمىدى. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ، يېڭى چار پادىشاھىنىڭ دۆلىتىمىزگە قارىتا ئاغدۇرمىچىلىق – تاجاۋۇزچىلىق ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ۋەھشىي نىيىتى ۋە كېڭەيمىچىلىك خام خىيالىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى.

بىز ئۇلۇغ ئەدىب لى بەينى ئەسلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ يىراقتىكى يۇرتى ــ سۈيئاب ئېسىمىزگە كېلىدۇ. بىز «يىپەك يولى» نى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، سۈيئابنىڭ ئاشۇ گۈللەپ – ياشنىغان تارىخىدىن پەخىرلەنمەي تۇرالمايمىز. بىز سۈيئابنىڭ تارىخىنى ئەسلىگىنىمىزدە، يېڭى – كونا چار پادىشاھلىرىنىڭ سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ۋە كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزۈشتەك ۋەھشىيلىكلىرىگە ئەڭ زور غەزەپ – نەپرەت بىلدۈرمەي تۇرالمايمىز.

## ئىزاھلار:

①«تاڭ سۇلالىسى ئۇمۇمىي نەزمىلىرى» 162 – جىلد.

② «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت» 1 – جىلد.

③ «ئۇلۇغ شەپقەت ئىبادەتخانىسىدا ساقلانغان ئۈچ بۇددا ئۇلىماسىنىڭ تەزكىرىسى» 1 – جىلد.

④ «خەن دەۋرىدىكى غەربىي رايون جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات» نىڭ 1 – جىلدىدىكى ئىزاھات. يەللەچۇسەينىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دىن.

⑤ فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان: «غەربىي تۈركلەرگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» 291 – بەت.

⑥ «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى» 78 – جىلد، بېي شىڭجەن تەزكىرىسى.

⑦«تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى»، 198 – جىلد.

⑧«تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى»185 – جىلد، 1 – قىسىم، ۋاڭ فاڭيى تەزكىرىسى.

⑨ «جاڭ شوزى ماقالىلىرى توپلىمى» 61 – جىلد، ۋاڭ – گۇڭلار ئابىدىسى.

(10) «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»، 111 – جىلد، ۋاڭ فاڭيى تەزكىرىسى.

(11) جياڭ گۇاڭدا:«سۇيئاب شەھىرىنىڭ ھازىرقى جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى»، «بېيجىڭ داشۆ ئۆگىنىش ژۇرنىلى» غا بېسىلغان 1979 – يىل، 5 – سان.

(12) يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

(13) يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

(14) «كىتابلار جەۋھىرى»، 967 – جىلد.

(15) يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 967 – جىلد.

(16) «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى»، 7 – جىلد، جۇڭزۇڭ خاتىرىسى.

(17) «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى»؛ 194 – جىلد 2 – قىسىم، تۈركلەر تەزكىرىسى.

(18) «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى»، 215 – جىلد، 2 – قىسىم، تۈركلەر تەزكىرىسى.

(19) «دۇڭخۇاڭ ۋە تۇرپاننىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىغا دائىر ماتېرىياللار» 2 – قىسىم.

(20) «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»، 221 – جىلد، 1 – قىسىم، كىنگىت

(قاراشەھەر) تەزكىرىسى.

(21) «كىتابلار جەۋھىرى» 975 – جىلد.
(22) يۇقىرىقىغا ئوخشاش.
(23) «تاڭ سۇلالىسى ئومۇمىي ھۆججەتلىرى»، 42 – جىلد.
(24) «شاھانىلىق يىلنامىسى»، 216 – جىلد.
(25) «تاڭ سۇلالىسى ئومۇمىي ھۆججەتلىرى»، 92 – جىلد.
(26) دۇخۇەن: «سەپەر خاتىرىلىرى».
(27) «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى»، 100 – جىلد.

•

(شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان)

# ھىندىستان بۇددا دىنى مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر داستانچىلىقى

ئابلەت ياسىن بابا

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى مىللەتشۇناسلىق كەسپىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى)

**قىسقىچە مەزمۇنى**: بۇ ماقالىدە ھىندىستان بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ژانىرى بولغان خەلق داستانلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى شەكىل، مەزمۇن جەھەتتىن تەھلىل قىلىنىش ئارقىلىق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشۈش، تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى ئېچىپ بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر**: بۇددا مەدەنىيىتى؛ داستانچىلىق؛ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

بۇددا دىنىنىڭ ھىندىستان ئارقىلىق ئەڭ دەسلەپتە قەدىمكى ئودۇنغا تارقىلىپ، ئۇ يەردە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ گۈللەنگەنلىكى، ئۇ يەردىن تارقىلىپ پۈتۈن غەربىي رايوندا ھاكىم ئىدېئولوگىيەگە ئايلىنىپ، زور مەدەنىيەت سەمەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى-دەك تارىخىي پاكىت بىزنىڭ بۇ تېمىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزنى مۇئەييەن ئىمكان بىلەن تەمىنلەيدۇ. چۈنكى، مەلۇم بىر دىنىي ئىدېئولوگىيە ئۆز نۆۋىتىدە بىر يېڭى مەدەنىيەتتىن دېرەك بېرىدىغان بولۇپ، مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغمۇ شۇ خىل ئىدېئولوگىيەنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق كىشىلەر ئېڭىدا شۇ ئىدېئولوگىيەگە تەئەللۇق مۇئەييەن پىسخىك تىنىدۇرما، مەنىۋى چۆكمە ھاسىل قىلىدۇ. ئىدېئولوگىيە ئالماشقاندىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ بۇ ھالەت ئۆز رولىدىن قالمايدۇ. بەلكى، ئازدۇر-كۆپتۇر، يوشۇرۇن-ئاشكارا يوسۇندا مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

بۇددا دىنىدىن ئىبارەت بۇ ئىدېئولوگىيەنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدىكى ئەسىر-ئەسىرلەپ مەۋجۇتلۇقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ چوڭچەكلەر ماكانى بولمىش ھىندىستاندا بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇرلارغا تارقالغانلىقىدەك رېئاللىق ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا

www.kitaphumar.com

بولغـان كۈچلـۈك تەسـرىنى مەيـدانغا كەلتـۈرگەن مـۇھىم ئامىلـدۇر. خەلـق ئېغىـز ئەدەبىيـاتىمىزدىكى ئـۆزگىچە ژانىرلىرىمىـزدىن بولغـان داسـتانمۇ بۇنىڭـدىن مۇستەسـنا ئەمەس، ئەلـۋەتتە. تۆۋەنـدە، بىـز بـۇددا دىنـى بىـلەن ئۇيغـۇر داسـتانچىلىقى ھەققىـدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن گەپنى سەل ئەگىتىشكە تـوغرا كېلىدۇ.

بـۇددا دىنىنـى مىلادىـيەدىن ئىلگىرىكـى 560ـيىلـدىن 480ـيىلغىـچە ياشـىغان، بۈگـۈنكى نېپـال چېگراسـىدىكى قەدىمكـى كاپىلوۋاسـتو پادىشـاھلىقىنىڭ شاھزادىسـى سىددخارتخا، يەنى ساكيامۇنى ئىجاد قىلغان بولـۇپ، «سـىددخارتخا ئېتىنىـڭ جەھەتـتىن ئارىيـان-سـاك ئىـدى.»① سـاكيامۇنى 29 يېشـىدا ئوردىـدىكى ئەيـش-ئىشـرەتلىك تۇرمۇشىدىن ۋە ئائىلى گويادىن ۋاز كېچىپ، ئالتە يىللىق ئىستىقامەت ئارقىلىق 35 يېشىدا بۇددا تەلىماتىنى ياراتقان.

بـۇددا دىنـى كەشـمىر ئـارقىلىق غەربىـي رايونلارغـا تارقىلىشـقا باشـلىغان بولـۇپ، ئۇيغۇرلارغا قاچان تارقالغانلىقى ھەققىدە بەزىبىر پەرقلىق قاراشلار بـار. شۇنىسى ئېنىقكى، غەربىي رايونغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇدۇن بـۇددا دىنـى ئەڭ دەسلەپ تارقالغـان رايونـدۇر. مەلۇم بولغان مەنبەلەرگە كۆرە، «بۇددا دىنى ئودۇنغا تارقالغان ۋاقتىنى مىلادىيە 1ـئەسىرگە قويۇش مۇۋاپىقراق»② بولۇپ، كونكرېت قىلغانـدا، «مىلادىـيەدىن بـۇرۇنقى 74ـيىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.»③ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىـر مەسـىلە شـۇكى، تـارقىلىش ھەرگىزمۇ ئومۇملىششىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنىـڭ ئومۇملىششـى ئـۇزۇن بىـر جەريـانىنى ئـۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇددا دىنى بارا-بارا ئودۇندىن كېڭىيىپ پۈتۈن شىنجاڭدا ئومۇملاشقان ۋە ئوتتـۇرا تـۈزلەڭلىككە تارقالغـان. ئـودۇن بىـلەن كۇسـەن ئەينـى دەۋردىكـى غەربىـي يـۇرت بويىچە ئەڭ گۈللەنگەن بۇددا مەدەنىيىتى ئوچاقلىرىغا ئايلانغان. ئىسلاملىششقا ئەگىشىپ تۇرپـان يېڭـى بىـر مەركەز سـۈپىتىدە بىـر مەزگىـل ئاۋاتلاشـقان. ئەڭ ئاخىرىـدا ئۇمـۇ ئىسلاملىشىپ كەتـكەن. شـۇنداق قىلىـپ، بـۇددا دىنـى ئۇيغـۇرلاردا دىنىـي ئىـدېئولوگىيە سـۈپىتىدە مەۋجـۇت بولۇشـتىن قالغـان. بـۇ دېگەنلىـك شـۇنىڭدىن كېيىـن بـۇددا دىنـى ئۇيغۇرلاردىن تەلتۆكـۈس سـۈپۈرۈپ تاشـلاندى، دېگەنلىككە تەڭ ئەمەس. ئۇنىـڭ بەزى ئېتىقاد ـ ئىدىيەلىرى ئۇيغۇرلار ئىسلاملاشقاندىن كېيىنمۇ كەڭ خەلق ئارىسىدا مۇئەييەن ئاڭ ھالىتىدە ساقلىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە سىڭىشىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇ يەكۈن بىزنىڭ يۇقىرىقى تېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزدىكى دەلىلىدۇر.

بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ھىندىستان مەدەنىيىتىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا

تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. تېبابەت، ئاسترونومىيە، سەنئەت ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارغا كەڭ تارقىلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە مۇئەييەن سالماقنى تەشكىل قىلغان. دەسلەپ دىنىي ئەقىدىلەرنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش مەقسىتىدە نۇرغۇنلىغان بۇددا نوملىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. زور بىر تۈركۈم تەرجىمانلار يېتىشىپ چىققان. تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئەسەرلەر «كىچىك ئەدەبىيات خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.»[4] چۈنكى ئۇلار بەزى ئەسەرلەرگە ئىجادىي ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، ئەسلىدىكى ئابستراكت، مەۋھۇم دىنىي ئەقىدىلەرنى جانلىق، ئوبرازلىق بولغان ھېكايىلەر ئىچىگە قويۇپ بايان قىلىپ، ئەسلىدىكى ئەسەرنى گۈزەل بىر ئەدەبىيات ئەسىرىگە ئايلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھىندىستاندا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت، چۆچەكلەر ساكيامۇنىغا نىسبەتلەشتۈرۈلۈپ، بۇددا ھېكايىلىرى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارغا تارقالغان ۋە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق ھېكايىلەرنىڭ ئەدەبىيات تۈسى ناھايىتى روشەن بولۇپ، بۇ خىل ھېكايىلەر رەسىملەشتۈرۈلۈپ بۇددا مىڭئۆيلىرىگە سىزىلغان. كىشىلەرگە دىنىي تەرغىبات قىلىشتا كەڭ دەرىجىدە ئىشلىتىلگەن. بارا-بارا ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىگە سىڭىشىپ، ئۇنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

«رامايانا»[5] ۋە «ماخاپترا» داستانى ھىندىستان ئەدەبىياتىدىكى ئىككى بۈيۈك نامايەندە. ئۇ ئۇزاق ۋاقىت ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىش جەريانىدا نەزمىي ۋە نەسرىي سەنئەت شەكلىدە تارقىلىپ مۇكەممەللىشىپ بارغان. بۇنداق ھەم نەزمىي ھەم نەسرىي ئۇسۇلى قوللىنىلغان ئەسەرلەر كەڭ خەلقنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن. شۇنداق قىلىپ، نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىش بىلەن نەزمىي شەكىلدە ئېيتىش بىرلەشكەن ئەدەبىي ژانىر بارلىققا كەلگەن. «بايان بىلەن ئاھاڭنى بىرلەشتۈرۈش ياكى نەزم بىلەن نەسرنى تەڭ قوللىنىش ھىندىستان ئەدەبىياتىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى»[6] بولۇپ ھېسابلانغان. مەدداھلىق، غەزەلخانلىق شەكلىدە بۇددا ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىشتا كەڭ قوللىنىلغان ھەمدە بۇ خىل سەنئەت شەكلى ھىندىستاندا خېلى تەرەققىي قىلغان. بۇ خىل ئۇسلۇب دەسلەپتە دىنىي نوملارنى كىشىلەرگە تەشۋىق قىلىشتا كەڭ قوللىنىلغان. كېيىنچە بۇددا نوملىرىنىلا ئەمەس، بۇددا ھېكايىلىرىدىن تاللانغان قىسىملارمۇ ئېيتىلىدىغان بولغان. ھەتتا بەزى بۇددا دىنى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان مەزمۇنلارمۇ ئورۇندىلىدىغان بولغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇددا ئەقىدىلىرى ۋە ھېكايىلىرى قەدەممۇ قەدەم ئاممىبابلاشقان، چۆچەكلەشتۈرۈلگەن. تېپىلغان ۋەسىقىلەرگە قارىغاندا، بۇ خىل

ئەدەبىي ژانىر «ئىدىقۇت ئىلىدىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە تارقالغان.»⑦ ئۇنىڭدىن باشقا «ئىككى تىكىن ھېكايىسى»دىمۇ بۇ خىل ژانىرنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. سەھنە ئەسەرلىرىگە تەئەللۇق ۋەسىقىلەردىمۇ بۇ خىل ئۇسلۇب گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، «مايتىرى سىمىت» بۇنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى «سانسكرىت دىراملىرى مەدداھلىق-غەزەلخانلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە⑧ ئەينى چاغلاردا ئىدىقۇت ئېلىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان «‹گۈللۈك كىمىر› بېزەكلىك سورۇنلىرىدىكى ئاۋازسىز تىياتىر كۆرۈش پائالىيەتلىرى⑨ دىمۇ بۇ خىل ئۇسلۇب مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ دەۋرلەردە يەنە بۇت سەيلىسى، نوم نوملاش، بۇددا ھېكايىلىرىنى مەدداھلىق سەنئىتى ئارقىلىق كىشىلەرگە تەشۋىق قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرمۇ ئەۋج ئالغانىدى. دېمەك، نەزمىي ۋە نەسرىي شەكىل بىرلەشكەن بۇ خىل ئەدەبىي ژانىر «كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن⑩ بەلكى «مەملىكىتىمىزدە، مەيلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرى بولسۇن، مەيلى تاڭغۇت، ئۇيغۇر، موڭغۇل ياكى باشقا مىللەتلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەدداھلىق ــ غەزەلخانلىقنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان⑪ ھىندىستاننىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلى بولغان مەدداھلىق-غەزەلخانلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىنىشقا ۋە تەرەققىي قىلىشقا ئېرىشكەن. خەلق داستانلىرىدا بۇ خىل تەسىر ئەڭ كۆپ كۆرىلىدۇ.

داستانلار ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان نەزەرىيەۋى كىتابلاردا خەلق داستانلىرىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ھالدا، نەسرىي بايان ۋە نەزمىي تەسۋىرلەر ئارقىلىق مول ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۇژىتلىق ئەسەر، دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى قىسقىچە قىلغاندا تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ:

1) نەسر بىلەن نەزمىنىڭ بىرلەشمىسىدىن تۈزۈلىدۇ؛
2) ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەلقئارا سۇژىتلار ئاساسىدا يارىتىلغان؛
3) ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى مول ۋە رەڭگارەڭ ئاھاڭ ــ كۇيلەرگە ئىگە.

ئۇيغۇرلار خەلق داستانلىرىنى ئېيتقۇچىلارنى ئادەتتە مەدداھ دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، مەدداھلار، تىل، مۇزىكا، نۇتۇق ۋە ھەرىكەت سەنئىتىگە ماھىر كېلىدۇ. داستانلارنىڭ ئېيتىلىش سورۇنى ئاساسىي جەھەتتىن بازار ــ رەستىلەر، مەشرەپلەر ۋە مازارلار بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى بايانلارنى بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ھىندىستاندىكى نەزم ۋە

www.kitaphumar.com

نەسرىي شەكلىنى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغان مەدداھلىق ـ غەزەلخانلىق سەنئىتى بىلەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى روشەن ئوخشاشلىقلارنى ۋە كۆچلۈك تەسىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ خىل تەسىر ۋە ئوخشاشلىق ھازىرقى ئەھۋال ئاستىدا شەكىل جەھەتتە بەكرەك روشەندۇر. بۇ تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىدا ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ئەڭ ئاۋۋال، ھىندىستان مەدداھلىق ـ غەزەلخانلىق سەنئىتىمۇ ھەم نەسرىي بايان ھەم نەزمىي مەزمۇنلارنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئىككى خىل شەكىل تەڭ قوللىنىلىدۇ. تۆۋەنتىكى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىمۇ نەزمىي ۋە نەسرىي شەكىلنى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئورۇندىلىدۇ. ھازىر، بۇ خىل ئۇسۇل داستاننى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى باشقا ژانىرلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان ئاساسلىق ئالاھىدىلىككە ئايلانغان. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا ئاساسىي ۋەقەلىك نەسرىي تىل بىلەن، لىرىك ھېسسىياتقا دائىر مەزمۇنلار نەزمىي بايانلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى نەزمىي تىل دېگەندە مۇئەييەن ئاھاڭغا ئىگە ناخشىنى، نەسر دېگەندە ۋەقەلىك بايان قىلىنغان ھېكايە قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. «مەشھۇر ئۇيغۇر خەلق داستانى ‹غېرىب ـ سەنەم›دە قوللىنىلىدىغنى دەل مۇشۇ ناخشا ئېيتىش بىلەن ھېكايە سۆزلەشنى بىرلەشتۈرۈش، نەزم بىلەن نەسرنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىپادىلەش ۋاستىسى⑫ بولۇپ، ھىندىستان بۇددا دىنى مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇيغۇرلاردىكى «مايترى سىمىت» دىرامىسى ھىندىستان بۇددا مۇھىتى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن سانسكرىت دىراملىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، «مايترى سىمىت»تا ئىپادىلەنگەن بەزى سەنئەت ئېلېمېنتلىرى كېيىنكى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىغا مەلۇم دەرىجىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. «بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، قەدىمكى ھىندىستاننىڭ مەدداھلىق ـ غەزەلخانلىق ئەدەبىيات شەكلى ‹مايترى سىمىت› دىرامىسىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ‹مايترى سىمىت›تا قوللىنىلغان بۇ خىل ئۇسۇل كېيىنچە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ داستان ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم بىر ئىپادىلەش ۋاستىسىغا ئايلانغان.»⑬

ئىككىنچى بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ھىندىستاندىكى مەدداھلىق ـ غەزەلخانلىق سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى شەكلى بۇددا نوملىرىنى تەپسىرلەش، بۇددا يارالمىش ھېكايىلىرىنى كەڭ مۇرىتلارغا سۆزلەشنى ئەڭ بۇرۇنقى مەنبە قىلغان. «ئامموۋى خاراكتېر ئالغان دىنىي پائالىيەتلەر قاتارىدا، بۇددا ئۆلىمالىرىنىڭ نوم نوملاشلىرىغا نۇرغۇن جامائەت قاتنىشىش، راھىبلارنىڭ بۇددا ئەقىدىلىرى، رىۋايەت ـ ھېكايىلەرنى سۆزلىشىگە ئىشتىراك قىلىشلار...

ئېلىپ بېرىلاتتى.»⑭ راھىب كالانلارنىڭ نۇرغۇنلىغان بۇددا راھىبلىرى يىغىلغان مەيدانلاردا، بۇتخانا ھويلىلىرىدا، ئەمرى- مەرۇپ سورۇنلىرىدا راھىب ۋە مۇرىتلارغا دىنىي ئەقىدىلەردىن دەرس بېرىشى كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ، بەزى دىنىدىن خالىي مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ھالەتتىن تەرەققىي قىلىپ بارا-بارا كۆي-ئاھاڭلار قېتىلغان. بۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ نەزمىي تىلمۇ ئىشلىتىلگەن. بۇددا ئەقىدىلىرى تېخىمۇ يېقىشلىق، جەلپ قىلارلىق ئۇسۇللار بىلەن كەڭ خەلققە تەشۋىق قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ھەم دىنىي تارقىتىش، ھەم ھۇزۇر ئېلىش بىرلەشكەن بىر شەكىلگە ئايلانغان.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىمۇ ئاساسلىقى بازار-رەستىلەردە، جامائەت توپلاشقان سورۇنلاردا ۋە ئەڭ كۆپ ۋاقىتلاردا مازارلاردا مازار تاۋاپ سەيلىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋاقىتلاردا ئورۇنلىنىدۇ. تولا ھاللاردا دىنىي مەزمۇندىكى داستانلار، تارىخىي داستانلار ۋە تەكلىپ بىلەن بەزى مۇھەببەت داستانلىرىمۇ ئېيتىلىدۇ. داستان ئېيتقۇچى ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇرۇپ ئېيتىدۇ. ئاڭلىغۇچىلار داستان ئېيتقۇچىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ تىڭشايدۇ. داستانلاردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار تولىراق تەربىيە خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلارغا مەلۇم تەربىيە بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ نۇقتا مازارلاردا ئېيتىلىدىغان دىنىي داستانلاردا گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇ كىشىلەرگە دىنىي ساۋاق بېرىشنى ئاساسىي نىشان قىلىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلارنى بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ھىندىستان مەدداھلىق ـ غەزەلخانلىق سەنئىتى بىلەن ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلارنى، بىردەكلىكنى ھېس قىلالايمىز. داستاننىڭ مەزمۇنى گەرچە مەزمۇن جەھەتتىن ئۇيغۇرلار ھازىر ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىسلام دىنىغا ماسلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئومۇملاشقان مازار تاۋاپىنىڭ بۇددا دىنى دەۋرىدىكى بۇت سەيلىسىگە بىۋاستە تۇتىشىدىغانلىقىدەك يەكۈن ۋە ھازىرمۇ تاۋاپ قىلىنىپ، داستانلار ئېيتىلىدىغان بەزى مازارلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى بۇددا قەدەمگاھلىرى ئىكەنلىكىدەك پاكىتلارمۇ مەلۇم نۇقتىدىن بىزنىڭ ھىندىستان مەدداھلىق ـ غەزەلخانلىق سەنئىتى بىلەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئورۇنلىنىش شەكلى جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ۋە تەسىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، ھىندىستان مەدداھلىق ـ غەزەلخانلىق سەنئىتى بىلەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى سۈژېت جەھەتتىن بەزىبىر بىردەكلىككە ئىگە بولۇش ئېھتىماللىقىنى

نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

مەلۇمكى، ھىندىستان قەدىمدىن باشلاپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ناھايىتى مول بىر ئەل. شۇڭا بەزى تەتقىقاتچىلار دۇنيا چۆچەكلىرىنىڭ دەسلەپكى تارقالغان جايى ھىندىستان، يەنى دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى ئەڭ دەسلەپ ھىندىستاندىن تارقالغان، دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى خېلى كۆپ چۆچەكلەر ھىندىستان چۆچەكلىرىنى ئۆزگە مەنبە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چۆچەكلەردىكى بەزى ۋەقەلىكلەر داستانلاردىمۇ تەكرارلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئەھۋال بىزگە بۇددا مۇھىتىدىكى ھىندىستان مەدداھلىق ـ غەزەلخانلىق سەنئىتىدىكى بەزى سۇژېتلارنىڭ ئۇيغۇر داستانلىرىنىڭ تەركىبىگە سىڭىپ كىرگەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى تۇغدۇرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ھازىر بار بولغان بەزى داستانلارنىڭ ھىندىستاندىن تارقالغانلىقىدەك⑮ خۇلاسىسىمۇ بۇ قارىشىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ. يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار ئۆچۈن بۇنداق ھادىسە ئەلۋەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان مىللەتلەر ئارا ئۆتۈشۈش ئەھۋالىدۇر.

ئەلۋەتتە، ھازىرقى داستانلىرىمىزنىڭ مەزمۇنى بىۋاسىتە ئىسلام مۇھىتىدا گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. تىل ئۇسلۇبى ۋە ئىپادىلىگەن ئىدىيەۋى خاھىش جەھەتلەردىنمۇ ئىسلام دىنى رامكىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئەمما، نوقۇل ئىسلام دىنىغا ئائىت داستانلارنىڭ بار بولۇشى يەنە باشقا گەپ بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام مۇھىتىدا تۇرۇپ ئىجاد قىلىنغان داستانلاردۇر. مەسىلەن: «ئابدۇراخمان خان خوجا» داستانىغا ئوخشاش. لېكىن، داستانچىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنمۇ مەۋجۇت بىر ژانىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى دىنلارنىڭ تەسىرىنى چەتكە قاقمايدۇ. ئۇنىڭدا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا بۇرۇنقى ئىدېئولوگىيەلەرنىڭ تەسىرى ساقلانغان بولىدۇ.

ھىندىستان بۇددا دىنى مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر داستانچىلىقى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ۋە تەسىرلەر يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارنى كېيىنكى چوڭقۇرلىما تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشىمىز.

## ئىزاھاتلار:

① لۇي جىن: «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ مەنبەلىرى ۋە تارماقلىرى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1979 ـ يىل نەشرى، 12 ـ بەت.

② لى يىپىڭ: «بۇددا ئىلى ئۇدۇن»، ئەبەيدۇللا ئاقۇپ تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىل نەشرى، 93_بەت.

③ غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007_يىل نەشرى، 292- بەت.

杨富学“印度宗教文化与回鹘民间文学”， 民族出版社，2007④
。年 9 月版，77 页

⑤ بۇ داستان ئەينى دەۋرلەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ پارچىلىرىنى گېرمانىيەنىڭ 2 _ ۋە 3-قېتىملىق تۇرپانىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى يارغۇل قەدىمكى خارابىسىنى قازغاندا قولغا چۈشۈرگەن. بۇ پارچىلار ھازىر بېرلىن گېرمانىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا (T II Y47 (Mainz73 ۋە (TIII86-64 (U1000 نومۇرلۇق قولىيازما ھالىتىدە ساقلانماقتا. بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي مەلۇماتلار ئۇچۇن نىيۇ رۇجى يازغان «ئۇيغۇر بۇددىزم تېكىستلىرى - بۇددىزم ھۆججەتلىرى ۋە پارىژدا ساقلانغان دۇنخۇاڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددىزم تېكىستلىرى» دېگەن كىتابىغا قاراڭ.

杨富学“印度宗教文化与回鹘民间文学”， ⑥
。民族出版社，2007年9月版，304页

杨富学“印度宗教文化与回鹘民间文学”， ⑦
。民族出版社，2007年9月版，305页

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئىدىقۇت ئېلىگە تەئەللۇق ئەسەر «ئامتا بۇددانىڭ نوم تەپسىرلىشى»، مۇشۇ خىل ژانىرنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغانلىقىنىڭ كۆچلۈك دەلىلىدۇر.

⑧ ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009_يىل 9_ئاي نەشرى، 159-بەت.

⑨ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 _ يىل 12 - ئاي نەشرى،197 - بەت.

杨富学“印度宗教文化与回鹘民间文学”， ⑩
。民族出版社，2007年9月版，329页

⑪ ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009_يىل 9_ئاي نەشرى، 159 - بەت.

⑫ 杨富学“印度宗教文化与回鹘民间文学”，
民族出版社，2007年9月版，4页。

⑬ ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009ـيىل 9ـئاي نەشرى، 159 ـ بەت.

⑭ ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998ـيىل 12ـئاي نەشرى، 197ـبەت.

⑮ ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009ـيىل 9ـئاي نەشرى، 628ـبەت.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم زۇنۇن

## 论印度佛教文化与维吾尔达斯坦

阿不来提•亚生

摘 要：本文研究并分析了从印度传来的佛教文化及其意识形态对维吾尔民间文学-达斯坦的形式、内容、表演等方面所产生的影响，阐述了两者之间的关系、历史交流及相互影响。

关键词：佛教文化；达斯坦；民间文学

www.kitaphumar.com

# ئەنگلىيەدە ساقلىنىۋاتقان كۇسەن پۈتۈكلىرى

تەلئەت ئۇبۇلقاسىم تۆمەن

(ئاپتونوم رايونلۇق كۇسەن مىڭئۆي تەتقىقات يۇرتى 830000)

كۇسەن پۈتۈكلىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى خوتەن قولىيازمىلىرى، دۇنخۇاڭ قول يازمىلىرى، تۇرپان قولىيازمىلىرىدىن بۇرۇن. كۇسەن پۈتۈكلىرى بايقالغاندىن كېيىن ياۋروپادىكى شەرقشۇناسلار دىققەت نەزىرىنى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىغا قاراتقان. شۇنىڭ تۈرتكىسىدە 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى خەلقئارادا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئىزدەش، تېپىش جېڭى باشلىنىپ خەلقئارادا دۇنخۇاڭ-تۇرپانشۇناسلىق، كۇسەنشۇناسلىقنىڭ روياپقا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان. كۇسەن پۈتۈكلىرىنى مۇنتىزىم ئارخېئولوگىيە تەربىيەسى كۆرگەن ئارخېئولوگلار بايقىغان بولماستىن، ئىزدەنگۈچىلەر ئىزدەش جەريانىدا تاسادىپىي بايقىغان. 19-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرى بەزى پارچە-پۇرات مەلۇماتلار كۆرۈلۈشكە باشلىغان، بولۇپمۇ ئەنگلىيەگە قاراشلىق بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تىلشۇناسلىق مۇدىرى ھورنېلنىڭ تەتقىقاتى ۋە قىياسىدىن كۇسەن پۈتۈكلىرىنىڭ دەسلەپتە بايقالغان ۋاقتى ۋە سىرتقا ئېقىپ كېتىشى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز. چۈنكى ھورنېل 19-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىكى بىر تۈركۈم ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە بۇ مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. كۇسەن پۈتۈكلىرى 1889-يىلى بايقالغان. بۇ ھەقتە ئەڭ بۇرۇن مەلۇمات بەرگەن كىشى ئەنگلىيەگە قاراشلىق لاداقنىڭ مەركىزى لېھ شەھىرىدىكى موراۋئىيان مەزھىپىنىڭ مىسسىيونېرى (دىن تارقاتقۇچى) ۋېبېر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1892-يىلى 7-ئاينىڭ 29-كۈنى ۋە شۇ يىلى 9-ئاينىڭ 21-كۈنى ھورنېلغا ئىككى پارچە خەت يازغان. خەتتە «ۋېبېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ بايقىلىش جەريانى بايان قىلىنغان بولۇپ، پۈتۈك كۆكيار دېگەن يەر (ئۇنىڭغا يۇرتىمىزنىڭ يەر نامىلىرى ناتونۇش بولغاچقا خاتا ھالدا كۇچانى كۆكيار دەپ ئاتىغان) گە يېقىن جايدىكى ئۆيدىن بايقالغانلىقى، بۇ ئۆينىڭ ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغانلىقى بايان قىلىنغان. ئەمدى ھورنېلغا

كەلسەك ئۇ ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستاندا تۇغۇلغان بولۇپ، 1848-يىلى يەتتە ياشقا كىرگەندە ياۋروپاغا قايتىپ ئوقۇشقا كىرىشكەن. 1865-يىلى ھىندىستانغا قايتىپ كېلىپ، ئاساسلىق ھىندى- ئارىيان تىلى ۋە ھىندىستاننىڭ قەدىمكى يېزىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1897-يىلى ھورنىل بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» دە مۇھەررىرلىك قىلغان.

كۇسەن پۈتۈكلىرى ناھايىتى تاسادىپىي بايقالغان. 1888-يىلى 4-ئاينىڭ8-كۈنى ئەنگلىيەلىك سودىگەر ئاندرېۋ داگلېش ((Andrew Daglesh ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستاندىكى لاداقنىڭ مەركىزى لېھ شەھرىدىن شىنجاڭدىكى ياركەنتكە بېرىش سەپىرىدە قاراقۇم تاغ ئېغىزىدا پۇشتۇ مىللىتىدىن بولغان دادمۇھەممەد تەرىپىدىن ئۆلتۈرىدۇ، دادمۇھەممەد داگلېشنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ياركەنت، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈيدۇ، 1899-يىلى ياز پەسلىدە ئەنگلىيەگە قاراشلىق بېنگال 17-ئاتلىق پولكىنىڭ لېيتېنانتى بوۋېر ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستان قوروۇلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئەمەلدارى مايور B.W. كۇمبېرلاند (W.B.Cumberland) بىلەن پامىر ئېگىزلىكىكە ئوۋ ئوۋلاپ ساياھەت قىلغىلى بارىدۇ. ئۇلار 1888-يىلى 11-ئايدا ياركەنتكە سوقۇنۇپ كىرگەن، ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئىشپىيوندىن بىر مەخپىي بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇنىڭدا بوۋېرنىڭ شىنجاڭدا ساياھەت قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قاتىل دادمۇھەممەدنى تۇتۇش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلگەن. بوۋېر بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، دادمۇھەممەدنى ئىزدەشكە كىرىشىپ 1889-يىلى 8-ئايدا كۇچاغا يېتىپ كېلىدۇ.

بوۋېرنىڭ كۇچاغا كېلىشى كۇچادىكى بىر قىسىم ئىزدەنگۈچىلەر كۇچاغا كېلىشى كۇچادىكى بىر قىسىم ئىزدەنگۈچىلەر كۇچانىڭ غەربىدىكى قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بىر بۇددا مۇنارى ئاستىدىن سانسكرىت يېزىقى ۋە كۇسەن يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنى تاپقان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ.

1899-يىلى كۇچادىكى بىر قىسىم ئىزدەنگۈچىلەرياقۇپ بەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، كىشىلەرنىڭ قەدىمكى خارابىلىكلەردىن ئالتۇن- كۈمۈش قاتارلىق بايلىقلارنى تاپقانلىقىنى ئاڭلاپ كۇچانىڭ غەربىگە 26 كىلومېتىر كېلىدىغان، شايار دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى بىر قەدىمكى خارابىلىكتىكى بۇددا مۇنارى خارابىسىدىن نۇرغۇنلىغان قولىيازمىلارنى بايقايدۇ.بۇ قولىيازمىلار كۇچالىق ھاجىم ئىسىملىك كىشىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ، كۇچادا سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئافغانىستانلىق سودىگەر غولام

قادىرخان كۇچالىق ھاجىمنىڭ ئۆيىگە بىرىپ نۇرغۇن قولىيازمىلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ بۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سورايدۇ، ھاجىم ئىشىنىڭ جەريانىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىدۇ. غۇلام قادىرخان ئۇنىڭدىن بۇ قولىيازمىلارنىڭ بىر قىسىملىرىنى ئېلىپ كېتىدۇ. 1890-يىلى غۇلا قادىرخان ئۆزى ئېلىپ كەتكەن قولىيازمىلار ئىچىدىن بىر ئەسەرنى بوۋېرغا بېرىدۇ، مانا بۇ دۇنياغا مەشھۇر بولغان «بوۋېر قەدىمكى كىتابى»دۇر.

شۇنىڭدىن كېيىن غۇلام قادىرخان ئۆزىدە قالغان قولىيازمىلارنى ياركەنتتىكى ئىنىسى دىلدارخانغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. 1891-يىلى دىلدارخان بۇ قولىيازمىلارنى لاداقنىڭ لېھ شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ بىر قىسمىنى ئەنگلىيەگە قاراشلىق لاداق ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ يەرلىك كاتىپى ئەھمەدىن (1895-يىلى ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق سىياسى ۋەكىلى بولغان) گە ھەدىيە قىلىدۇ. ئەھمەدىن بۇ قولىيازمىلارنى موراۋئىيان مەزھىپىنىڭ مىسسىيونېرى ۋېبېرگە بېرىدۇ، مانا بۇ دۇنياغا مەشھۇر «ۋېبېر قەدىمكى كىتابى» دۇر.

كېيىنچە دىلدارخان بۇ قولىيازمىلارنىڭ قالغان قىسمىنى ھىندىستانغا ئېلىپ كېلىپ ئەلگاردىكى دوستى فەيز-مۇھەممەدخانغا قالدۇرۇلغان. 1895-يىلى دىلدارخان ھىندىستانغا بېرىپ دوستىغا قالدۇرۇپ قويغان قولىيازمىلارنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ ماكارتىنېيغا سوۋغا قىلغان. مانا بۇ «ماكارتېنىي قولىيازمىلىرى» دىكى نومۇرلۇق قولىيازمىلارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قولىيازمىلار غولام قادىرخان كۇچالىق ھاجىم دەپ ئاتالغان كىشىدىن ئالغان قولىيازمىلارنىڭ ھەرقايسى ئەللەرگە تارقىلىش ئەھۋالى. ئەمما كۇچالىق ھاجىمنىڭ قولىدا قالغان قولىيازمىلارنىڭ تەقدىرىنىڭ كىملەرنىڭ قولى ئارقىلىق كىملەرگە بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. بىراق، رۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېترووۋېسكىينىڭ «پېترووۋېسكىي قولىيازمىلىرى» كۇچادا سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەنجانلىق سودىگەرلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق پېترووۋېسكىيغا يەتكۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەڭ ئاخىرقى بىر قىسمىنىڭ بەلكىم كۇچاغا كەلگەن ئاللىقانداق سەيياھلارغا سېتىۋېتىلگەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

پېترووۋېسكىي بۇ قولىيازمىلارنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى ئولدېنبورگغا ئەۋەتىپ بەرگەن. بوۋېر 1890-يىلى 3-ئاينىڭ 3-كۈنى غۇلام قادىرخاندىن قىيىن دەرىخنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان بىر ئورام قەدىكى قولىيازمىلارنى سېتىۋالىدۇ. شۇ كۈنى بوۋېر غۇلام قادىرخاننىڭ يول باشلىشى بىلەن كۇچادىن يولغا چىقىپ قولىيازما بايقالغان خارابىلىكنى تەكشۈرىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بوۋېر كۇچادىن

ئايرىلىپ شايار ئارقىلىق قەشقەرگە يولغا چىقىدۇ. 1890-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنى قەشقەرگە كېلىدۇ. بۇ چاغدا دادمۇھەممەد رۇسسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىكى خىزمەتچىلەر تەرىپىدىن تۇتۇلىدۇ. بىراق ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىۋاتقاندا، دادمۇھەممەد زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋېر ئۆزى كۇچادا قولغا چۈشۈرۈلگەن قىيىن دەرخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قەدىمكى قولىيازما، قەدىمكى پۇل قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ قەشقەردىن ئايرىلىدۇ. 1890-يىلى 8-ئاينىڭ 16-كۈنى ئەنگلىيەگە قاراشلىق سىمرادىكى تۇرالغۇسىغا قايتىپ كېلىدۇ. 9-ئاينىڭ 15-كۈنى سىمراسىدىكى هاردىڭس (Hardings) مېھمانخانىسىدا ئەنگلىيەگە قاراشلىق بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش مۇدىرى هادخورسقا بىر پارچە خەت يازىدۇ. بۇ خەتتە ئۇنىڭ جوڭگو شىنجاڭدىكى كەچۈرمىشلىرى ۋە كۇچادىكى قولىيازمىلارنى قولغا چۈشۈرۈش جەريانى بايان قىلىنغان. بۇ بوۋېرنىڭ قىيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قولىيازمىلارنى بايقاش جەريانىنى تۇنجى قېتىم ئاشكارلىشى ئىدى.

«بوۋېر قەدىمكى كىتابى» ھىندىستاندا زىلزىلە پەيدا قىلىۋاتقان پەيتتە، ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستاندىكى ھىندى تىللىرى مۇتەخەسسىسى يۇقىرىدا دېيىلگەن ھورنېل ياۋروپادا دەم ئېلىۋاتقان بولغاچقا بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپالمىغان ئىدى. 1891-يىلىنىڭ باشلىرىدا، ھورنېل پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ھىندىستانغا قايتىدۇ. پاراخوت قىزىل دېڭىزدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھورنېل ئەنگلىيەگە قاراشلىق يەمەندىكى ئادىندا ھىندىستاندا نەشر قىلىنغان «بومباي گېزىتى» نى تاسادىپىي قولغا چۈشۈرىدۇ. گېزىتتە «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىغىن خاتىرىسى» نىڭ 1890-يىلى11-ئايدىكى ساندا بوۋېرنىڭ 1890-يىلى 9-ئاينىڭ 30-كۈنىدىكى خاتىرىسى كۆچۈرۈپ بېسىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھورنېلنىڭ تەلىيى ئۆڭدىن كېلىپ پاراخوتتا بوۋېرنىڭ شىنجاڭدىكى سەپەرداشى كانبېرن بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ھورنېل پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىن «بوۋېر قەدىكى كىتابى» نىڭ بايقىلىش جەريانى ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدە بىر قىسىم يىپ ئۇچىغا ئىگە بولىدۇ. 1891-يىلى 2-ئايدا ھورنېل كالكۇتتاغا يېتىپ بارىدۇ، پاراخوتتىن چۈشۈپلا قىيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قەدىمكى قولىيازمىنىڭ ئىزدېرىكىنى قىلىدۇ.ھادخورس ھورنېلنىڭ قابىلىيىتىگە ئىشەنگەچكە ئىككىلەنمەستىن «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نى ئۇنىڭ ئوقۇپ بېيىشىگە بېرىدۇ. 1891-يىلى 3-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ پۈتۈن زېھنىنى «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نى ئوقۇپ بېيىشقە قارىتىدۇ. 1891-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنى بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئايلىق

يىغىنى چاقىرىلىدۇ. يىغىندا ھورنېلنىڭ بوۋېر تاپقان قەدىمكى قولىيازمىغا ئائىت نۇتۇق سۆزلەپ ئۆزىنىڭ ئىككى ھەپتىدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە قولىيازمىنى ئوقۇپ يېشىش خىزمىتىنىڭ جەريانى ۋە ھېس قىلغانلىرىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھورنېل بوۋېر قولغا چۈشۈرگەن قەدىمكى قولىيازمىنى جامائەتچىلىككە كۆرسىتىدۇ. ھورنېلنىڭ يىغىندا سۆزلىگەن نۇتۇقى سەل كېيىنرەك «قەشقەرىيەدىن بايقالغان قىيىن دەرىخنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قەدىمكى قولىيازما» دېگەن تېمىدا « بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىن خاتىرىسى» نىڭ 1891-يىللىق 4-ئايلىق سانىدا ئېلان قىلىنىدۇ. شۇ ژۇرنالدا يەنە «غەربىي يۇرت كۇچانىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمكى شەھەردىن بايقالغان قىيىن دەرىخنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قولىيازمىدىن تاللانما» دېگەن تېمىدا بوۋېر قەدىمكى كىتابىنىڭ ئىككى بېتىنى ئېلان قىلىدۇ.

«بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىن خاتىرىسى» ئەينى چاغدا خەلقئارا شەرقشۇناسلىق ساھەسىدىكى مەشھۇر ژۇرنال ئىدى. ئۇنىڭ 1890-يىللىق 11-ئايلىق سانى بىلەن 1891-يىللىق 4-سانى ئىلگىرى-كېيىن ياۋرۇپاغا تارقالغاندىن كېيىن ياۋروپا ھىندىشۇناسلىق ساھەسىدە زور غۇلغۇلا قوزغايدۇ. ھورنېل كالكۇتتادا «بوۋېر قەدىمكى كىتابى»نى ئوقۇپ يېشىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا، ئاۋستىرىيەلىك ھىندىشۇناس ئالىمى بوھلېر ۋېنادا، «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىن خاتىرىسى»دە ئېلان قىلىنغان فوتو سۈرەتكە ئاساسەن بوۋېر قولغا چۈشۈرگەن قەدىمكى قولىيازمىنى تەتقىق قىلىدۇ. بوھلېرنىڭ «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىن خاتىرىسى» 1890-يىللىق 11-ئايلىق سانىدا ئېلان قىلىنغان قولىيازمىنىڭ ئىككى پارچە فوتو سۈرىتىگە ئاساسەن ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىسى «مىڭئۆي كىتابى ياكى بوۋېر كىتابى ھەققىدە خاتىرىلەر» دېگەن تېمىدا «ۋېنا شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى»نىڭ 5-جىلد (1891-يىللىق تومى) نىڭ 103-بېتىدە ئېلان قىلىنىدۇ. «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىن خاتىرىسى» نىڭ 1891-يىللىق 4-ئايلىق سانى ۋېناغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن بوھلېر يەنە شۇ خاتىرىدە ئېلان قىلىنغان ئىككى پارچە فوتو سۈرەتكە ئاساسەن ئوقۇپ يېشىش ۋە تەرجىمە قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەتقىقات نەتىجىسى «مىڭئۆي كىتابى ياكى بوۋېر قەدىمكى كىتابىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن خاتىرىسى ھەققىدە» دېگەن تېمىدا «ۋېنا شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى» 5-جىلد (1891-يىللىق تومى) نىڭ 106-108 بېتىدە، ھەمدە «پەنلەر ئاكادېمىيەسى» ژۇرنىلىنىڭ 1891-يىلى 8-ئاينىڭ 15-كۈنىدىكى سانىنىڭ 138-139-بېتىدە ئېلان قىلىنىدۇ. بوھلېر بىلەن

هورنېل ئەينى چاغدىكى مەشھۇر ھىندىشۇناس ئالىملاردىن بولۇپ بىرسى ۋېناداا، يەنە بىرى ھىندىستاننىڭ كالكۇتتادا تۇراتتى. بۇ ئىككەيلەن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا «بوۋېر قەدىمكى كىتابى»نىڭ بىر قانچە بېتىنى مۇستەقىل ئوقۇپ چىققان. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بوھلېر قولىيازمىنىڭ فوتو سۈرەت نۇسخىسىغا ئاساسەن ئوقۇپ يېشىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئەمما ھورنېل پۈتۈن قولىيازمىنى ساقلىغۇچى سوپېتىدە ئوقۇپ چىققان. بۇ خىل ئەمەلىيەت بوھلېرنىڭ ئىلىم جەھەتتىكى سەۋىيەسىنىڭ ھورنېلدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بوھلېرنىڭ قولىيازمىنى ئوقۇپ يېشىش جەھەتتىكى ئۇتۇقلۇق نەتىجىسى ھورنېلغا بېسىم پەيدا قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھورنېل قولىيازمىنى ئوقۇپ يېشىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ. 1892-يىلى نەشر قىلىنغان «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى مەجمۇئەسى» A نۇسخا (ئەدەبىيات، تارىخ قىسمى) 60- جىلد (1891-يىللىق تومى) نىڭ 2-سانىدا ئۆزىنىڭ «بوۋېر قەدىمكى كىتابىنىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە» نى ئېلان قىلىدۇ. ماقالىدە ھورنېل بوۋېر كۇچادىن قولغا چۈشۈرگەن قەدىمكى پۈتۈككە رەسمىي يوسۇندا «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» دەپ نام بېرىدۇ.

1892-يىلى 6-ئايدا ۋېبېر ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستاننىڭ لېھ شەھرىدە تۇرۇشلۇق سىياسىي ۋەكىللەر ئورنىنىڭ يەرلىك كاتىپى ئەھمەدىندىن شىنجاڭدىن بايقالغان ياغاچ تارشا ئىچىگە ئورالغان قەدىمكى قولىيازمىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بىز ئەھمەدىننىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ قولىيازمىلارنى ۋېبېرغا ھەدىيە قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس.

ۋېبېر ئەھمەدىن ئەۋەتكەن قولىيازمىلارنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن قولىيازمىنى ئۆز يېنىدا ئۈچ كۈن ساقلاپ 1892-يىلى 6-ئاينىڭ 21-كۈنى پوسۇلكىغا قاچىلاپ بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىدىكى ھورنېلغا ئەۋەتىپ ئوقۇپ يېشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھورنېل 1892-يىلى 7-ئايدا ۋېبېر ئەۋەتكەن قەدىمكى قولىيازمىلارنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ ھەم ناھايىتى تېزلىكتە تەتقىقاتىغا كىرىشىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن قولىيازمىلارغا «ۋېبېر قەدىمكى كىتابى» دەپ نام بېرىدۇ.ئاندىن كېيىن ۋېبېر قەدىمكى كىتابى» ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن بايقالغان يەنە بىر تۈركۈم قەدىمكى قولىيازمىلار» دېگەن تېمىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىنى «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى مەجمۇئەسى» A نۇسخا (ئەدەبىيات، تارىخ قىسمى) 61-جىلد (1893-يىللىق تومى) نىڭ 1-سانىدا ئېلان قىلىدۇ.

«بوۋېر قەدىمكى كىتابى» 1891-يىلدىن تارتىپ ھورنېلنىڭ قولىدا تۇرغان. 1897-يىلى ھورنېل پۈتۈن قولىيازمىنىڭ شەرھىسى بىلەن ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى

پۇتتۇرگەندىن كېيىن قولىيازمىنى بوۋېرغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بوۋېر 1898-يىلى 4-ئايدا «بوۋېر قەدىمكى كىتابى»نىڭ قولىيازمىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇنى ئەنگلىيەگە ئېلىپ بېرىپ قەدىمكى بۇيۇملار سودىگىرى كوۋارتسقا ساتىدۇ.1899-يىلى 4-ئايدا هورنېل هىندىستاندا دەم ئېلىشقا چىقىپ ئەنگلىيەگە قايتىپ كېلىپئوكسفوردا ئولتۇراقلىشىدۇ. ئۇنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە كېلىشتۈرۈشى بىلەن ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى باردېلى كۇتۇپخانىسىنىڭ مۇدىرى W.E. نىكولسون (E.W.Nicholson ) 1900-يىلىنىڭ مەلۇم ئايلىرىدا 50 فوندستېرلىڭغا «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نى سېتىۋالغان. شۇنىڭدىن تارتىپ «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» ئوكسفورد ئۇنىۋېرستېتىنىڭ باردېلى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. «ۋېبېر قەدىمكى كىتابى» ۋېبېرنىڭ هورنېلغا هەدىيە قىلغان سوۋغىسى بولغاچقا هورنېل بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلىپ جامائەتچىلىككە ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئۇنى ۋېبېرغا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. هورنېل ئوكسفوردقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى شەخسىي مۈلكى سۈپىتىدە ئوكسفوردقا ئېلىپ كەلگەن. 1903-يىللىرى هورنېل «ۋېبېر قەدىمكى كىتابى» نى ئوكسفورد باردېلى كۇتۇپخانىسغا سېتىپ بەرگەن.

«بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ تېپىلىشى يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەهمىيەتكە ئىگە. بۇ كىتاب بايقالغاندىن كېيىن خەلقئارا ئوتتۇرا ئاسيا تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ مەۋقەسىدە ئۆزگىرىش بولدى. بۇ هەقتە هورنېل مۇنداق دېگەن :« ‹بوۋېر قەدىمكى كىتابى› نىڭ بايقىلىشى هەمدە ئۇنىڭ كالكۇتتادا ئېلان قىلىنىشى شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشنىڭ يېڭى هەرىكىتىنى قوزغىدى»، كېيىنچە ئۇ يەنە ئەسلەپ :«‹بوۋېر ۋە ۋېبېر قەدىمكى كىتابى›نىڭ بايقىلىشى مېنىڭ دىققەت نەزىرىمنى رام قىلىۋالدى، شىنجاڭ پۈتۈكشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئىستىقبالى پارلاق ماكان» دەيدۇ. ئاۋرېل ستەيىن ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە:«1890-يىلى پولكوۋنىڭ بوۋېر كۇچادىن قېيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قەدىمكى قولىيازمىنى قولغا چۈشۈرگەندىن تارتىپ بۇ ماكان هىندىشۇناسلارغا تېخمۇ تونۇشلۇق بولۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن نەزەرىمنى شىنجاڭغا قارىتىپ، بۇ يەرنى ئارخېئولوگىيە خىزمىتىمنىڭ سەهنىسى قىلىپ بېكىتتىم» دېگەن. ئەنگلىيەلىك هىندىشۇناس گېئورگى ئابراهام گىرىرسون ( Gerorge Abraham Grierson) هورنېل ۋاپات بولغاندىن كېيىن، «بىنگال ئاسيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلىدا» دا: «‹بوۋېر قەدىمكى كىتابى› نىڭ بايقىلىشى ۋە هورنېلنىڭ بۇ قولىيازمىلارنى ئېلان قىلىشى نەتىجىسىدە ياۋروپا هەرىكەتكە كېلىپ بۇ رايونغا بېرىپ تېخمۇ كۆپ يادىكارلىقلارنى ئىزدەشكە كىرىشتى. هازىر ئالللىقاچان يوقالغان قەدىمكى مەدەنىيەتكە دائىر

www.kitaphumar.com

ماتېرىياللارنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بارا-بارا ئىگىلەشكە باشلىدى» دېگەن. بۇگۈنكى
كۈندە كۈنەسشۇناسلىقنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدەنمەكچى بولىدىكەنمىز تەتقىقاتىمىزنى
ئالدى بىلەن «بوۋېر ۋە ۋېبېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ تېپىلىشىدىن باشلاشقا توغرا
كېلىدۇ.

ھورنېل 1893-يىلى «ۋېبېر قەدىكى كىتابى» نى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئەڭ
دەسلەپكى ئۈچ گۇرۇپپا قولىيازمىنى قولغا چۈشۈرىدۇ، يەنى 1895-يىلى 4-ئايدا ماكارتېني
يىغقان «كۈسەن پۈتۈكلىرى» («ئوتتۇرا ئاسىيا يادىكارلىقلىرى ئەنگلىيە يىغما بۇيۇملىرى»
1-گۇرۇپپا يادىكارلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ) نى قولغا چۈشۈرىدۇ. 1895-يىلى 11-ئايدا
«گودفرېي قولىيازمىلىرى»نى، 1896-يىلى 12-ئايدا «ماكارتېني قولىيازمىلىرى» نى
تاپشۇرۇپ ئېلىپ ھەممىنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىپ «يەنە ئۈچ گۇرۇپپا ئوتتۇرا ئاسىيا
قولىيازمىلىرى» دېگەن نامدا ناھايىتى تەپسىلىي تەتقىقات دوكلاتىنى ئېلان قىلىدۇ. 1897-
يىلى 8-ئاينىڭ 4-كۈنى چاقىرىلغان بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىنىدا، ھورنېل
بۇ تەتقىقات دوكلاتىنى ئوقۇيدۇ ھەمدە «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» نىڭ
66-جىلد (1897-يىللىق تومى) دا ئېلان قىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە دوكلات ۋە تەتقىقات
بىرلەشكەن ماقالە بولۇپ 24 پارچە فوتوسۈرەت بېرىلگەن. ماقالىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ئۈچ
قىسىمغا بۆلۈنگەن ئايرىلغان. 1-قىسمى ماكارتېني قولغا چۈشۈرگەن «كۈسەن
پۈتۈكلىرى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك، 2-قىسمى «گودفرېي قولىيازمىلىرى»، 3-قىسمى
بولسا «ماكارتېني قولىيازمىلىرى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

كۈسەن پۈتۈكلىرى بولغان «بوۋېر قەدىمكى كىتابى»بىلەن «ۋېبېر قەدىمكى
كىتابى» ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ قولغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن رۇسىيەلىكلەرمۇ «كۈسەن
پۈتۈكلىرى» نى يىغىش قەدىمىنى تېزلەتتى. رۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق تۆنجى
كونسۇلى پېتروۋېسكىي 1882-يىلدىن تارتىپ ئىزچىل شىنجاڭنىڭ يادىكارلىقلىر- نى
يىغىپ كەلگەن. ئۇ 1890-يىلى بوۋېر كۇچادا قەدىمكى قولىيازمىنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ
ئالدى- كەينىدە رۇسىيەدە دەم ئېلىۋاتاتتى. ئەڭ دەسلەپ «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نى
تونۇشتۇرغان «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىن خاتىرىسى» نىڭ 1890-يىللىق
11-سانى ۋە 1891-يىللىق 4-سانى ياۋروپادىكى ھىندىشۇناسلىق ساھەسىگە تارقالغاندىن
كېيىن رۇسىيەلىك ھىندىشۇناس سېرگېي فېدروۋېچ ئولدېنبۇرگ «بوۋېر قەدىمكى
كىتابى»نىڭ مۇھىملىقىنى ھەمدە كۈسەن پۈتۈكلىرى ياكى سانسكرېتچە ۋەسىقىلەرنىڭ
جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ساقلىنىش ئىستىقبالىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

ئولدېنبۇرگ 1891-يىلى پېتروۋىسكىيغا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېزدىن «كۇسەن پۈتۈكلىرى» نىڭ بايقىلىش ئەھۋالىنى ئىنقىلاش تەكلىپىنى بېرىدۇ. پېتروۋىسكىي قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال رۇسىيەلىك مۇھاجىرلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ئالدى بىلەن «كۇسەن پۈتۈكلىرى» نىڭ ئىزدىرىكىنى قىلىدۇ.كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قولىيازما يادىكارلىقلارنى يىغىپ ئارقا- ئارقىدىن ئولدېنبۇرگنىڭ تەتقىق قىلىشىغا ئەۋەتىدۇ. 1893-يىلىغا كەلگەندە غەرب ھىندىشۇناسلىق ساھەسىدە ئىككى خىل يېڭى ھادىسە مەيدانغا كېلىدۇ. ھورنېل، بايلى، ئولدېنبۇرگ قاتارلىقلار «بوۋېر قەدىمكى كىتابى»، «پېتروۋىسكىي قولىيازمىلىرى»نىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كەينى-كەينىدىن ئېلان قىلىپ غەرب ھىندىشۇناسلىقىنىڭ دىققەت-نەزىرىنى جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا جەلپ قىلىدۇ.

ھورنېل 1893-يىلى نەشر قىلىنغان «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» نىڭ 1-ساندا «ۋېبېر قەدىمكى كىتابى» نى ئېلان قىلىدۇ. ھورنېلنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قولىيازما ئوخشاش بولمىغان توققۇز پارچە ئەسەردىن تۈپلەنگەن، جەمئىي 76 ۋاراق بولۇپ، دەۋرى مىلادىيە 7-ئەسىردىن ئىلگىرى بولۇشى مۇمكىن.

ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتى ماكارتنېيغا «كۇسەن پۈتۈكلىرى» نى يىغىش ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن نىشاننى «كۇسەن پۈتۈكلىرى» گە قارىتىدۇ. 1894-يىلى يەكەندىكى ئافغانىستانلىق سودىگەر دىلدارخان كۇچادىكى ئاكىسى غۇلام قادىرخان تەمىنلىگەن ئۇچۇرغا ئاساسەن، ماكارتنېيغا كۇچادىكى يۇسۇپبەگنىڭ قولىدا ئون پارچە پۈتۈكنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ماكارتنېي بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قەشقەردىكى تونۇشى جۇڭگو- رۇسىيە سودا ئالاقە ئىدارىسىنىڭ نازارەتچى ئامبىلى زېڭ گۇاڭجۇنگە خەت يېزىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. زېڭ گۇاڭجۇن ماكارتنېينىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىندەرھال كۇچادىكى ئەمەلدار تونۇشى ليۇ رېنجيغا خەت يېزىپ بۇ ئىشنى ئىنقلاپ بېقىش ھەمدە بۇ كىتابلارنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلايدۇ. ليۇ رېنجيا خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن تېمۇربەگ ئىسىملىك بىرسىدىن كىتابنىڭ ئىشلىرىنى سورايدۇ. لېكىن بۇ كىشى قەدىمكى كىتاب ھەققىدە ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ليۇ رېنجيا ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ 25 ئادەمنى ياللاپ «كۇسەن پۈتۈكلىرى» بايقالغان دەپ قارىلىپ كەلگەن قۇمتۇرا

مىڭئۆيىنىڭ يېنىدىكى خارابىلىك دۆلدۆل ئوقۇردىكى قەدىمكى مۇنار خارابىسىنى 2 ئاي قېزىپ بىر قاتار كەمتۈك قولىيازمىلارنى بايقايدۇ، 1894-يىلى قىشتا، لىۇ رېنجىيا بۇ قولىيازمىلارنى قەشقەردىكى زىڭ گۇاڭجۇنگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. زىڭ گۇاڭجۇن بۇ قولىيازمىلارنى ھايال بولمايلا ماكارتنىيغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ماكارتنىي بۇ قولىيازمىلارنى ئۆزىنىڭ كەشمىردە تۇرۇشلۇق باشلىقى ئادېلبېرت. تالبوت (Adelbert.Talbot) قا ئەۋەتىپ بېرىدۇ.تابوت بۇ قولىيازمىلارنى سىمرادىكى ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. 1895-يىلى 3-ئايدا ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئەڭ ئاخىرىدا بۇ قولىيازمىلارنى بېنگالدىكى ھورنېلغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ھورنېل قولىيازمىلارنى 1895-يىلى 4-ئايدا تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇ قولىيازما سېلىنغان خالتىنى ئېچىپ ئۇنىڭدا 415 پارچە قولىيازما بارلىقىنى بىلىدۇ. بۇ «كۇسەن پۈتۈكلىرى» ماكارتنىي توپلىغان 1-گۇرۇپپا يادىكارلىقلار يەنى «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەنگلىيە يىغما بويۇملىرى » دىكى بىرىنچى گۇرۇپپا ساقلانما بويۇملار ئىدى.

1895-يىلى 9-ئايدا گودفرېي سىيالكوتتا پاخپۇلۇق سودىگەرلەر ئەۋەتكەن پوسۇلكىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ پوسۇلكىغا 71 پارچە قولىيازما قاچىلانغان. گودفرېي قولىيازمىلارنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن كەشمىردىكى باشلىقى تالبوتقا بىر پارچە خەت بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىپ بېرىدۇ. تالبوت 1985-يىلى 11-ئاينىڭ ئاخىرىدا قولىيازما بىلەن ھورنېلغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ھورنېل 71 پارچە قولىيازمىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇلارنى «گودفرېي قولىيازمىلىرى» دەپ ئاتايدۇ. ھورنېل بۇ قېتىم تاپشۇرۇپ ئالغان «كۇسەن پۈتۈكلىرى» ئىچىدە ئىككى پارچە خەنزۇچە ھۆججەتنىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ.

ھورنېل گەرچە 1893-يىلدىن كېيىن پۈتۈن زېھنىنى «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئەنگلىيە يىغما بويۇملىرى» نى تەتقىق قىلىشقا قاراتقان بولسىمۇ، بىراق «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نى ئېلان قىلىش خىزمىتىنى بوشاشتۇرۇپ قويمىغان. 1893-يىلدىن تارتىپ ھورنېل «بوۋېر قەدىمكى كىتاب» نىڭ يەتتە بۆلۈمىنىڭ ئىزاھات قىسمى (شەرھىسى، لاتىنچە ئوقۇلۇشى، ئىزاھاتى) ۋە ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى بۆلەكلەرگە ئايرىپ نەشر قىلدۇرىدۇ.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى چېن مىڭ ئەپەندى 2005 ـيىلى 6-ئايدا نەشر قىلغان «ئالاھىدە رېتسىپلار ـ بايقالغان ۋەسىقىلەر ۋە غەربىي يۇرت تېبابەتچىلىكى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە ئورنىدا «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ ھورنېل

ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخىسىنىڭ تىپابەتچىلىككە ئائىت قىسمى (يەنى 1-،2-،3- بۆلۈم) نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ جۇڭگودىكى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇندى.

1908-يىلىغا كەلگەندە، هورنېل «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ پۈتۈن سانسكرىتچە ئىندېكسىنى ئىشلەپ پۈتتۈردى. 1909-يىلى يەنە بۇ ئەسەرنىڭ تىپابەتچىلىككە ئائىت قىسمى (يەنى 1-،2-،3- بۆلۈم) نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى قايتىدىن نەشر قىلدۇردى. 1910-يىلىدىن تارتىپ هورنېل پۈتۈن توپلامنىڭ ئومۇمىي بايانىغا كىرىش سۆز يېزىپ 1912-يىلى تاماملايدۇ، «ئومۇمىي بايان» قىسمى پۈتكەندىن كېيىن بۇ بۆلەك بىلەن ئۆزى 1893-يىلىدىن تارتىپ ئېلان قىلىنغان «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نىڭ شەرھىسى، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ھەمدە پۈتۈن قولىيازمىنىڭ فوتوسۈرىتىنى بىرلەشتۈرۈپ كالكۇتتادا نەشر قىلدۇردى.

هورنېل «بوۋېر قەدىمكى كىتابى» نى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن توپلام شەكلىدە «ۋېبېر قەدىمكى كىتابى»، «گودفرېي قولىيازمىلىرى»،«ماكاتىنىي قولىيازمىلىرى» ۋە ئاۋرېل ستەيىن بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن قولىيازمىلارنى نەشر قىلىش خىزمىتىگە كىرىشىدۇ. يۇقىرى سەۋىيەلىك تەتقىقات نەتىجىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن هورنېل ئەنگلىيەدىكى مەشھۇر ھىندىشۇناس لونېل بارنېتت (Lonel Barnettt)، فىرانسىيەلىك ئالىم ئېدۋارد چاۋاننىسس( Edward Chavanness)، نورۋېگىيەلىك ھىندىشۇناس ستېن كونوۋ(Sten Konew)، فىرانسىيەلىك سولۋائىن لېۋى (Solwain Levi)، گېرمانىيەلىك ھىندىشۇناس ئالىم ھېنرىخ ئولدېرس (Heinrich Ulders)، ئەنگلىيەلىك ھىندىشۇناس ئالىم ۋىليام توماس(Williyam Tomas) قاتارلىق ياۋروپادىكى مەشھۇر ئالىملارنى تەشكىل قىلىپ هورنېل يىغما بۇيۇملىرى ۋە ئاۋرېل ستەيىن يىغما بۇيۇملىرىدىكى قولىيازمىلارنى تۈرگە ئايرىپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. بۇ قولىيازمىلار ئىچىدىكى كۇسەن تىلىدىكى پۈتۈكلەرنى رەتلەپ شەرھلەشكە سولۋائىن لېۋى مەسئۇل بولىدۇ.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە هورنېل مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە «جۇڭگو شىنجاڭدىن بايقالغانكەمتۈك بۇددىزم ۋەسىقىلىرى» نىڭ 1-تومى تۈزۈپ چىقىلىدۇ. 1916-يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى كىرارىندون نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدۇ. ئۇ بۇ ئەسەر ماۋزۇسىنىڭ ئاستىغا شەرھلەپ «ئەسلى قولىيازمىنىڭ ئوقۇلۇشى، تەرجىمىسى، شەرھىسى بىرلىدى، هورنېل ۋە باشقا ئالىملار بىرلىكتە تۈزدى، 1-توم

بىرىنچى بۆلۇم ۋە ئىككىنچى بۆلۇم دەپ ئايرىلىدى؛ سانسكرىت تىلى، ئۇدۇن ساك تىلى،كۇسەن تىلى،تۈبۆت تىلى، خەنزۇ تىلىدىكى قولىيازمىلاردىن جەمئىي 22 پارچە فوتو سۈرەت قوشۇمچە قىلىندى» دېيىلگەن.

هورنىل بۇ كىتابنىڭ ئومۇمىي بايانىدا «ئۇدۇن ساك تىلى»،«كۇسەن تىلى» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان قىسمىدا مىلادىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىر قانچە ئەسىردە ئۆزئارا ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تىل ئومۇملاشقان، ... كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر خىل تىل ئىشلىتىلگەن يەنە بىر خىلى بولسا جەنۇبتا ئىشلىتىلگەن.شىمالغا ئىشلىتىلگەن تىلغا مۇللېر توخرى تىلى دەپ نام بەرگەن تىل ئىدى. جەنۇبتا ئىشلىتىلگەن تىل E لىئۇماندىن شىمالىي ئارىيان تىلى، H.لىدېرس ساك تىلى دەپ نام بەرگەن تىل ئىدى.يېقىندا سولۋائىن.لېۋى بىلەن سېتىن.كونوۋ ئۆز ماقالىلىرىدە ئادەمنى قايىل قىلىدىغان دەرىجىدە شىمالىي تىل بىلەن جەنۇبىي تىلنىڭ ئومۇملاشقان رايونىنىڭ مەركىزىي ياكى ئاستانىسىنى ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئۇدۇن ۋە كۇسەن دەپ بېكىتكەن. بىراق كىرسېتى (kirste) دەسلەپتە تۇرپان تىلى ۋە خوتەن تىلى دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلدى، بىراق تۇرپان شىمالىي تىلنىڭ ئومۇملاشقان رايونى ئەمەس بەلكى شىمالىي تىلنىڭ بىرلەمچىسى تارقالغان يەر ئىدى، سولۋائىن لېۋى بۇ تىلنى كۇسەن تىلى دەپ ئاتىدى. بۇ نام ئۇنىڭ ئۆلگە كۆرسىتىشى بىلەن ھازىرقى زامان نەشر بۇيۇملىرىدا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلماقتا».

هورنىل تۈزگەن«جۇڭگو شىنجاڭدىن بايقالغان كەمتۈك بۇددىزم ۋەسىقىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 2-تومى «ئۇدۇن ساك تىلى، كۇسەن تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە تۈبۆت تىلىدىكى ئەسەر» دېگەن نامدا بولۇپ ئەسەرنىڭ 1-توم 2-بۆلۈم 4- پاراگرافى بولسا سولۋائىن.لېۋى 1912-يىلى 10-ئايدا تاماملانغان «كۇسەن تىلىدىكى كەمتۈك پۈتۈكلەر» دېگەن ماقالىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ كەمتۈك پۈتۈكلەر هورنىل نومۇر قويغان 149 گۇرۇپپا يىغما ھۆججەتلەر بولۇپ كۆچالىق ئاقساقال ساھىب ئەلى كۇچا ۋە باي ئەتراپىدىكى جىگدىلىك دېگەن جايلاردىن بايقىغان قولىيازمىلار تويىغا تەۋە ئىدى.بۇ ماقالىدە سولۋائىن لېۋى ئۈچ پارچە قولىيازمىنى جامائەتچىلىككە ئېلان قىلغان بولۇپ ئۇنىڭ بىر پارچىسى «پراتى موكسا» (راھىبلارنىڭ تۇرمۇش قائىدىسى) قالغانلىرى بولسا «راھىبلارنىڭ تۆۋىنامىسى» ئىدى.

## پايدىلانمىلار:

1. جۇ يۈچى باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «غەربىي يۇرت فىلولوگىيەسى»، «5-جىلد، بېيجىڭ پەنلەر نەشرىياتى، 2010يىللىق خەنزۇچە نەشرى
2. ئادىل مۇھەممەد تۇران، تەلئەت ئوبۇلقاسىم تومەن: «قەدىمكى كۈسەن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىلى 6-ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى
3. شىنجاڭ كۈسەن تەتقىقات يۇرتى تۈزگەن :«قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇن خاتىرىسى»،مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 2008-يىلى خەنزۇچە نەشرى
4. «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 2004-يىللىق 3-،4-سان (ئۇيغۇرچە)
5. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتى تۈزگەن: « جۇڭگو مىڭئۆيلىرى، قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىق-لىرى نەشرىياتى 1992-يىل خەنزىچە نەشرى

مەنبە: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى 2013-يىللىق 4- سانىدىن ئېلىندى.

# «ئىلاھىي تايغان» ـ موڭغۇل مىللىتىنىڭ بۆرە توتېمى

## جىياڭ رۇڭ

بۆرە موڭغۇللار ئېتىقاد قىلىدىغان ھايۋانىي ئەجداد ۋە توتېم. «ئىلاھىي تايغان» موڭغۇللار تەرىپىدىن بۆرىلەرگە قويۇلغان ھۆرمەت نامى. مۇشۇ سەۋەبلىك، «ئىلاھىي تايغان» ئەمەلىيەتتە موڭغۇللارنىڭ بۆرە توتېمى.

«ئىلاھىي تايغان» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى مۇڭغۇلىيەلىك داڭلىق يازغۇچى ۋە ئالىم گاۋ توبۇ ئەجىم ئەپەندى بولۇپ، لەقىمى «كۆك بۆرە»، موڭغۇلىيەلىك دۆلەتلىك مەركىزىي كۇتۇپخانىنىڭ باشلىقى. «ئىلاھىي تايغان» ئەجىم ئەپەندىنىڭ يۈرەك قېنى بىلەن يېزىلغان ئەنئەنىۋى نوپۇزغا ئىگە ئېنسىكلوپېدىك، كىلاسسىك دەستۇر. ئۇنىڭغا ئەجىم ئەپەندىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان موڭغۇل بۆرىلىرى، بۆرە توتېمى ئېتىقادى، موڭغۇللار بىلەن بۆرىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ يېزىپ چىققان 41 پارچە ئىلمىي ماقالىسى بىلەن نەسىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. «ئىلاھىي تايغان» ناملىق بۇ كىتاب موڭغۇلىيەدە تىوپلام بولۇپ نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن، «بۆرە مۇڭغۇللارنىڭ توتېمى» دېگەن بۇتېمنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە دەلىللەپ بەردى ھەمدە موڭغۇللارنىڭ بۆرە توتېم مەدەنىيىتىگە مۇستەھكەم ئاساس سالدى.

«ئىلاھىي تايغان» گەرچە ھېكايە ژانىرىدا يېزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق ھېكايىدىن قېلىشمايدۇ. كىتابقا بۆرە ھەققىدىكى بىز ئاڭلاپ باقمىغان يۈز نەچچە ھەققىي ۋەقە، ئەل ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت ـ چۆچەكلەر، ئادەمنى ئەيىۋھانناس دېگۈزىدىغان سۆزىتلار كىرگۈزۈلگەن، شۇنداقلا بۆرە ئېتىقادىي بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەچچە ئون پارچە قەدىمىي قىيا تاش رەسىملىرى، تام رەسىملىرى، تاش ئابىدە، تاش ئويمىلار قىستۇرما قىلىنغان.

مەن «بۆرە توتېمى» نى ئوقۇپ باققان مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان جۇڭگولۇق ئوقۇرمەنلەرنىڭ ـ ئۇنىڭ ئۇتۇق ياكى كەمچىلىكلىرىگە باھا بەرگەن، ئۇنى ماختىغان ياكى سۆككەنلەرنىڭ ـ مۇڭغۇلىيەلىك يازغۇچى تەرىپىدىن يېزىلغان، موڭغۇللارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان «ئىلاھىي تايغان» نى ئوقۇپ بېقىشىنى سەممىيلىك

بىلەن ئۇمىد قىلىمەن.

جۇڭگو WTO غا كىرگەندىن كېيىن،تاپ باستۇرۇپلا پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئېتراپىدىكى بۆرە بىلەن دەرقەمتە بولىدىغان، بۆرىلەر بۇغا-ماراللارنى سۈر-توقاي قىلىدىغان، يەرشارىلاشقان رىقابەت دەۋرىگىمۇ قەدەم قويىدى. ناۋادا دۆلەت پۇقرالىرى ئەركىن، مۇستەقىل، قەيسەر ھالەتتە رىقابەتكە چۈشىدىغان بۆرە روھىنى ھازىرلىمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ قوي تەرىقىسىدە يەم بولىدىغان، ئەرزان باھالىق قوي گۆشىنى ساتىدىغانلار قاتارىغا ئۆتۈپ قېلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. تېخىمۇ دېيىشكە تېگىشلىكى، جۇڭگولۇقلار موڭغۇل ئېرىقىغا مەنسۇپ، نۆۋەتتە دۇنيادىكى جەم بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ جەھەتتە سانى ئەڭ كۆپ موڭغۇللار جۇڭگودىن ئىبارەت مۇشۇ زېمىندا. چوڭقۇر قاتلام بويىچە قارىغاندا، ئەگەر دۆلەت پۇقرالىرى موڭغۇللارنىڭ مەنىۋى توتېمىدىن خەۋەر تاپمىسا ياكى ئۇنى قارىغۇلارچە چەتكە قاقسا، دەپسەندە قىلسا، ئۇنىداقتا بىزنىڭ قېنىمىزدىكى موڭغۇل گېنىغا زىت كېلىپ چىققان ھەمدە ئۇنىڭغا دەز كەتكەن بولاتتى. ھالبۇكى بۇ كۆڭلەردە خەيىر، خۇۋاپلىق قاتارلىق زور بىرتۇركۈم يىراق قەدىمىي گېن ئويغانغان، بۆرە روھىغا ئىگە كارخانا كوللىكتىپلار كەسكىن خەلقئارالىق رىقابەتتە بىر تالاي بازار ۋە ھاياتلىق تەرەققىياتىنىڭ ماكانىنى ئىگىلەپ بولغان يەردە ئىدى.مەنىۋى توتېم مىللەتنىڭ خاراكتېرى بىلەن تەقدىرگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

1

«ئىلاھىي تايغان» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ جۇڭگودا نەشىردىن چىقىشىدا ھەم مۇقەررەرلىك ھەم تاسادىپىيلىق ئامىللىرى بار.

مەن «بۆرە توتېمى» نى ئۇزاقتىن ئۇزاق تەتقىق قىلغان ۋە يېزىۋاتقان جەرياندا، موڭغۇلىيەلىك يازغۇچى ئەجەم ئەپەندىنىڭمۇ «ئىلاھىي تايغان» ئۇستىدە ئىشلەۋاتقانلىقىنى مۇتلەق ئويلاپ باقمىغانىدىم. «ئىلاھىي تايغان» كۆپ يىللىق ئويلىنىش ۋە يېزىقتا ئىلىنىش ئارقىلىق 2007-يىلى 7-ئايدا تاماملانغان. «بۆرە توتېمى» 2007-يىلى نەشىردىن چىققاندىن كېيىن، «ئىلاھىي تايغان»نىڭ موڭغۇلچە ۋە ئېنگلىزچە نۇسخىسىمۇ 2008-يىلى نەشر قىلىنغان. «بۆرە توتېمى» 2010-يىلى موڭغۇلىيەدە تەرجىمە قىلىنىپ نەشىردىن چىققاندىن كېيىن ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. ئەمەلىيەتتە «ئىلاھىي تايغان» مۇ جۇڭگودا تەرجىمە قىلىندى ۋە نەشىردىن چىقتى. ئۇنىڭمۇ جۇڭگولۇق ئوقۇرمەنلەرنىڭ

ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. بۇ ئىككى كىتابنىڭ نەشىر قىلىنىشى موڭغۇلىيە جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى خۇشاللىنارلىق ئىش، بۇ ئەھۋال مۇڭغۇلىيە-جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ قېرىنداشلارچە ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ ھەمدە رايون مۇقىملىقى ۋە دۇنيا تىنچلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچەيتىدۇ.

ئېغىزنى چاكىلدىتىشقا ۋە ئويلىنىشقا ئەرزىيدىغان بىر ئىش، موڭغۇلىيە بىلەن جۇڭگودىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتتىكى 60 ياشقا كىرگەن موڭغۇل خەنزۇ ئىككى نەپەر يازغۇچىنىڭ ئويلىمىغان يەردىن تەڭلا دېگۈدەك ۋاقىتتا ئوخشاش مەزمۇندىكى، ئوخشاش روھتىكى ،ئوخشاش توتېمدىكى بۆرە ھەققىدىكى كىتابنى يازغانلىقى بولۇپ، بۇ ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى « پېشانىگە پۈتۈلگەن ئوخشاش قىسمەت» ھەققىدە ئويلاندۇرماي قالمايتتى. لېكىن ،مېنىڭچە بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرق لاگېرى پارچىلىنىپ، موڭغۇلىيە بىلەن جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ بىر چاغلاردىكى قاتماللىشىپ كەتكەن تۈزۈلمىسى يۇمشىغان ياكى قىسمەن يۇمشىغاندىن كېيىن، ئۇزاقتىن بېرى سوغۇق سارايغا بەنت قىلىنغان ئەركىن، قەيسەر شەرق روھىنىڭ ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدە كۆڭۈلنىڭ سىرىقىنى كۆرۈۋدىغان ئاتمۇسفىراغا ئىگە بولغانلىقى دەپ قارىسا بولاتتى. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش دەۋرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان «مۇقەررەرلىك» بار بىلەن يوقنىڭ بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدىكى بىر مۇنچە «تاسادىپىيلىق» نى ئۇچراشتۇرغاندۇق.

مەن «ئىلاھىي تايغان» ناملىق كىتابنى 2009-يىلى يازدا «بۆرە توتېمى» نى سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن موڭغۇلىيەگە مەنزىرە تاللاش ۋە مەدەنىيەت تەكشۈرۈشكە ماڭغان فىرانسىيەلىك داڭلىق رېژىسسور ژان ياك ئانوغا ھەمراھ بولۇش جەريانىدا تاسادىپىي يوسۇندا ئۇچرىتىپ قالدىم. شۇ چاغدا ئانو بىلەن ئىككىمىز ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتكەنىدۇق. «ئىككىمىزنىڭ نەزىرىدە ئىلاھىي تايغان» بىلەن «بۆرە توتېمى» ئاچا-سىڭىل ئەسەر بولۇپ، «ئىلاھىي تايغان»، «بۆرە توتېمى» دىكى ۋەقەلەرنى، مۇددىئا ۋە قىممەت قارىشىنى قوللىغان يەردە ئىدى. بۇ كىتاب ئانونىڭ بۆرە توتېمىنى فىلىم قىلىپ ئىشلەش ئىشەنچىسىگە غايەت زور دەرىجىدە ھەمدەم بولدى،ئۇنىڭ «بۆرە توتېمى» نىڭ چىنلىقى ئۈستىدىكى دەرگۇمانلىرىنى غايەت زور دەرىجىدە يوقاتتى.

«بۆرە توتېمى» نېمىلا دېگەن بىلەن مەندەك بىر جۇڭگولۇق خەنزۇ يازغان رومان بولغاچقا، ئۇ موڭغۇل مىللىتىنىڭ توتېمنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەنمۇ-يوق، ئاپتور يايلاق مىللىتىنىڭ يادرولۇق روھىنى ئاڭقىرالىدىمۇ-يوق دېگەنلەرگە

www.kitaphumar.com

نسبەتەن، ئانونىڭ دەرگۇمان بولىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئانونىڭ « قوشۇن شەھەر گە يېقىنلاشقاندا»، «ئاشىق- مەشۇقلار»،«ئېيىقنىڭ ھېيكايىسى» قاتارلىق كىنو ئەسەرلىرى يەر شارى بويىچە داڭلىق بولغاندىن باشقا، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ۋەقەنىڭ چىنلىقىنى ئىنتايىن چوڭ بىلىدىغان دۇنيا دەرىجىلىك چوڭ رېژىسسور ئىدى. مۇشۇنىڭغا كۆرە، مەنمۇ ئانونىڭ «بۆرە توتېمى» نىڭ چىنلىقىغا بولغان تەلپىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرىلىقىنى بىلگەن ئىدىم. ھالبۇكى ئۇنىڭ دەرگۇمانلىرى مەلۇم ياقتىن ئالغاندا، مۇشۇ كىتاب قوزغىغان ئۇزاققىچە داۋاملاشقان، كۆپتىن كۆپ غۇلغۇلا تۈپەيلى پەيدا بولغانىدى.

ئىلاھىي ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان بۆرە توتېمى بىلەن جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى بۆرىدىن ئىبارەت ئىبلىس ئوبراز ئارىسىدىكى پەرق تولىمۇ چوڭ بولغاچقا، ئۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى بۆرە مەدەنىيىتىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق قارىشىغا ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋېتىش ھالىتىدە تالاپەت يەتكۈزدى. نەتىجىدە، «بۆرە توتېمى» ئۇزاق مەزگىل بازارلىق كىتاب بولۇش ۋە ئالقىشقا سازاۋەر بولۇش بىلەن بىللە، كەلكۈندەك دەۋرەپ كىلىۋاتقان تەنقىد بىلەن بېسىمدىنمۇ قۇرۇق قالمىدى. كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە، ئىچكى مۇڭغۇلغا بارغان بىر قىسىم زىيالىي ياشلار ۋە ئالىملارمۇ «بۆرە توتېمى» نىڭ چىنلىقىدىن شۈبھىلەندى، ئۇنى قورشاۋغا ئالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يايلاقتا ماكانلاشقان ۋە تۇرمۇش كەچۈرگەندىكى سەرگۈزەشتلىرىنى پەش قىلىپ، بۆرە ھەققىدىكى بۇ كىتابنى رەزىللىكتە چېكىدىن ئاشقان مەدەنىيەت يالغانچىلىقى دەپ قارىدى. ئۇلارچە بولغاندا، موڭغۇللار بۆرىدىن نەپرەتلىنىدىغان، بۆرىنى يوقىتىدىغان، بۆرىنى ئۆلتۈرىدىغان ئەھۋالدا،«بۆرە توتېمى» دېگەن نەرسە مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ «بۆرە توتېمى» غا ئېتىقاد قىلىشىدىن ئەسلا سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. «بۆرە توتېمى» بىر مەھەل مەدەنىيەتتە يالغاننى ياساپ چىققان گۇمانلىق دېلو ھېسابلىنىدىغان دەرىجىگە يېتىپ باردى. شۇنداقتىمۇ «بۆرە توتېمى» يەنىلا ئەدەبىياتنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ۋە ۋەقەلەرنىڭ چىنلىقىغا تايىنىپ تېخىمۇ كۆپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا نائىل بولدى. «بۆرە توتېمى» نەچچە ئون خىل چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، پۈتۈن يەر شارىغا تارقالغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ بەس-مۇنازىرە ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن چەتئەللەرگىمۇ يېتىپ باردى. مەن ئانونىڭمۇ مۇشۇ مۇنازىرىنىڭ تەسىرىدىن چەتتە قالمىغانلىقىنى روشەن ھېس قىلالايتتىم.

ئانو «بۆرە توتېمى» نى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالغان بولغاچقا، ماڭا بۇ كىتابنىڭ فىرانسۇزچە نۇسخىسىنى ئوقۇپ يېرىملاشتۇرماي تۇرۇپلا ھاياجاندىن قېن-قېنىغا پاتماي

www.kitaphumar.com

قالغانلىقىنى، قولىدىكى ھوللىۋود بىلەن توختاملاشقان ئۈچ- تۆت فىلمنى تاشلاپ قويۇپ، ئالدى بىلەن «بۆرە توتېمى» نى سۈرەتكە ئېلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى دەپ بەرگەندى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىنىڭ بىرى كىتابنىڭ چىنلىقى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر «يالغان توتېم» سۈرئەتكە ئېلىنسا خېلى چوڭ خەلقئارالىق مەسخىرىگە قېلىش ئېھتىماللىقىنىڭمۇ بارلىقىنى، ھەتتا بەزى مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ قويۇش مۇمكىنلىكىنى بىلەتتىم.

ئانو 2009-يىلى يازدا جۇڭگوغا كەلگەندىن كېيىن،«بۆرە توتېمى» فىلمىنى سۈرئەتكە ئېلىش توغرىسىدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنى كېچىكتۈردى. ئۇ ماڭا ئالدى بىلەن چوقۇم ئىچكى موڭغۇل بىلەن موڭغۇلىيە يايلاقلىرىغا بېرىپ بىۋاستە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنى ئېچىش-ئاچماسلىق ھەققىدە قايتا قارارغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ئانو مەن شۇ يىللىرى ئورۇنلاشقان چارۋىچىلىق مەيدانىغا بېرىپ، ئالدى بىلەن شۇچاغدىكى چارۋىچىلىق چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى بولغان، بۈگۈنكى كۈندە يەتمىش ياشتىن ھاقىغان پىشقەدەم چارۋىچىنى زىيارەت قىلدى. زىيارەتتىكى بىرىنچى مەسىلە «جىياڭ روڭ  شۇ يىللىرى بۆرە باققانمۇ؟» دېگەن سۇئالدىن باشلاندى. ئۇ پىشقەدەم ئەترەتنىڭ باشلىقىنىڭ جىياڭ روڭنىڭ بۆرە كۈچىكىنى باققانلىقىنى مەيداندىكى چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، ھەممەيلەن گۇۋاھلىقتىن ئۆتەلەيدۇ دېگەن جاۋابنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولدى. ئۇ شۇ چاغلاردا كەنت باشلىقى بولغان يەنە بىر پىشقەدەم چارۋىچىدىن: «موڭغۇللار بۆرە توتېمغا ئېتىقاد قىلامدۇ؟» دەپ سورىدى. پېشقەدەم كەنت باشلىقى: «بىز موڭغۇللار بۆرىگە ئېتىقاد قىلىمىز. لېكىن بۆرە دېگەن سۆزنى بىۋاستە تىلغا ئالمايمىز، ئۇنى <ئىلاھىي تايغان >،<چىڭگىزخاننىڭ تايغىنى>، <تۇغقىنىمىز> دەپ ئاتايمىز. بىزنىڭ بۇ يەردىكى موڭغۇللاردا <توتېم> دېگەن سۆز يوق. لېكىن <ئىلاھىي تايغان> جىياڭ روڭ سۆزلىگەن توتېم بىلەن ئوخشاش مەنىدە. مەن «بۆرە توتېمى»نى ئوقۇدۇم (ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا نەشر قىلىنغان موڭغۇلچە نەشرى ). ئۇنىڭ ھەممىسى شۇ يىللىرى بىزنىڭ بېشىمىزدىن ئۆتكەن ئىشلار» دەپ جاۋاب قايتۇردى. ئانو بۇ گەپلەردىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ ئوپېراتورى زىيارەت جەريانىنى قالدۇرماي سۈرەتكە ئېلىۋالدى.

مەن مۇشۇ قېتىمقى زىيارەتتە، «ئىلاھىي تايغان» دېگەن سۆزنى پىشقەدەم چارۋىچىلارنىڭ ئاغزىدىن تۇنجى مەرتىبە ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. تولىمۇ

هاياجانلانغانىدىم. لېكىن، ئۇ چاغدا موڭغۇلىيەدىكى يەنە بىر ئەنئەنىۋى نوپۇزغا ئىگە «ئىلاھىي تايغان» ئەسىرى بىزنى كۈتۈپ تۇرغانلىقى خىيالىمغا كىرىپمۇ قويمىغان ئىدى.

موڭغۇلىيەگە بېرىپ ئايروپىلاندىن چۈشۈشىمىزگىلا، ئالدىمىزغا چىققان موڭغۇلىيە ئايال شائىرى، يولباشلىغۇچى تەرجىمان تېگۈس خانىم ئانو بىلەن ئىككىمىزگە موڭغۇلىيە دۆلەتلىك مەركىزى كۈتۈپخانىسىنىڭ باشلىقى ئەجەم ئەپەندىنىڭ بىز بىلەن كۆرۈشكۈسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە بىزگە موڭغۇلىيەدىكى پېشقەدەم بىر تەرجىماننىڭ «بۆرە توتېمى» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى نېمىسچىدىن موڭغۇل تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى تەسىرى زور ژورنال ۋە «زىيەت» تە ئۇلاپ ئېلان قىلغانلىقىنى، شۇڭلاشقىلا ئۇنىڭ ياخشى باھاغا ئېرىشكەنلىكىنى، ئەجەم ئەپەندىنىڭمۇ ئوقۇپ بېقىپ قەۋەتلا خۇش بولغانلىقىنى، جىياڭ روڭ بىلەن فىرانسىيەلىك رىژىسسور ئانونىڭ موڭغۇلىيەگە تەكشۈرۈشكە كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. تېگۈس خانىم مۇشۇلارنى دېۋېتىپ، ئەجەم ئەپەندىنىڭ داڭلىق يازغۇچى ئىكەنلىكىنى، يېقىندا بۆرە ھەققىدە بىر كىتابمۇ يازغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى.

ئانو بىلەن ئىككىمىز ھەتتىدىن زىيادە خۇش بولۇپ، ئەجەم ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن دەرھال دۆلەتلىك كۈتۈپخانىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. كۈتۈپخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن، تۇرقىدىن بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان ئەجەم ئەپەندى بىز بىلەن كۆرۈشۈپلا ماڭا ئىككى كىتابنى تۇتقۇزدى: بۇ ئىككى كىتابنىڭ بىرى موڭغۇلچە بىرى ئېنگىلىزچە ئىدى. ئەجەم ئەپەندى ئانوغىمۇ ئېنگىلىزچىدىن بىرنى بەردى .مەن موڭغۇلىيەدىكى موڭغۇلچە يېڭى يېزىقنى تونىمايتتىم. لېكىن، ئېنگىلىزچە نۇسخىسىنىڭ موقاۋىسىدىكى«The Dog Of Heaven» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ يۈرىكىم لەرزىگە كەلدى. ئىختىيارسىز ھالدا «ئىلاھىي تايغان!» دەپ تۈۋلىۋەتتىم. ئېنگىلىزچىنى ئوبدان بىلىدىغان ئانومۇ تۇرالماي قالدى. ئەجەم ئەپەندى كىتابنىڭ مەزمۇنىنى مۇنداقلا تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، مەن ئالدىراپ-تېنەپ دېگۈدەكلا ئۇنى ئۇستاز تۇتتۇم.ئۇنى ئۆزۈمنىڭ بۆرە ئوقۇتقۇچىسى دەپ ئاتىدىم، ئۇمۇ بەك خۇش بولدى. كېيىنچە مەن «ئىلاھىي تايغان» ئارقىلىق ئۇنىڭ لەقىمىنىڭ «كۆك بۆرە» ئىكەنلىكىنى بىلدىم. «ئىلاھىي تايغان»نى كۆك بۆرە ئۇستازنىڭ ئۆزقولىدىن ئېلىش ھاياتىمدىكى ئۇنتۇلغۇسىز چوڭ ئىش ئىدى. ئەجەم ئەپەندىنىڭ بۇ كىتابنى خەنزۇتىلىغا تەرجىمە قىلىپ، جۇڭگودا نەشىردىن چىقىرىش ھوقۇقىنى بېرىشكە قوشۇلىدىغان ياكى

www.kitaphumar.com

قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئەجىم ئەپەندى رازىمەنلىك بىلەن جاۋاپ قايتۇردى.

ئانۇ موڭغۇلىيە يايلىقىدا تەكشۈرۈش بىلەن بولغان ئارىدا «ئىلاھىي تايغان» نى قولدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ چىقتى. كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ماختاپ هارمىدى ھەمدە ھېلىقىدەك « <بۆرە توتېمى> يالغان مەدەنىيەت ياسىغان» دېگەن سەپسەتىلەرنى تۈپكى جەھەتتىن ئىنكار قىلدى. موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ بۆرە توتېمى بولۇشقا تېگىشلىك بۇ كىتاب، ئانىنىڭ بۆرە توتېمىنى رەسمىي سۈرئەتكە ئېلىش توغرىسىدا ئەڭ ئاخىرقى قارارغا كېلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئۇ بېيجىڭغا قايتىپلا ئاخبارات ئېلان قىلىش

يىغىنى چاقىرىشقا دەرھال قوشۇلدى ۋە«بۆرە توتېمى» نى كىنو قىلىپ ئىشلەش خىزمىتى باشلانغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلدى. مۇشۇنىڭغا كۆرە، مېنىڭ كۆك بۆرە ئۇستاز ئەجىم ئەپەندىگە پۈتمەس تۈگىمەس مىننەتدارلىقىم بار.

ياندۇرقى يىلى مەن ئەجىم ئەپەندىگە ھەمراھ بولۇپ چاڭجىياڭ ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىيات گورۇھىغا بېرىپ، «ئىلاھىي تايغان» نى نەشر قىلىش توختامنامىسىغا قول قويدۇم. چاڭجىياڭ ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىيات گورۇھىغا بېرىپ،«ئىلاھىي تايغان» نى نەشر قىلىش توختامنامىسىغا قول قويدۇم. چاڭجىياڭ ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ياۋ كېچېڭ ئەپەندىنى تەرجىمانلىققا تەكلىپ قىلدى. بىراق ياۋ كېچېڭ ئەپەندى بەكمۇ ئالدىراش بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلاھىي تايغاندا قەدىمىي ئىبارىلەر، شېئىر، ماقال-تەمسىل ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، تەرجىمە خېلىلا تەسكە توختىغان بولسا كېرەك، كىتابنىڭ تەرجىمىسى 2011-يىلى 11-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغا بارغاندا ئاران تۈگىدى .

ئىككى يىلنى مىڭ تەستە ئۆتكۈزۈپ بولغان بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، «ئىلاھىي تايغان» نىڭ ھەقىقىي قىياپىتىگە ھۆرمەت ئىلىكىدە نەزەر ئېلىش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. كىتابنى تېز ئوقۇدۇم، ئىنچىكە ئوقۇدۇم، تۈجۈپىلەپ ئوقۇدۇم، يېنىشلاپ-يېنىشلاپ ئوقۇدۇم. قەدىمىي يايلاق پۇرىقى گۈپۈلدەپ چىقىپ تۇرىدىغان قۇدرەتلىك موڭغۇل بۆرە توتېمى بەجايىكى بىر ئىلاھىي دەستۇر دىلىمنى يورۇتۇۋاتقاندەك، خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرىمنى كۆكنىڭ قەھرىگە ئېلىپ چىقىپ، مېنى موڭغۇللارنىڭ بۆرە توتېمى بىلەن ھەقىقىي يۈز كۆرۈشتۈردى. مېنىڭ سۆيۈملۈك، ئەقىللىق، كەپسىز بۆرە كۈچۈكۈم خۇشاللىقىدىن قېنى-قېنىغا پاتماي مېنى سۆيۈپ كەتتى، ئېغىز بۇرنۇمنى يالىدى، ماڭا ئېتىلدى، مېنى چىشلەپ باقتى، شۇنداقلا مېنى يېتىلەپ موڭغۇل بۆرىلىرىنىڭ ئەجدادى بىلەن، بۆرە ئىلاھلىرى بىلەن ئۇچراشتۇردى.

«ئىلاھىي تايغان» نى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە مۇنداق ئۇزاق مەزگىللىك يەككە-يىگانە ھالەتتە ياشماسلىقىمنى ھېس قىلدىم. جۇڭگودىكى بىر تەنھا بۆرە، ياشانغان بۆرە، ئەنئەنە يېقىدىن بۆرىنى ئېبلىس دەپ قارايدىغان دۆلەتتە كۆپ يىللاردىن بېرى يالغۇز جەك قىلىپ، جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە يېگى بىر دۇنياغا كىرگەندىن كېيىن،ئاقۇۋەت موڭغۇل بۆرە شاھى قولىدىكى بۆرە قوشۇنىنىڭ كۈچلۈك ياردىمگە ئېرىشكەندى.«ئىلاھىي تايغان» نىڭ«بۆرە توتېمى» نى بۆرە مەدەنىيىتىنىڭ يېتەرلىك ئوق-دورا بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى. شۇنداقلا ئۇ جۇڭگونىڭ بۆرىنى ياخشى كۆرىدىغان، بۆرىنى ھۆرمەت قىلىدىغان يېگى تىپتىكى ئادەملىرى بىلەن كارخانىلىرىنى چوقۇم ئەركىن ۋە قەيسەرلىك بىلەن رىقابەتكە ئىشتىراك قىلالايدىغان مەنىۋى قورال بىلەن تەمىن ئېتەلەيتتى.

2

«ئىلاھىي تايغان» گەرچە ھەجمى چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن سۆز-جۈملىلەرنىڭ ئىخچاملىقى جەھەتتە مەنىۋى مەشھۇر كىتاب «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخي » بىلەن ئوخشاش ئىدى. مەزمۇنى شۇنچىلىك مول، شۇنچىلىك رەڭدارئىدىكى، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر تەبئىي بۆلەكنى بىر ئابزاس تارىخي ماتېرىيال، بۆرە ھەققىدىكى بىر رىۋايەت، بۆرە ھەققىدىكى بىر ۋەقە دېيىشكە بولاتتى. شۇنداقلا ئۇ بۆرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۆرۈپ -ئادەت، ماقال- تەمسىل،ئىدىيوم سۆزنت بىلەن تولغانىدى. پولاتتەك ئەمەلىي مىسال بىلەن ئەمەلىي پاكىتنىڭ زىچلىقى « قويۇقلاندۇرىدىغان ئۇران» غا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدا مەدەنىيەتنىڭ روھىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان پارتلاش كۈچى بار ئىدى.

نەچچە مىڭ يىل مابەينىدە، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى خەنزۇلارنى چوڭ بىلىپ، ئۇنىڭ سىرتىدىكى مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان، چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنى پەس كۆرىدىغان ۋە باسىدىغان ئىللەتلەر تۈپەيلى دۆلەتتىكىلەرنىڭ موڭغۇل مىللىتى ھەققىدىكى بىلىمى يوقنىڭ ئورنىدا بولىدى. شۇڭا مەن بۇيەردە جۇڭگولۇق ئوقۇرمەنلەرنىڭ «ئىلاھىي تايغان»نىڭ مەدەنىيەتتىكى مەنىۋى قىممىتىنى ئوڭۇشلۇق ئوقۇپ چىقىشى، چۈشىنىشى ۋە تونۇشى ئۈچۈن ئوقۇرمەنلەرگە بەزى زۆرۈر بولغان ئىزاھاتلارنى بەرمەكچى،ئۇلارنى قويۇق مۇرابىبانى قويۇلدۇرغاندەك ئېزىپ، ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىنىشىغا سۇناماقچى بولدۇم.

مىنىڭچە «ئىلاھىي تايغان» نىڭ ئەڭ موھىم قىممىتى، ئەجىم ئەپەندىنىڭ «بۆرە موڭغۇللارنىڭ توتېمى» ئىكەنلىكىنى ئادەمنى قايىل قىلىدىغان دەرىجىدە دەلىللەپ بەرگەنلىكىدە ئىدى. تۆۋەندە ئەجىم ئەپەندىنىڭ پاكىتلىرىنى ۋە دەلىل-ئىسپاتلىرىنى تونۇشتۇرىمەن ۋە شەرھلەيمەن.

1. ئەجىم ئەپەندى موڭغۇللارنىڭ توتېمنى ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى يېقىدىن ئىسپاتلىدى. ئۇ، موڭغۇللار ۋە ھونلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى دەپ بىلىدۇ.كېيىنكى كۆنلەردىكى تۈركلەر ھونلاردىكى مىللىي قانداشلىقنى قىسمەن ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى ئۆزلىرىگە بىرىكتۈردى. شۇڭا تۈركلەرمۇ موڭغۇللارنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىنىڭ بىرى، ھونلار بىلەن تۈركلەر ئوخشاشلا بۆرىنى توتېم قىلغانلىقى ئۈچۈن موڭغۇللارمۇ بۇ توتېمغا ۋارىسلىق قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

2.ئەجىم ئەپەندى موڭغۇلىيەدىكى H. نىڭبونىڭ تۈزگەن «فولكلور بۇيۇك لۇغىتى» دىكى «ئارقا ھاڭگاي ئۆلكىسى زارگىلانت ناھىيەسىنى بويلاپ ئاقىدىغان ئاسات دەرياسى بويىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كالكالارمۇ ئۆزلىرىنى بۆرتەچىنو دەپ ئاتايدۇ» (p35) دېگەن ماتېرىيالىنى نەقىل كەلتۈردى. بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق ئىككى سۆزگە چوقۇم ئىزاھات بېرىش كېرەك: بىرى ئاتالمىش «كالكالار» بولۇپ، ئۇلار موڭغۇلىيەدىكى ئاساسلىق موڭغۇللار. كالكالار جۇڭگونىڭ چىن خانىدانلىقى دەۋرىدە قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ياشىغان موڭغۇللارنىڭ مىللەت نامى بولۇپ ،ئۇلار كالكا دەريا ۋادىسىغا تارقالغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتالغان. كالكا موڭغۇللىرىنىڭ تەۋەلىكىدىكى يەر كېيىنچە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغىچە، يەنى بۈگۈنكى پۈتكۈل موڭغۇلىيە دائىرىسىگىچە كېڭەيگەن.بەيدۇ قامۇسىدىكى «موڭغۇل » دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا موڭغۇلىيەدىكى ئاساسىي گەۋدە ھالىتىدىكى مىللەت كالكا موڭغۇللىرى دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. مۇشۇ سەۋەبلىك كالكالارنى موڭغۇلىيەلىكلەر دەپ قارىساقمۇ بولىۋېرىدىغا ـنىدەك قىلىدۇ؛ يەنە بىرى، ئاتالمىش «بۆرتەچىنو» بولۇپ، بۇ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ باشلىنىشىدىكى: «ئەلقىسسە چىڭگىزخاننىڭ نەسىل-زاتى تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يارالغان بۆرتەچىنو...»دىن كەلگەن. «بۆرتەچىنو» نىڭ موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى ئاڭلىغان ھامان ئادەمنى سۈر باسىدىغان«كۆك بۆرە»، بۇنى جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى موڭغۇل ئالىملار بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، «...كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كالكالارمۇ ئۆزىنى بۆرتەچىنو دەپ ئاتايدۇ.» مۇنداقچە ئېيتقاندا، «كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان موڭغۇللارمۇ

www.kitaphumar.com

ئۆزىنى كۆك بۆرىلەر دەپ ئاتايدۇ.»

3. ئەجەم ئەپەندى: «چىچەنلار موغۇللارنىڭ ئەۋلادى»،«چىچەنلار بۆرىنى ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت بايرىقىغا سىزغان» (P27)كۆرسىتىدۇ. ئىزاھات بېرىشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان چىچەنلار (车巨人) موغۇل مىللىتىدىكى چېچەنلار ھەرگىزمۇ كاۋكازدىكى چېچەنلار ئەمەس. بۈگۈنكى چېچەن (车距) ئوخشاش ئاتاقتىكى ئىككى مىللەت. چىڭ خاندانلىقى مەزگىلىدىكى كالكا موغۇللىرى ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلاردا توشتۇخان، جاساقتۇخان، چېچەن خان دەيدىغان ئۈچ نەپەر فېئودال خان بولغان. چېچەن خان كالكانىڭ شەرقىدە بولۇپ، ئورنى قورۇلۇن دەرياسى ساھىلىغا توغرا كېلەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ چىڭگىزخان تۇغۇلغان ۋە روناق تاپقان جاي ئىدى. چېچەن موغۇللىرى موغۇلىيەدىكى موغۇل مىللىتىنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمى ئىچىدە ئاساسىي يادرولۇق ئەزالاردىن ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن ئالغاندا، «چېچەنلارنى بۆرىنى ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت بايرىقىغا سىزغانلىقى» چىڭگىزخاننىڭ ئانا يۇرتىدىكى موغۇللارنىڭ بۆرە توتېمىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۇرۇكلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۆرىنىڭ ئۆز خاندانلىقلىرىنىڭ تۇغ ئەمەللىرىگە سىزغانىدى.

4.ئەجەم ئەپەندى يەنە موغۇل يازغۇچى لۇ.ئېردۈن چېچەگە يازغان «موغۇل خانلىرىنىڭ ئوردىسىدىكى ناخشىلىق تىياتىر ياكى ئۇنى داۋلا دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدىكى موغۇللارنىڭ قەدىمكى خاندانلىقلىرىدىكى دۆلەت مارشىدىن نەقىل ئالدى. ئەجەم ئەپەندى: «...ئىختىيارسىز ھالدا ھېلىقى<مۇقەددەس ئىگىمىز چىڭگىزنىڭ ئىلى> دېگەن ناخشىسىدىكى <سەن كۆك بۆرىنىڭ پىچاق بىسىدەك تىك قىياغا قانداق چىققانلىقىنى كۆرگەنمۇ؟ پەقەت شۇيەردىلا ۋەدىلەشكەن قېرىنداشلارنىڭ يۈرەك سۆزلىرى يېزىلغان بولىدۇ!> دېگەن مىسرالارنى ئويلاپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە، موغۇللارنىڭ قەدىمكى دەۋىردە تۇغ ئەلەملەرگە بۆرىنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەنگە ئوخشاش، دۆلەت مارشلىرىدىلا بۆرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىناتتى»(P33) دەپ يازدى. بۇ قەدىمكى موغۇل خانلىقلىرىنىڭ دۆلەت بايرىقىغا ھەقىقەتەن بۆرىنىڭ رەسمى سىزىلغانلىقىنى، شۇنداقلا خاندانلىقنىڭ دۆلەت مارشىدىمۇ بۆرىنىڭ يۈكسەك ئورنى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

5. ئەجەم ئەپەندى بويرات موغۇل ئالىمىST.سىدنىدەنبايوپنىڭ «بويرات» دېگەن سۆزلەرنى تۈركلەردىكى «بۆرە» بىلەن باغلاپ تۇرۇپ: «بىزدىكى بويرات دېگەن سۆزنىڭ بارلىققا كېلىشى تۈركلەردىكى <بۆرە> بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ سۆز موغۇللارنىڭ

www.kitaphumar.com

مۇكەممەل بىرلىككە كەلگەن مەزگىلىدىن باشلانغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى بىز ھەممەيلەن بۆرىنى توتېم بىلىپ ئېتىقاد قىلدۇق، ئالدى بىلەن موڭغۇللاردا مۇشۇنداق قىلغانلىق ھەققىدە پاكىت بار» (P27) دېگەنلىرىنى داۋاملىق نەقىل كەلتۈردى.

بۇرياتلار موڭغۇللارنىڭ ئاساسلىق تارمىقى. ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىدىكى روسىيە بۇريات جۇمھۇرىيىتىدە ياشايدۇ. «بۇريات» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بۆرە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بۇرياتلار مۇكەممەل بىرلىكتە «بۆرىنى توتېم دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.»

6.ئەجىم ئەپەندى: «موڭغۇللاردا ئۆزلىرىنى بۆرە ئۇرۇقىدىن دەيدىغان قاراش بار. ئالايلۇق، ئۇلاردىكى ئەڭ بىر ئۇرۇقنىڭ نامى چىنوس» (P34) دەيدۇ.بۇيەردە چۈشەندۈرۈپ قويۇشقا تېگىشلىكى، جوڭگودىكى نوپۇزلۇق موڭغۇلشۇناس ئالىم خەن رولىنىنىڭ دەلىللىشى بويىچە، «چىنو » قەدىمكى موڭغۇل تىلىدىكى بۆرە، «چىنوس»بۆرىنىڭ كۆپلۈك ئاتىلىشى. مۇشۇنىڭغا كۆرە، «چىنوس» نىڭ مەنىسى«بۆرە گورۇھى» دەپ ئاتاش ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بۆرىدىن بولدۇم دەپ تونۇغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۆرە-بۇ قەدىمىي موڭغۇل ئۇرۇقىدىكى ھايۋانىي ئەجداد ۋە توتېم.

7. ئەجىم ئەپەندى: «موڭغۇل ئالىمى B.رىبىنچىن <تاتارلارنىڭ ھاۋا رەڭلىك بايرىقىدىمۇ بۆرە سىياقى تامغا بار> دېگەننى تىلغا ئالغان. موشۇنىڭدىن قارىغاندا بىزنىڭ تاتار بوۋىلىرىمىزبۆرىگە ئېتىقاد قىلغان » (P28) دەپ يازدى.

تاتار قەدىمكى جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى بىر مۇنچە مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. مىڭ خانىدانلىقى دەۋرىدە، قۇملۇقنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى موڭغۇللارمۇ تاتار دەپ ئاتالغان. تاتار موڭغۇللىرىنىڭ تۇغ-ئەلەملىرىگە چۈشۈرۈلگەن بۆرە سىياقى تامغا بىلەن چىڭگىز موڭغۇللىرى ۋە قەدىمكى موڭغۇل خانىدانلىقى مەزگىلىدىكى موڭغۇللارنىڭ خانلىق تۇغ- ئەلەملىرىگىمۇ بۆرە سىياقىنىڭ چۈشۈرۈلۈشىدىكى سەۋەبلەر ئوخشاش. شۇڭا ئەجىم ئەپەندى قەتئىيلىك بىلەن: «نېمىلا بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، قەدىمكى موڭغۇل بوۋىلىرىمىزنىڭ بۆرىگە ئېتىقاد قىلغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلغايدىغان پاكىت» (p27) دەپ كۆرسىتىدۇ.

8 ئەجىم ئەپەندى يەنە موڭغۇلىيەدىكى «بۆرە بىلەن پال ئېچىش» تەك ئەنئەنىۋى ئادەت ئارقىلىق موڭغۇللارنىڭ بۆرە توتېمى ئېتىقادىنى ئىسپاتلايدۇ.ئەجىم ئەپەندى: موڭغۇللاردا «بۆرە بىلەن پال ئاچىدىغان بىر پەۋقۇلادە بىر ئادەت بار». «كالكا مىللەت تەركىبىسى » دە خاتىرلىنىشچە «پال ئاچقۇچى ئالدى بىلەن بەشتىن توققۇزغىچە مىس

يارماقنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ئارىلاشتۇرىدۇ، ئاندىن ئالقىننى ئىچىپ ، بۇ مىس يارماقلارنى ئالقىنغا رەت-رىتى بىلەن ئايلانما دائىرە قىلىپ تىزىدۇ، مىس يارماقلارغا كۈن، ئاي، تاغ، قاغا، بۆرە ۋە شىر قاتارلىق ئىسىملارنى قويىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئىسىم ۋە ئالاھىدە رەت تەرتىپى بىلەن تىزىلغان بۇ يارماقلار <پالنىڭ يىلتىزى> دەپ ئاتىلىدۇ. مىس يارماقلار ۋە ۋەكىللىك قىلىدىغان نەرسىلەر قارا ۋە ئاق ئىككى رەڭ ئارقىلىق بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاق رەڭ كۆكۈلدىكىدەك بولىدىغان ئىشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ،قارا رەڭنىڭ ئىچكى مەنىسى ئاق رەڭنىڭ تەتۈرسىچە بولىدۇ. لېكىن، پالنىڭ يىلتىزىدىكى بۆرە قانداق رەڭدە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاق رەڭلىك بۆرە چىقىپ قالسا، ئۇ ھەممە ئىشنىڭ خالىغاندەك بولىدىغانلىقىدىن، ياخشى ئىشنىڭ قوللاپ يۈزبېرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ موڭغۇللارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ بۆرىگە تەلپۈنىدىغانلىقى ھەمدە بۆرىنى مىللەتنىڭ توتېمى قىلىدىغانلىقىنىڭ ئىزناسى» (P154) دەيدۇ.

ئەجىم ئەپەندىنىڭ يۇقارقى پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان دەلىل-ئىسپات «بۆرە موڭغۇللارنىڭ توتېمى» ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

3

ئەجىم ئەپەندىنىڭ « بۆرە موڭغۇللار ئېتىقاد قىلىدىغان ھايۋانىي ئەجداد ۋە توتېم» دېگەن ھۆكۈمىنىڭ ئىلمىي تۆھپىسى «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دىكى موڭغۇللارنىڭ ئىلاھىي ئانىسى ئالان غوۋانىڭ نۇر سۈپەت سىرغىپ كىرىپ ھامىلدار قىلىپ قويغان «سېرىق ئىت» نىڭ دەل «ئىلاھىي تايغان»، يەنى بۆرە ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىققانلىقىدا نامايان بولىدۇ. ئەجىم ئەپەندىنىڭ بۇ دەلىللىشى «ئىلاھىي تايغان» نىڭ جەۋھىرى.

موڭغۇللارنىڭ تارىخى ۋە رىۋايەتلىرىدە ئالان غوۋا «موڭغۇللارنىڭ ئىلاھىي ئانىسى» دېيىدىغان قاراش يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سەككىزىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى قابۇل موڭغۇللارنىڭ تۇنجى خاقانى، ئون ئىككىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى موڭغۇل بۈيۈك ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى چىڭگىزخان. شۇڭا موڭغۇللار بىرلىكتە ئالان غوۋانى موڭغۇللارنىڭ ئالتۇن جەمەتىنى بۆرجىگىن (بۆرە تېكىن دېمەك ئاتىلىدۇ-ت) نەسەبىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى دەپ قارايدۇ. دەل مۇشۇ جەمەت بىلەن نەسەبتىن دۇنياغا مەشھۇر

موڭغۇل خاقانلىرى، ئالايلۇق، چىنگىزخان، يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئوگداي خان، «تەڭرىنىڭ قامچىسى» مۆڭكۆخان ھەمدە قۇبلاي خان قاتارلىقلار تۇغۇلدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا موڭغۇللارنىڭ ئىلاھىي ئانىسى ئالان غوۋا ئۇلۇغ موڭغۇل جەمەتىنى تەۋەللۇت قىلدى.

ئالان غوۋا ھەققىدىكى ھېكايە ۋە رىۋايەتلەرنىڭمۇ دۇنياۋى تەسىرى بار مەسىلە، ئۇ بەش ئوغۇلنىڭ ھەربىرىگە بىر تالدىن ئوق بېرىپ، سۇندۇرۇپ بىقىڭلار دەيدۇ. ئۇلار ئوقنى كۆچەپ ئولتۇرمايلا سۇندۇرىۋېتىدۇ. ئۇ يەنە بەش تال ئوقنى بىر باغلام قىلىپ چىگىپ ئوغۇللىرىنى سۇندۇرۇپ بېقىڭلار دەيدۇ. ئوغۇللار ھەرقانداق قىلىپمۇ سۇندۇرالمايدۇ. ئوق سۇندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن پەرزەنتلىرىنى ئۆم-ئىناق بولۇشقا دالالەت قىلىدىغان بۇ ھېكايە جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە يېتىپ بارغان. ئالان غوۋا ھەققىدىكى ھېكايە بىلەن رىۋايەت تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ۋە تەسىرگە ئىگە. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دا خاتىرلىنىشىچە، ئالان غوۋا دوبۇن مەرگەنگە يەنى چىنگىزخاننىڭ ئون ئىككىنچى بوۋىسىغا ياتلىق بولۇپ بۆكۈنۈتەي بىلەن بەلگۈنتەيىنى تۇغىدۇ. دوبۇن مەرگەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئالان بوغا يەنە ئۈچ ئوغۇل تۇغىدۇ.بۇئەھۋال ئاكا- ئۇكا ئىككەيلەنگە غەلىتە تۇيۇلىدۇ. ئۇلار گۇمانلىنىپ، ئاپىمىز يا ئېرى يوق ،يا يېقىن ئەر ئۇرۇق تۇغقانلىرى يوق تۇرۇقلۇق، بۇ ئۈچ بالىنى تۇغدى، ئۆيىمىزدە ماغالىخ باياغۇداي ئۇۇقىدىن بولغان بىرلا خىزمەتكار بار، بۇ ئۈچ بالىنى شۇ كىشىدىن تاپقاندىمۇ؟-دېيىشىپ، ئانىسىنىڭ كەينىدىن سۆز چۆچەك قىلىپ يۈرىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ،ئەقىللىق ئالان غوۋا ئىككى ئوغلىنىڭ كۇسۇر-كۇسۇر گەپلىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ، بەش ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىدۇ. بەش ئوقيا ئارقىلىق ئۇلارغا پەند-نەسىھەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى بىلەن ئىككىنچى ئوغلىغا ئېرى يوق ئەھۋالدا يەنە ئۈچ ئوغۇل تۇغقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ: «سىلەر بىلمەيدىغان بىر ئىش بار، ئاشۇ كۈنلەردە قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا ئاقسېرىق بىر <ئادەم> توڭلىكتىن ۋە ئىشىكنىڭ ماڭلاي ياغىچىدىن سىرغىپ كىرىپ قورسىقىمنى سىلاپ يۈردى،ئۇنىڭ نۇرى قورسىقىمغا سىڭگەندەك بولدى. تاڭ ئاتارغا يېقىن سېرىق تايغاندەك ئۆمىلەپ چىقىپ كەتتى. سىلەر نېمىشقا كەلسە كەلمەس گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىلەر؟ئويلاپ باقسام، (مەندىن تۇغۇلغان بۇ ئۈچ بالا) تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يارالغان بولسا كېرەك. سىلەرنىڭ بۇ بالىلارنى ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن سېلىشتۇرۇشقا نېمە ھەددىڭلار بار؟ ئۇلار بىركۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئالەمنىڭ ئىگىسى بولغاندا، ئاۋام-پۇقرا ئۇنىڭ نېمە ئىش

ئىكەنلىكىنى ئاندىن بىلىدۇ» دەيدۇ.

راست دېگەندەك، ئالان غوۋانىڭ ئۈچ كىچىك ئوغلىنىڭ ئەۋلادى تەرەققىي قىلىپ قەدىمكى موڭغۇل قەبىلىسىنى، يەنى نىرون قەبىلىسىنى شەكىللەندۈردى. كەنجى ئوغلى بودونچارنىڭ ئەۋلادىدىن ئالتۇن ئۇرۇق بورجىگىن ئۇرۇقى بارلىققا كەلدى. چىڭگىزخان قاتارلىق داڭلىق موڭغۇل خاقانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۇرۇقتىن چىقتى.

«موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دا خاتىرىلەنگەن ئالان غوۋا توغرىسىدىكى ھېكايە-رىۋايەتلەرنىڭ ئەڭ كارامەتلىك، موڭغۇل خاقانلىرى بىلەن ئەڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش، ئالان غوۋانى نۇر ئارقىلىق ھامىلدار قىلىپ قويغان ئىلاھنىڭ زادى قانداق ئىلاھ ئىكەنلىكى ئىدى. ئۇ نۇرمۇ؟ پەرىشتىمۇ؟ سېرىق تايغانمۇ؟ ياكى بىرەر ئىلاھىي ھايۋانمۇ؟ بۇ ھەقتە نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ھەركىم ھەرنىمە دەپ ئاغزى بېسىقمىدى. لېكىن مۇنداق ئىككى نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولاتتى: بىرى، كۆكتىن چۈشۈپ ئالان غوۋانىڭ ھۇجرىسىغا كىرگىنى شەكىل ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان پەرىشتە بولۇپ، كەلگەن چېغىدا سېرىق نۇرغا پۈركەنگەن ئادەم سىياقىدىكى ھالەتتە بولاتتى؛ كېتىدىغان چاغدا سېرىق تايغان ھالىتىدىكى ئىلاھىي تايغان بولاتتى. يەنە بىرى، شۇ يىلى سېرىق نۇرغا پۈركەنگەن بۇ پەرىشتە «ھەر كېچىسى» كېلىپ يۈرۈپ، ئاي يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «سېرىق پەرىشتە»دىن «سېرىق تايغان»غا، «سېرىق تايغان»دىن «سېرىق پەرىشتە» گە ئۆزگىرىپ تۇرغاندى، شۇنداقلا بۇ ئەھۋال تاكى ئالان غوۋا ئەڭ كىچىك ئوغلىنى تۇغقانغا قەدەر داۋاملاشقانىدى. مۇشۇلاردىن قارىغاندا،بۇ داڭلىق رىۋايەتتىكى «سېرىق پەرىشتە»«سېرىق نۇر»«سېرىق تايغان» نىڭ ھەممىسى ئالان غوۋانىڭ ھامىلدار بولغانلىقىغا ئىشتىراك قىلغانلاردى ھېساپلىناتتى.

ئۇنداقتا «سېرىق تايغان» قايسى تەقلىدتىكى ھايۋانىي ئىلاھ بولىدى؟ ئەجەم ئەپەندى مۇشۇ ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. ئۇ موڭغۇللاردىكى داڭلىق كىتاب «چىڭگىزخاننىڭ شەجەرىسى» دىن «ئالان غوۋانىڭ ئىرى دوبۇن مەرگەن ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ئالان غوۋاغا: <مەن بۇنىڭدىن كېيىن سېرىق نۇر بولۇپ چېدىرغا كىرىپ تۇرىمەن، ئاندىن بۆرىگە ئايلىنىپ چىقىپ كېتىمەن> دېدى. ئالان غوۋا ئېرىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئىشەنمەي، چېدىرنىڭ ئىشىكىگە قوشلاپ قاراۋۇل قويىدى. لېكىن، ئۇ رىستىنلا راستىنلا بىر سېرىق نۇرنىڭ ئاسماندىن چۈشكەنلىكىنى، ئازدىن كېيىن بۆرىنىڭ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى» (P30) دېگەن بۆلەكنى نەقىل كەلتۈردى.

ئەجىم ئەپەندى ئارقىدىنلا: «تونيكاپى كۆتۈپخانىسىدا يۈگەكلىك بىر ئائىلە شەجەرىسى بار. ئۇستىگە ئالان غوۋانىڭ < سىرىق تايغان> بىلەن بىللە توغقانلىقى سىزىلغان. بۇسىرىق تايغان شەك-شۈبھىسىزكى بۆرىنىڭ ئۆزى. يۇقارقى ئىككى مىسالنى سىلىشتۇرغاندىن كېيىن: <موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى> دا تىلغا ئېلىنغان سېرىق تايغان چوقۇم بۆرە دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ» (P9)دەپ يازدى.

مەن2099-يىلى ئانو بىلەن بىللە موڭغۇلىيەگە زىيارەتكە بارغاندا ئەجىم ئەپەندىدىن مۇشۇ رەسىمنىڭ مەزمۇنىنى رەسمىي يوسۇندا سوراۋشتۇرۇپ باقتىم. ئۇ «ئىلاھىي تايغان» دىكى رەسىم بار بەتنى ئاچتى. رەسىمدە سىزىلغان دەل «سېرىق تايغان» نىڭ دەل ئالان غوۋانىڭ ھۇجرىسىدىن ئايرىلغان كۆرۈنۈشى ئىدى. ئەجىم ئەپەندى سېرىق تايغاننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ تايغان ئەمەس بۆرە » دېدى. بىز كۆزىمىزنى مىت قىلماي قاراپ ئۇنىڭ بۆرە ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۇردۇق. چۈنكى موڭغۇل تايغانلىرىنىڭ قۇيرۇقى ئادەتتە تۈگۈلۈپ تۇراتتى. لېكىن رەسىمدىكى بۇ ھايۋاننىڭ قۇيرۇقى بۆرىلەردىكى يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان تىپتىكى ئۆلچەملىك چوڭ قۇيرۇق ئىدى.

موڭغۇل رىۋايەتلىرىنى ۋە موڭغۇللارنىڭ ئۆرۈپ-ئادىتىنى بەش قولدەك بىلىدىغان ئەجىم ئەپەندى «سېرىق تايغان» نىڭ بۆرە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر مىسال كۆرسەتكەندى: «مەن يەنە بىر رىۋايەت ئارقىلىق موڭغۇللارنىڭ بۆرىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۆرىنى بۆرە دەپ ئاتاشتىن ئەيمىنىدىغانلىقىنى، بۆرىلەرنى ‹سېرىق تايغان›دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولدۇم. ئارقا ھاڭگاي ئۆلكىسى داتەمىل ناھىيەسىنىڭ چېگراسى ئىچىدە ‹سېرىق تايغانلارنىڭ دوزىقى› دەيدىغان بىر ئۆڭكۈر بار. بۇ ئاتالغۇ ئۆزىگە مۇناسىپ بىر رىۋايەتنى مەنبە قىلغان» دەپ يازدى ئەجىم ئەپەندى. بۇرىۋايەتتە بىر باينىڭ قويلىرىنى بوغۇۋەتكەن يەتتە بۆرىنى قول ئاستىدىكىلەرگە تۇتقۇزۇپ، چوڭقۇر بىر ئۆڭكۈرگە سولاپ قويغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. «يەتتە بۆرە ئاچلىقتا چىدىماي بىر-بىرىنى قىرغىن قىلىدۇ. ئاخىرىدا بىرلا چوڭ بۆرە قالىدۇ. بىرىپ-بىرىپ ئۇمۇ ئاچلىق ئازابىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئادەملەر شۇنىڭدىن ئىبارەت بۇ ئۆڭكۈرنى‹سېرىق تايغانلار دوزىقى› دەپ ئاتايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ‹موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى› دا تىلغا ئېلىنغان ھېلىقى سېرىق تايغاننى بۆرە دېيىشكە بولىدۇ.» (p13)

مەن ئەجىم ئەپەندىنىڭ بۇ خىل دەلىللىشىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمىدىم. ئىسىمدە قېلىشىچە مەن 2009-يىلى ئانو بىلەن بىللە خولونبىر بايلىقىدىن ئۆتىۋېتىپ، شۇيەرلىك بىر چارۋىچىنى زىيارەت قىلغانىدىم. بىزگە يول باشلىغۇچى بولغان بۇ چارۋىچى:«

يۇرتىمىزدىكى موغۇللار بۆرە دېگەن نامنى بىۋاستە دېيىشتىن ھەزەر ئەيلەيمىز. ئۇنى ‹قارنى يامان› ‹يەپ تويماس› ‹سېرىق تايغان› دەيمىز» دېگەنىدى. بۇنىڭدىنمۇ موغۇللارنىڭ بۆرىنى «سېرىق تايغان» دەپ ئاتىشىنىڭ خېلى ئومۇملاشقان ئىش ئىكەنلىكى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ زىيارەتمۇ سۈرەتكە ئېلىنغان. گۇمانلانغۇچىلار بولسا خولنبىر يايلىقىغا بېرىپ سوراپ باقسا بولىدۇ.

ئەجىم ئەپەندىنىڭ «سېرىق تايغان» نى دەل بۆرىنىڭ ئۆزى دېگەن يەكۈنىنىڭ ئادەمنى تېخىمۇ قايىل قىلىدىغان يېرى، ئۇنىڭ «سېرىق تايغان» نى «ئىلاھىي تايغان» بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ دەلىللىگەنلىكىدە كۆرۈنىدۇ.ئەجىم ئەپەندى ئېنىق قىلىپ: ««موغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى› دا تىلغا ئېلىنغان سېرىق تايغان دەل بۆرە، موغۇللارنىڭ بۆرىنى ئىلاھىي تايغان دېيىشىمۇ دەل مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان...بۇ بۆرىنىڭ كۆكتىن سىرغىپ چۈشكەن سېرىق نۇردىن ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى» (P13) دەپ كۆرسەتتى.

ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ماڭا ھەممە نەرسە ئايان بولغانىدى. بۇرۇن موغۇللارنىڭ بۆرىنى نېمىشقا تەپ تارتىپ تۇرۇپ «ئىلاھىي تايغان» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بىلمەي يۈرگەن مەندەك بىر ئادەمگە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستازىم ئەجىم ئەپەندى: «موغۇللارنىڭ بۆرىگە ئىلاھىي تايغان دەپ چوقۇنۇشى، ‹سېرىق تايغاننىڭ موغۇللارنىڭ ئانىسىنى نۇر ئارقىلىق ھامىلدار قىلىق قويغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتتىن كەلگەن.

‹سېرىق تايغان›كۆكتىن چۈشكەن تايغان بولغانىكەن،ئۇ تەبىئىي رەۋىشتە‹ئىلاھىي تايغان› بولىدۇ، ‹ھالبۇكى سېرىق تايغان› موغۇللارنىڭ بۆرىنى يەنە بىر ئاتىشى. ئۇنداقتا ‹ھېلىقى سېرىق تايغان بۆرىنىڭ ئۆزى›› ‹بۆرە كۆكتىن سىرغىپ چۈشكەن نۇردىن ئۆزگەرگەن› دېگەن سۆزلەر بىلەن قايىل قىلارلىق دەرىجىدە جاۋاب بەردى. بۇ يەكۈن ھەقىقەتەن پولات تاختايغا قېقىلغان مىختەك مۇستەھكەم ئىدى.

بىر ئاز چۈشۈنچە بېرىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، «موغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ باشلىنىشىدىلا «كۆك بۆرە » بىلەن «ئاق مارال» موغۇللارنىڭ قەدىم بوۋىلىرى دەپ بېكىتىلگەندىن ئېتىبارەن، «كۆك بۆرە» موغۇللارنىڭ ھايۋانىي ئەجدادى ۋە توتېمى بولۇپ قالدى. مۇشۇنىڭغا كۆرە بۆرىمۇ قەدىم ئەجدادلارغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئادەملەر ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتىن ئەيمىنىدىغان ئىلاھقا ئايلاندى. كېيىنچە ئۇلار بۇ نامنى تايغان دەيدىغان نامغا ئالماشتۇردى. ئالايلۇق، «سېرىق تايغان» «چىڭگىزخاننىڭ تايغىنى» دەيدىغان بولدى. لېكىن، ئادەتتىكى تايغان نامى بىلەن ئاتىغاندا ئىلاھىيلىق ۋە مۇقەددەسلىكتىكى ئالىيجاناپ پەزىلەتنىڭ كەم بولۇپ قالغانلىقى

بىلىندى. «مەخپىي تارىخ» تا كۆكتىن سىرغىپ چۈشكەن «سېرىق تايغان» ھەققىدىكى رىۋايەت خاتىرلەنگەندىن كېيىن، موڭغۇللار ئۇنىڭدىن مۇقەددەس بۆرە ئەجدادىنىڭ نامىنى ئاتايدىغان ئاتاقنى تاپتى. «ئىلاھىي تايغاننىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى سەۋەب مانا شۇ. «ئىلاھىي تايغان» دېگەن بۇ ئاتاق ئارقىلىق ئۇنى ھەم ئالىيجانابلىقى يوق ئۆي تايغانلىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى، ھەم ھايۋانى ئەجدادى بولغان بۆرىنىڭ مۇبارەك نامىنى بىۋاستە تىلغا ئېلىشتىن ساقلانغىلى بولاتتى، شۇنداقلا بۇ نام توتېم بىلەن تەڭ باراۋەر يۈكسەك ئىلاھىيلىققا ئىگە بولالايتتى. مۇشۇ سەۋەبلىك، «ئىلاھىي تايغان» بۆرىنىڭ يەنە بىر قاملاشقان نامى بولۇپ قالدى.

ئەجىم ئەپەندىنىڭ «ئىلاھىي تايغان» دېگەن بۇ ئاتاقنىڭ بارلىققا كېلىشى توغرىسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك دەلىللىشى «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دىكى يادرولۇق مەخپىيەتلىكنى پاش قىلدى. «بۆرە موڭغۇللارنىڭ توتېمى» دىن ئىبارەت بۆرە مەدەنىيىتىنىڭ يادروسىنى ئىشەنچلىك ھالدا قوغداپ قالدى. ئەجىم ئەپەندىنىڭ بۇ كىلاسسىك ئەسەرنىڭ نامىنى «ئىلاھىي تايغان» دەپ بېكىتىشىدىكى مۇھىم سەۋەب مۇشۇ يەردە ئىدى.

بۇ ئىلمىي نەتىجە ئۇخشاشلا جۇڭگودىكى موڭغۇلشۇناسلىق ساھەسىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئاۋارە قىلىۋاتقان بىرقانچە زور تالاش-تارتىشلارنىمۇ بىر يولى ھەل قىلىۋېتەلەيتتى.

بىرىنچى، ئۇزاقتىن بېرى بەزى موڭغۇلشۇناس ئالىملار«كۆك بۆرە» بىلەن «ئاق مارال» نى بۆرە بىلەن مارال ئەمەس، بەلكى ئادەم ئىسمى، «كۆك بۆرە» بىلەن «ئاق مارال» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جۈپ ئەر-ئايال، دەپ كەلدى. ئالايلۇق، داڭلىق موڭغۇل ئالىمى داۋرون تىبۇ ئۆزىنىڭ «يېڭىدىن تەرجىمە قىلىنغان ‹موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى› غا قىسقىچە ئىزاھات» ناملىق كىتابىدا: «‹تەبئىي بىر كۆك بۆرە بىلەن سۆس ئاق رەڭلىك مارال جۈپلەشتى› دەپ ئېنىق تەرجىمە قىلىندى. بۇ ئەلۋەتتە نورمال ئادەملەر چۈشەنمەيدىغان گەپ. قانداقلا بولمىسۇن، بۆرە بىلەن مارالنىڭ جۈپلىشىشى مۇمكىن ئەمەس، جۈپلەشكەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادەم تۇغۇلمايدۇ...ئەمەلىيەتتە بۇ پەقەتلا رىۋايەتتىكى ئىككى ئادەمنىڭ نامى،خالاس» دەپ يازدى («يېڭىدىن تەرجىمە قىلىنغان ‹موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخىغا قىسقىچە ئىزاھات› تىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 1979-يىل نەشرى،4 -بەت»). داۋران تىبۇنىڭ بۇ نۇقتىنەزەرى موڭغۇلشۇناسلىق ساھاسىدە خېلى زور تەسىر پەيدا قىلدى. مەسىلەن، ھازىرقى زامان خەنزۇتىلى نەشرىدىكى «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ ئىككى نەپەر ئاپتورىمۇ مۇشۇ

www.kitaphumar.com

نوقتئىنەزەردە چىك تۇردى. ئۇلار ئۆز ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە: «<بۆرتەچىنو> بىلەن <غوۋا مارال> ئىككى سۆزنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدىكى مۇناسىپ ئاتالغۇ گەرچە كۆك بۆرە بىلەن ئاق مارال بولمىسىمۇ، لېكىن ئەگەر ئۇنى ئادەم ئىسمى (ئەسلىدىنلا ئادەم ئىسمى) قىلىپ چۈشەنگەندەك، <بۆرتەچىنو-غوۋا مارال> نىڭ موغۇللارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت ئىكەنلىكىنى يەنىلا رىۋايەت بولۇشتىن قالدۇ» دېدى.

مېنىڭچە موڭغۇل رىۋايەتلىرىنى يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك ھازىرقى زامان كۆزقارىشى بىلەن شەرھلەش ئۇسۇلى تۇپتىن خاتا، مەنتىق جەھەتتىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

«كۆك بۆرە بىلەن ئاق مارال» نىڭ جۈپلىشىپ پەرزەنتلىك بولغانلىقى ھەققىدە ۋەقە-رىۋايەت، «موڭغۇللارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت»، «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ ئاپتورى موڭغۇللار توغرىسىدىكى بۇ رىۋايەتنى «مەخپىي تارىخ» قا خاتىرلەپ قويغان، خالاس. ئۇ بۇ رىۋايەتنىڭ ھەقىقىي ئاپتورى ئەمەس. رىۋايەتنىڭ ھەقىقىي ئاپتورى يىراق قەدىم مەزگىلدىكى موڭغۇللارنىڭ ئەجدادى. ئۇنداقتا، يىراق قەدىم مەزگىلدىكى ئىش بولغانىكەن، موڭغۇل ئەجدادلارمۇ تونۇش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى تۈپەيلى، ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىدائىي بوۋىلىرىنىڭ مەلۇم ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن، شۇداقلا ئۇلانى ئۆزلىرىگە تۇتېم قىلغان، جۇڭگو تارىخى ماتېرىياللىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئۇچار قانات-ئۆملىگۈچى ھايۋانلارنىڭ بالا تۇغۇپ پەرزەنتلىك بولغان ھەققىدە رىۋايەتلەر بار. ئالايلۇق، شاڭ دەۋرىدىكىلەرنىڭ ئىپتىدائىي بوۋىسى چى دەل جيەندى ئايدالادا سۇغا چۆمۈلۈۋېتىپ، قارلىغاچنىڭ تۇخۇمنى يۇتىۋېتكەنلىكى تۈپەيلى تۇغۇلغان. «ئىلاھىي قۇشتىن شاڭنىڭ تۇغۇلىشى» دىن كۆرە، شاڭ دەۋرىدىكىلەر ئىلاھىي قۇشنى ئۆزىگە تۇتېم قىلغان. «ئىلاھىي قۇشتىن شاڭنىڭ تۇغۇلۇشى»، «كۆك بۆرىدىن موڭغۇللارنىڭ تۇغۇلۇشى» قەدىمكى ئادەملەرنىڭ كۆز-قارىشىدىكى ئوخشاشلىقنى بىلدۈرىدۇ.

«كۆك بۆرە بىلەن ئاق مارال » رىۋايىتى موڭغۇلللارنىڭ يىراق قەدىمكى مەزگىلىدىن كەلگەنىكەن، ئۇنداقتا رىۋايەتتىكى بۆرە دەل بۆرىنىڭ ئۆزى، ھەرگىزمۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ئەمەس. خۇددى «ئىلاھىي قۇشنىڭ شاڭنى تۇغۇشى» ھەققىدىكى رىۋايەتتىكىدەك، قارلىغاچنىڭ تۇخۇمى قۇشنىڭ تۇخۇمى بولغانغا ئوخشاش بىر ئىش، بۇ يەردىكى قارلىغاچمۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ئەمەس. ئۇنداق بولمىغاندا، ئەگەر شاڭ دەۋرىدىكىلەرنىڭ ئىپتىدائىي مومىسى جيەندى، «ئادەمنىڭ ئىسمى» نى يۇتىۋەتكەن بولسا، ھېچ نەرسىنى تۇغالمىغان، جۇڭگودىكى شيا، شاڭ،جۇ سۇلالىلىرىنىڭمۇ بىرى كەم بولغان بولاتتى.

مەنتىق يېقىدىن ئالغاندا، ئەگەر «كۆك بۆرە بىلەن ئاق مارال» نى بالا تۇغۇپ، پەرزەنتلىك بولمايدۇ دېگەندە، «مەخپىي تارىخ» تىكى ھېلىقى «سىرىق تايغان» نىڭ موڭغۇللارنىڭ ئىلاھىي ئانىسىنىڭ ھاملدار بولۇپ بالا تۇغۇشىغا ئىشتىراك قىلغانلىقىنى قانداق چۈشۈندۈرىمىز؟ «مەخپىي تارىخ» ئۇنىڭ ئادەم ئىسمى ئەمەسلىكىنى، بەلكى «سىرىق تايغان» ئىكەنلىكىنى تىنەپ-تەمتىرەپ يۈرمەي چورتلا مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئەسلى تېكىستتىمۇ: «سىرىق ئىتتەك ئۆملەپ چىقىپ كېتىدۇ» دەپ يېزىلغان (داۋرۇن تىمۇ يازغان «يېڭىدىن تەرجىمە قىلىنغان < موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى> غا قىسقىچە ئىزاھات »تىن ئېلىنغان نەقىل،11-بەت). ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى » نىڭ تەرجىمىسىدە :«تاڭ ئاتارغا يېقىن سىرىق ئىتتەك ئۆملەپ چىقىپ كېتىدۇ» دەپ ئېلىنغان. بۇ يەردىكى «سىرىق ئىت» ئوبرازلىق، ئۇنىڭدا ھايۋانلارنىڭ ئۆملەش ھەرىكىتى بار. روشەنكى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «سىرىق ئىت» نىڭ ئۆزى، ئىلاھىي تايغان، ھەرگىزمۇ ئادەم ئەمەس، ئۇنى ئادەمنىڭ ئىسمى دېيىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۇنداقتا ئوخشاش بىر كىتابنىڭ ئوخشاش بىر جىلدىدا «سىرىق ئىت» ياكى «ئىلاھىي تايغان» موڭغۇللارنىڭ ئىلاھىي ئانىسىنىڭ ھاملدار بولۇشىغا ئىشتىراك قىلىنغانىكەن، «كۆك بۆرە بىلەن ئاق مارال » بالا تۇغۇپ، پەرزەنتلىك بولالامدۇ؟ ئەكسىچە بولغاندا، «كۆك بۆرە بىلەن ئاق مارال» نىڭ بالا تۇغۇپ، پەرزەنتلىك بولۇشى «نورمال ئادەملەر چۈشەنمەيدىغان گەپ» ھېسابلانسا، ئۇنداقتا «سىرىق ئىت» نىڭ بالا تېپىپ، پەرزەنتلىك بولۇشى نورمال ئادەملەر چۈشەنمەيدىغان گەپمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىدە داۋرۇن تىبو ئەپەندى ئۆزىنىڭ كىتابىدا «سىرىق ئىت» ئىزاھات بېرىشتىن پۈتۈنلەي ئۆزىنى قاچۇردى. ھەم «سىرىق ئىت» نىڭ ھايۋان ئىكەنلىكىگە ئىزاھات بەرمىدى، ھەم «سىرىق ئىت» نى ئادەم دەپ مۇئەييەنلەشتۈرمىدى، ئادەمنىڭ ئىسمى دېگەننىمۇ تىلغا ئالمىدى. مۇشۇنداق ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلىگە ئۆزىنى چەتكە ئېلىش پوزىتسىيەسىنى تۇتۇش، ھەتتا لام-جىم دېمەي تۇرۇۋېلىش ھەقىقەتەن ئادەمنى شۈبھىلەندۈرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، «مەخپىي تارىخ» نىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىقچىلىق كۆزقارىشى جەھەتتە مۇنداق روشەن زىددىيەتلىك ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئوخشاش كىتاب ئوخشاش جىلدىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا «كۆك بۆرە بىلەن ئاق مارال» رىۋايىتىنى يېزىۋېتىپ ھازىرقى زامان كۆزقارىشىنى بازارغا سالىدىغان، كېيىنكى قىسمىدا «سىرىق ئىت » رىۋايىتىنى يېزىۋېتىپ، ئىپتىدائىي توتېم دەۋرىدىكى كۆزقاراش بولىدىغان ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشى تېخىمۇ مۆمكىن ئەمەس. دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى

بولغان ئادەمدە مۇنداق چاكىنا تەپەككۇر، قالايمىقانچىلىقنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى بولغان ئادەمدە مۇنداق چاكىنا تەپەككۇر قالايمىقانچىلىقنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ نوقتىدىن ئالغاندا، بەزى تەرجىمانلارنىڭ «مەخپىي تارىخ» تىكى«كۆك بۆرە ، ئاق مارال ،سېرىق ئىت» رىۋايىتىنى ھازىرقى زامان كۆزقارىشى بويىچە شەرھىلىگەنلىكى، ئورنىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەنلىكى تۈپەيلى، مۇقەررەر رەۋىشتە زىددىيەت پەيدا بولغان، قىلىۋاتقان گېپىمۇ قاملاشمىغان. «يېڭىسى ئارقىلىق كونىسىنى ئۆرۈۋېتىش» خاتالىقى كېلىپ چىققان. ئۇلارنىڭ قەدىمىيلىك كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، قەدىمىي پۇراق چىقىپ تۇرىدىغان ھەقىقىي ئاسار-ئەتىقىنى يېڭىلاپ، ئۇنى ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان «يالغان ئاسار-ئەتىقە» گە ئايلاندۇرۇپ قويغاندىن كۆرە، موڭغۇل مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان بۆرە توتېمى مەدەنىيىتىنىڭ چاڭ-توزاندا كۆمۈلۈپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىش ئېھتىماللىقىدىن يىراق ئەمەس. بۆرە توتېمى مەدەنىيىتىگە ھەقىقىي ئېتىقاد قىلىدىغان ھەرقانداق بىر موڭغۇل ۋە ھەرقانداق بىر جۇڭگولۇق بۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ.

ئالاھىدە شەرھلەشكە تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، بەزى موڭغۇل ئالىملىرىنىڭ «كۆك بۆرە» نىڭ بالا تېپىپ ، پەرزەنتلىك بولالايدىغانلىقى «مەخپىي تارىخ» تا پەقەت بىر يەردىلا مىسالغا ئېلىنغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنداق بولىدىغان بولسا، «مەخپىي تارىخ» گۇمانلانغۇچىلارغا ۋە قارشى تۇرغۇچىلارغا «ئىلمىي ئاجىزلىق» تىن بىرنى تۇرغۇزۇپ قويغاندەك بولىدۇ. چۈنكى، تارىخ ئىلمىي ساھەسىدە ھەممەيلەن ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان «يەككە ئىسپات كارغا كەلمەيدۇ» دەيدىغان ئىلمىي قائىدە ۋە پرىنسىپ بار.ئەگەر «مەخپىي تارىخ» تا راستىنلا باشلىنىش بۆلىكىدىكى بىر مىسالدىن باشقا مىسال يوق دېيىلسە، ئۇنداقتا «كۆك بۆرە» نىڭ بالا تېپىپ پەرزەنتلىك بولۇشىدىن ئىبارەت «مىسال » دەل «يەككە ئىسپات » بولغان بولىدۇ. ئىلىم ساھەسىدىكى بىر تالاي ئادەملەرنىڭ مۇنداق «يەككە ئىسپات» نى پۈتۈنلەي ئېتىراپ قىلماسلىقى، ھەتتا ئۇنى ئۆرۈۋېتىشى، ئورنىغا باشقا گەپنى دەسسىتىشى تۇرغانلا گەپ. ئالايلۇق، «كۆك بۆرە بىلەن ئاق مارال» نى ئادەم، ئادەم ئىسمى دەپ چۈشەندۈرۈش مۇشۇ قاتارغا كىرىدۇ.

ھالبۇكى، ئەجىم ئەپەندى «سېرىق ئىت» نى «ئىلاھىي تايغان ۋە بۆرە» دەپ دەلىللەپ بېكىتكەندىن كېيىن، «بۆرىنىڭ بالا تېپىشى» دىن ئىبارەت رىۋايەتنى «يەككە ئىسپات» تىن «قوش ئىسپات» قىلىپ چىقتى. بۆرىنىڭ بالا تېپىپ پەرزەنتلىك بولۇشى ھەققىدىكى مىسال ئەمەلىيەتتە «مەخپىي تارىخ» تا ئىككى جايدا بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ

«قوش ئىسپات» موڭغۇل بىزە تۇتېم مەدەنىيىتىدىكى ئاتالمىش «ئىلمىي ئاجىزلىق» نى پۇلاتتەك قاتتىق ئىلمىي ساۋاتقا ئايلاندۇردى.

ھېلىقىدەك «مەخپىي تارىخ» تىكى «كۆك بۆرە بىلەن ئاق مارال» نى ئادەم، ئادەم ئىسمى دەيدىغان نوقتىنەزەر سىپپى ئۆزىدىن سوبيېكتىپ پەرەز بولۇپ، ئۇ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ ئەسلى ئەقىدىسىگە ۋە ماھىيەتلىك مەنىسىگە ئۇيغۇن كالمەيتتى

ئىككىنچى، بەزى ئالىملار «كۆك بۆرە بىلەن ئاق مارال» نى ھايۋان ئەمەس ئادەم، ئادەم ئىسمى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن،بۆرە ھەرگىزمۇ موڭغۇللارنىڭ ھايۋانى ئەجدادى ۋە تۇتېمى بولمايدۇ، دېگەن گەپنى تەكرار-تەكرار ئۇتتۇرىغا قويىدى. لېكىن، ئەجىم ئەپەندىنىڭ كۆچلۈك دەلىللىشى بۇ نوقتىنەزەرگە زەربە بەردى. «سېرىق ئىت » بىلەن «ئىلاھىي تايغان» بولغانىكەن،ئىلاھىي تايغان ئىلاھىي بۆرە موڭغۇللارنىڭ ئىلاھىي ئانىسىنىڭ نۇر ئارقىلىق ھامىلدار بولۇپ، ئۇلۇغ ئالتۇن ئۇرۇقنى تەۋەللۇت قىلىشىغا ئىشتىراك قىلغانىكەن، ئۇنداقتا، «كۆك بۆرە » بىلەن «ئاق مارال » موڭغۇل مىللىتىنىڭ تۇنجى ئەۋلادىنى تەۋەللۇت قىلغان بولىدۇ. مانا بۇ دەل «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخ» يورۇتۇپ بەرمەكچى بولغان ھەقىقىي مەزمۇن. بىز ئەجىم ئەپەندىنىڭ دەلىللىشى بويىچە «مەخپىي تارىخ» نى قايتا ئوقۇپ باقساقلا«مەخپىي تارىخ» تىكى موڭغۇل مىللىتىنىڭ تەۋەللۇت بولۇشى ۋە كۆپىيىشىگە ئىشتىراك بولغان ئىلاھىي ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە «كۆك بۆرە»، «ئاق مارال»، «سېرىق ئىت» لارنىڭ بارلىقىنى ئۇچۇق كۆرىمىز. «سېرىق ئىت » بىلەن«ئىلاھىي تايغان» بۆرە بولغانلىقى ئۈچۈن، موڭغۇللارنىڭ تەۋەللۇت بولۇپ كۆپىيىشىگە ئىشتىراك قىلغان ھايۋانمۇ ئەمەلىيەتتە پەقەت ئىككى خىل، يەنى بۆرە بىلەن مارال بولغان بولىدۇ. بىرىنچى قېتىمدىكىسى بۆرە بىلەن مارال، ئىككىنچى قېتىمدىكىسى يالغۇز بۆرە . ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، مارال بۇ ئىشقا گەرچە بىر قېتىملا ئىشتىراك قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئانىلىق ئورۇن ۋە ئانىلىق سالاھىيەت بىلەن ئىشتىراك قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۆرە ئىككى قېتىم ئىشتىراك قىلىدۇ، شۇنداقلا ھەر ئىككى قېتىمدا ئەرلىك ئورنى ۋە ئەرلىك سالاھىيتى بىلەن ئىشتىراك قىلىدۇ. شۇڭا، «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دا خاتىرلەنگەن رىۋايەتتە، ئىلاھىي بۆرە موڭغۇللارنىڭ تەۋەللۇت بولۇشى ۋە بارلىققا كېلىشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىشتىراك قىلغۇچى بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا كۆرە، ئىلاھىي بۆرىمۇ موڭغۇل مىللىتىنىڭ تۇتىسا سىپپى بار،تۇۋۇلسا ئىتى بار ئەڭ ئاساسلىق ھايۋانىي ئەجدادى، شۇنداقلا بىردىن بىر ئىلاھىي ئەجدادى، شۇنداقلا بىردىن بىر ئەركەك ھايۋان ئەجدادى. مۇشۇ جەھەتتىن ئالغاندا، يالغۇز «بۆرە مىللىتىنىڭ تۇتېمى ئەمەس»

دېگەن نـوقتىنەزەرلا بـۇت تـرەپ تۇرالماسـتىن، بەلكـى «بـۆرە موڭغۇللارنىـڭ تـوتېمى بولمىسـىمۇ، لـېكىن ئاساسـلىق تـوتېمى ئەمەس» دېگەن نوقتىنەزەرمـۇ ئوخشاشـلا قۇمغـا يېزىلغان خەتتەك بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ. گەرچە موڭغۇللار بۆركۈت، ئېيىق، كالا قاتارلىق ھايۋانلارغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ،لېكىن «موڭغۇلارنىڭ مەخپىي تـارىخى » دىكـى خـاتىرە بۆركۈت، ئېيىق، كالا قاتـارلىق ھـايۋانلار موڭغۇللارنىـڭ تەۋەللـۇت بولـۇشى ۋە كۆپىيىشـىگە ئىشتىراك قىلمايدۇ. مۇشۇلارغا ئاساسەن، «بۆرە موڭغۇللارنىـڭ ئاساسـلىق تـوتېمى ئەمەس» دېـگەن نـوقتىنەزەر ئوخشاشـلا «موڭغۇللارنىـڭ مەخپىـي تـارىخى» نىـڭ ئەسـلى قائىدىسـى بىلەن ماھىيەتلىك مەنىسگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

4

ئەجىم ئەپەنـدىنىڭ موڭغۇللارنىـڭ بـۆرە تـوتېمى مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئېلىـپ بارغـان تەكشۈرىشى ۋە تەتقىقاتى تولىمۇ ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر. ئۇ بولۇپمۇ بۆرە بىلەن مۇناسـىۋەتلىك موڭغـۇل ماقـال-تەمسـىللىرى، ئـىدىيوملىرى، شـېئىر ۋە ئـۆرۈپ-ئـادەتنى توپلاشـقا ئالاھىـدە نەزەر ئاغـدۇرغانلىقىم بىـز مۇشـۇ جەھەتتىكـى تونۇشـتۇرۇش ئـارقىلىق موڭغۇللارنىـڭ بـۆرە مەدەنىيىتىنـى، شـۇنداقلا موڭغـۇل ئـاۋام ـپۇقرالارنىـڭ بـۆرە توتېمىغا بولغان ئېتىقادىنى ۋە ئىلاھىي تايغاننىـڭ ئۇجـۇر-بۇجـۇرنى تېخىمـۇ ئەتراپـىق چۈشـىنەلەيمىز. ئـۇزاقتىن بۇيـان كەڭ-كۆلەمدە تارقىلىپ يۈرگەن خەلق ماقـال-تەمسـىللىرى بۆرىنىـڭ موڭغـۇل خەلقىنىـڭ قەلبىدىكى ئورنىنى ۋە تەسىرىنى، شۇنداقلا موڭغۇللارنىڭ بۆرە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ بەكرەك ئەكىس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

«ئىلاھىي تايغان» نـاملىق كىتابتا موڭغـۇل بـۆرىلەرى توغرىسـىدىكى ماقـال-تەسـىل كـۆزنى قاماشـتۇرغىدەك دەرىجىـدە كـۆپ. ئەجىـم ئەپەنــدىنىڭ تولــۇق بولمىغــان ئىستاتىستىكىسـىغا قارىغانـدا، كىتابقـا «بـۆرىگە مۇناسـىۋەتلىك 150تـىن ئـارتۇق ماقـال-تەمسـىل ۋە ئـىدىيوم كىرگـۈزۈلگەن». تۆۋەنـدە بىـر قىسـىم ماقـال-تەمسـىلنى تـاللاپ كۆرسىتىمەن:

ئىتنى ئىگىسى قوغدايدۇ، بۆرىنى ئىلاھ (قوغدايدۇ).
ئايدالادا بۆرىگە يولۇقۇش، تەلەيدىن بىشارەت.
ئادەم بۆرە بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، ئامەتنىڭ يولى ئېچىلىدۇ.

بۆرىنىڭ ئاغزى ئاق بولىدۇ، ئوغرىنىڭ قولى قارا (موڭغۇللار ئاقنى ياخشىلىق، قارىنى يامانلىق دەپ قارايدۇ).

ئوغرى بۆرىگە يەتمەيدۇ ، ئالدامچىنىڭ قولىدىن زەھەر كەتمەيدۇ.

يىگەنلەر بۆرە بولىدۇ، يىيىلگەنلەر قوي (بولىدۇ).

موڭغۇل بۆرىلىرى يارىسىنى ئۈچ كۈندىلا يالاپ ساقايتىدۇ.

بۆرىنىڭ تېنى ئاجىز بولسىمۇ يەتتە ئىتقا بوي بەرمەيدۇ.

بۆرىنىڭ كۈچىكىنى قانچە باققان بىلەنمۇ ئىت بولمايدۇ.

بۆرە قوينى يېمەكچى بولسا يوڭنىڭ قانداقلىقى بىلەن ھىسابلاشمايدۇ.

كۈچۈكى ئوغرىلانغان بۆرە ئۆچ ئالماي قالمايدۇ.

كۈچۈكىنى قوغدايدىغان بۆرىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ.

قېرى بۆرە قاپقانغا دەسسىمەيدۇ.

بۆرىنىڭ دەھشەتلىك بولۇشى چىشىنىڭ چىڭلىقىغا باغلىق.

بۆرىنىڭ چىشى كاردىن چىقسا، ئاچ قېلىپ ئۆلىدۇ

بۆرە ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىدا مېھرىبان.

بۆرە شامال بىلەن دوست.

بۆرە گۆشكە ئامراق بولسىمۇ كىچىكىدە سۈت بىلەن ئۆسىدۇ.

چېدىرنى تاشلىق جايغا تىكىش كېرەك، قوينى بۆرە بار جايدا بېقىش كېرەك.

(بۇ يېڭى توي قىلغان ئەر-ئاياللارغا نەسىھەت: تاشلىق يەر ئېگىز بولىدۇ. كەلكۈندىن ساقلىنىشقا ئاپلىك؛ بۆرە بار جايدا ئوت-چۆپ كۆپ بولىدۇ. ئوت-چۆپ كۆپ جايدا ياۋايى ھايۋانلارمۇ كۆپ، بۆرە ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاشقا ئەپلىك.)

بۆرە يوق يەردە توشقان ئۆزىنى چوڭ بىلىدۇ، قاتارلىقلار.

بەزى موڭغۇل شائىرلىرىنىڭ بۆرە ھەققىدە يازغان شېئىرلىرى شۇنچىكى جانلىق، سۆز-جۈملىلەردىن بۆرىنىڭ خۇيى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ. ئەجىم ئەپەندى كىتابقا شامان دىنىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىم ئاۋ پوربۇنىڭ بۆرىنى تاغ ئاتا دەپ ئاتىغان مۇنداق بىر شېئىرىنى كىرگۈزگەن:

سەن ماڭا تاغ ئاتا،
سەۋسەر قۇيرۇق، چىشلىرىڭ تەڭ پولاتقا.

سەۋسەر قۇيرۇقۇڭ ماڭا قارايدۇ،
پولاتتەك چىشلىرىڭ قادالغان ياتقا.

ئەجىم ئەپەندى: «قوسقۇر ئۆلكىسىنىڭ چاغانئولا ناھىيەسىدىكى ئادەملەر بۆرىنىڭ مۇبارەك نامىنى <تاغلىق راھىپ كالان> دەپ ئاتايدۇ. شۇڭا ئۇلاردا بۆرىنىڭ ھال-ئەھۋال سورىغاندا ئىشلىتىدىغان: تاغدىكى مەرھەمەتلىك راھىب كالان، مەن سىزگە ئامانلىق تىلەيمەن. يېقىندىن بۇيان قانداق تۇردىڭىز، ياشىغانسىز بىز ئۈچۈن تىمەن، دەيدىغان قوشاق بار» (P65)دەپ يازىدۇ.

پەلسەپۋى ئىدراك ۋە ئەبەدىيلىك بىلەن تولۇپ-تاشقان يۇقىرىدىكى موڭغۇل ماقال-تەمسىللىرى ۋە شېئىرلىرى ئىچىدە مېنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگىنى ھېلىقى «تاغ ئاتا» ناملىق قىسقا شېئىر. ئاران تۆت مىسرا، يىگىرمىگە يېقىن سۆزلۈك بىلەن تاماملانغان بۇ شېئىردا بۆرىنىڭ مۇلايىم، قەيسەر تاشقىي قىياپىتى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى خاراكتېرى شۇنداق دەل،جانلىق ھەم بەدەئىيلىك بىلەن سۈرئەتلەنگەن. تېخىمۇ چوڭقۇر بولغىنى، ئۇ موڭغۇللار بىلەن بۆرىنىڭ«قان-قېرىنداشلىق» مۇناسىۋىتىنى ئاتا- بالا ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىققا ئوخشىتىپ ئىپادىلىگەن. موڭغۇل مىللىتى قەدىمي مىللەت، لېكىن ئۇلار ھايۋانى ئەجداد توتېمى بولغان بۆرە ئاتا ئالدىدا كىچىك بالىغا ئوخشايدۇ. بۇ شېئىردىن شائىرنىڭ ئادەم ياكى بۆرە ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى تەس. شۇڭا بۇ شېئىرنى ئادەم بىلەن بۆرىنى ئايرىپ يۈرمەيدىغان موڭغۇل باللىرىنىڭ ناخشىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېئىردىكى كىچىك بالا ئوماق، كەپسىز كىچىك بۆرىگە ئوخشايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، بۇشېئىردا موڭغۇللارنىڭ ئۆزىنى كۆك بۆرىنىڭ ئەۋلادى دەپ تونۇيدىغانلىقىنى ،ئۆزىدە «بۆرە»لەرنىڭ مىللەت كۆز قارىشى بار سەپ قارايدىغانلىقى، موڭغۇللارنىڭ تومۇرىدا مۇلايىم ، قەيسەر، بۆرىلەرنىڭ قېنى ئاقىدىغانلىقى  چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. موڭغۇلىيە بۆرە توتېم مەدەنىيىتىنى قىبلىگاھى،پەقەت شۇنداق يەردىلا بۆرىلەر ھەققىدىكى يۇقىرىدىكىدەك مەشھۇر ئەسەرلەر بارلىققا كېلەلەيدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ماقال-تەمسىل، خەلق قوشاقلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ بۆرىگە بولغان ئېتىقادىنىڭ مىللەتنىڭ گېنىغا ئالىبۇرۇن سىڭىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بۇنى جۇڭگودىكى خەنزۇ مىللىتىنىڭ بۆرە ھەققىدىكى ماقال-تەمسىللىرى، ئىدىيوملىرى بىلەن ئالايلۇق 狼子野心，狼狈为奸，狼心狗肺 قاتارلىق سۆزلەر بىلەن سېلىشتۇرساق، ئىككى خىل مەدەنىيەت ئارىسىدىكى

www.kitaphumar.com

غايەت زور پەرقىنى ئوچۇق كۆرەلەيمىز، شۇنداقلا قايسى مىللەتنىڭ بۆرىنى بەكرەك بىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا بەكرەك ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، بۆرىنى ئەركىن ، قەيسەر رىقابەتكە چۈشەلەيدىغان روھىي ۋە خاراكتېرىگە قايسى مىللەتنىڭ بەكرەك قول قويىدىغانلىقىنى پەرقلەندۈرەلەيمىز. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، جۇڭگو  بۆرە بىلەن دەرقەمتە بولۇپ مەيدانغا چۈشىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك رىقابەت دەۋرىگە قەدەم قويغان بۇ كۈنلەردە، بۆرە روھىي دۇنيانىڭ ئىقىمىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن. مۇشۇ تاپتا مەن بازار رەستىلىرىدى، ئەمەل سورۇنلىرىدا، جەڭ مەيدانىدا ۋە رىقابەت مەيدانلىرىدا ئۈتۈشسىزلىققا ئۇچراپ زەخىملەنگەن قېرىنداشلارغا بەل قويۇپ بەرمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىللە ،ئۇلارغا« موڭغۇل بۆرىلىرى يارىسىنى ئۇچ كۈندىلا يالاپ ساقايتىدۇ»، «بۆرىنىڭ دەھشەتلىك بولۇشى چىشىنىڭ چىڭلىقىغا باغلىق» دېيىدىغان تەمسىلنى تەقدىم قىلغۇم بار. يەنە ھېلىقىدەك سۆرەمپالاس،رەزگى، نىشانىنى ئېگىلىيەلمەيدىغانلارغا «بۇ بۆرىنىڭ چىشى كاردىن چىقسا ئاچ قىلىپ ئۆلىدۇ» دېگەن تەمسىلنى سۇنغۇم بار.

مەن موڭغۇل مىللىتىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ماقال- تەمسىللىرىنىڭ، بۆرە ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ ، بۆرە ھەققىدىكى ناخشىلىرىنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشىنى، بۇ ئارقىلىق دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ روھىنى ۋە جانلاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

5

«ئىلاھىي تايغان» نىڭ ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان يېرى، كىتابنىڭ باش ـ ئايىغىنى تەلتۆكۈس ئىگىلىگەن ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان بۆرە ھەققىدىكى ھەقىقىي ۋەقەلەر. «بۆرە توتېمى» نى يازغان، بۆرە ھەققىدىكى سان-ساناقسىز ۋەقەلەرنى بىلىدىغان مەن جىنىمدا «توۋا» دەپ ياقامنى تۇتۇپ قالدىم. مەن بۆرىلەرنى ئىزچىل يوسۇندا ھېكايە- ۋەقەلەرنىڭ شاھىنشاھى، بۆرىلەر ھەققىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ دەپ قارايتتىم، لېكىن ئەجەم ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ يېرىم ئۆمرىدە زىيارەت قىلىپ توپلىغان بۆرە ھەققىدىكى ھېكايىلىرىنىڭ مۇنچىلىك كۆپلىكىنى، مۇنچىلىك سەرخىل ۋە قالتىس ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇردىن ھالقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن.

«ئىلاھىي تايغان» غا كىرگۈزۈلگەن بۆرە ھەققىدىكى سان-ساناقسىز ھېكايىلەر دەل مۇشۇ كىتابنىڭ مۇكەممەل قۇرۇلما سىستېمىسىنىڭ ئەڭ غوللۇق، ئەڭ مۇھىم قىسمى. بۇ

قىسىمىنىڭ فونكسىيەلىك رولى كىتابنىڭ باش تېمىسى ھېسابىدا بۆرە نېمىشقا موڭغۇللارنىڭ توتېمى بولۇپ قالىدۇ. موڭغۇللار نېمىشقا بۆرىگە ئېتىقاد قىلىدۇ دېگەنلەرنى دەلىللەشتىن ئىبارەت. «ئىلاھىي تايغان» بۆرە ھەققىدىكى دەل مۇشۇنداق ھېكايە، ۋەقە ئارقىلىق ئۇنىڭدىكى ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىقنى، ئاقىل-پاراسەت ۋە ھوشيارلىقنى، بېرىكىش ۋە ھەمكارلىقنى، باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بېرىپ، يايلاقنى قوغدايدىغان شۇنداقلا ھاياتى بەدىلىگە باللىرىنى، جەمەتىنى، ھەمراھىنى، جورىسىنى ئاسرايدىغان ۋە ھىمايە قىلىدىغان مۇنەۋۋەر ئالىيجاناب پەزىلىتى بىلەن روھىنى، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەقىل-پاراسەت ۋە باتۇرلۇقتا بۆرىلەر بىلەن بەسلىشىپ باققان يايلاق مىللەتلىرىنىڭ مۇنداق ئالىيجاناب پەزىلەت ۋە روھتىن تەسىرلەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا قايىل بولىدىغانلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ۋە رەڭدار ھالەتتە تەسۋىرلەپ بەردى. مانا مۇشۇ موڭغۇل قاتارلىق يايلاق مىللەتلىرىنىڭ بۆرىگە ئېتىقاد قىلىشى، بۆرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ توتېمى قىلىشىدىكى ئەڭ تۈپكى سەۋەب.

مەنمۇ يايلاق بۆرىللىرىنىڭ ئالىيجاناب روھى ۋە پەزىلىتىگە قول قويغان بىر ئادەم. «بۆرە توتېمى» دەل بۆرىلەرنىڭ روھىدىن زىلزىلىگە كەلگەن ۋە ئۇلارغا قايىل بولغاندىن كېيىن روياپقا چىققان مەنىۋى مەھسۇلات.شۇنداقلا بۆرە توتېمى مېنىڭ قەلبىمدىمۇ ھەقىقىي رەۋىشتىكى توتېم ۋە ئەركىنلىك ئىلاھىي بولۇپ قالدى.مەن بۆرىلەردىن مەڭگۈ مىننەتدار، ئۇلارغا ماڭگۈ ئىھتىرام بىلدۈرىمەن. دەل مۇشۇنداق بۆرە روھى مېنى قويغا ئوخشاش مۆمىن، يۇمشاقباش، كىم نېمە قىلسا«خوش» دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرىدىغان ھاياتتىن ۋە تەقدىردىن ئادا-جۇدا قىلدى.

«ئىلاھىي تايغان» دا بۆرە ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ غايەت كۆپ بولغانلىقىغا قاراپ، بۇ «ھېكايىچى بۆرىلەر» نىڭ ھېكايە ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولۇۋاتقان جۇڭگو تېلىۋىزىيە ساھەسىگە، ئەدەبىيات ساھەسىگە، ئويۇن-تاماشىچىلار ساھەسىگە، شۇنداقلا يېڭى ھېكايىلەرگە تەشنا بولۇۋاتقان ئوقۇرمەنلەرگە سىلكىنىش ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، ھەمدە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «بۆرە توتېمى» ئۈستىدە ئېغۋا تارقاتقان، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان، ئۇنى پۈتۈن ھۆنىرىنى ئىشقا سېلىپ جىن-ئالۋاستىغا ئايلاندۇرۇش يولىدا سوكۇلدىغان «ئادەملەر» گە رەددىيە بېرىشنى زۆرۈر دەپ ئويلايمەن .

بىر چاغلاردا ئىچكى موڭغۇل يايلاقلىرىدا ئىشلىگەن زىيالىي ياشلاردىن بەزىلىرى تور بېتىدە ياكى تورنىڭ تۆۋىنىدە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي: «جياڭ روڭ بۆرىنى پەردازلاش ئۈچۈن ئۇنى يايلاقنى مۇفاپىزەت قىلىدىغان ئىلاھ دەپ بىلجىرلاشتىنمۇ يانمىدى، مۇشۇ

www.kitaphumar.com

مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بۆرىنى يايلاقتىكى چاشقان ئاپتىنى يوقاتقۇچى تۆھپىكار دېگەن گەپنى توقۇپ چىقتى. يايلاق بۆرىلىرى ئەمەلىيەتتە چاشقان يېمەيتتى» دەپ كەڭ كۆلەمدە جار سالدى. ئۇنداقتا، بىز «ئىلاھىي تايغان» دېگەن ئىككى ھېكايىنىڭ سۆزتىنى قاراپ باقساقلا كۇپايە:

«ئوۋچى چاۋ تولۇق قاپقان بىلەن تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن....بىر بۆرىنىڭ قورسىقىدىكى ھېچ يېرى بۇزۇلمىغان، يۇمشاپ كەتكەن ئون يەتتە چاشقاننى كۆرۈپ قالدى. قارىماققا بۇ ئادەمنىڭ ئىچى ئېلىشقۇدەك بىر ئىش ئىدى. يەنە بىر بۆرىنىڭ قورسىقى چېكەتكە بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.» (P78)

مۇشۇلارنى ئوقۇۋېتىپ تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم. چۈنكى مەنمۇ بۆرىنىڭ چېكەتكە، تاختاق يەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. قىرىق يىلنىڭ ئالدىدىكى مەندۇ چارۋىچىلىق مەيدانىدا بىر چوڭ چېكەتكە ئۈچۈپ بېرىپ، دەل مەن بېقىۋاتقان بۆرە كۈچۈكىنىڭ كاتەككە كىرىپ قالغانىدا، بۆرە كۈچۈكى «كاپ» قىلىپلا تۇتۇۋېلىپ، يالماپ يۇتۇۋەتكەنىدى. پىشقەدەم چارۋىچىلارمۇ ماڭا بۆرىنىڭ قورسىقىدىن چېكەتكە، تاختاق قاتارلىقلارنى ئۇچراتقانلىقىنى دەپ بەرگەنىدى. شۇ چاغدا، مەن بۆرىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا چېكەتكىدە يۇقىرى ئاقسىل ماددىسى بارلىقىنى بىلىدىغان بولغىيمىدى، دەپ ئەجەپلەنگەنىدىم. شۇنداقتىمۇ مەن بۇ ئىنچىكە تەرەپلەرنى «بۆرە توتېمى» غا يېزىشقا پېتىنالمىغانىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى، شۇچاغدىكى پەرىزىم بويىچە جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇنىڭغا چىن پۈتمەيدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى. يازغان تەقدىردىمۇ ئەكسىچە ئۈنۈمى ياخشى بولمايتتى. ئەمەلىيەتتە موڭغۇل بۆرىلىرىنىڭ قاراپ تۇرۇپلا بىر پاتمان چېكەتكىنى يالماپ يۇتۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭ شۇ چاغدىكى قىلىقىمدىن راستىنلا بەك پۇشايمان قىلدىم. مېنىڭ سەۋەنلىكىم بۆرىلەرنىڭ چېكەتكە يوقۇتۇشىدىكى تۆھپىسىنى يوققا چىقارغانىدى. ھەممىلەنگە مەلۇم، چاشقان ئاپىتى بىلەن چېكەتكە ئاپىتى يايلاقتىكى جانغا زامىن بولىدىغان چوڭ ئىككى تەبئىي ئاپەت ئىدى. ھالبۇكى، بۆرىلەر چاشقان بىلەن چېكەتكىنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان تۆھپىكارلاردىن ئىدى. بۇ ئەھۋالمۇ«بۆرە توتېمى» دا بۆرىلەرنى پەردازلاش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ تەتۈرسىچە بۆرىلەرنىڭ تۆھپىسىنى يېتەرلىك دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈرەلمىگەنىدى. مەن بۆرە ئۇستازىم ئەجىم ئەپەندىنىڭ بۇ سەۋەنلىكىمنى ئوڭشاپ قويغانلىقىغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

بىزمۇ يايلاقتا ياشاپ باققان دەپ چوڭ سۆزلەيدىغان بەزىلەرمۇ جىياڭ روڭنىڭ بۆرىنى پەردازلاشقا ئۇرۇنغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە يايلاقتىكى

بۆرىلەر «بۆرە توتېمى» دا يېزىلغاندەك ئۇنداق ئەقىللىق، ئۇنداق كارامەت ئەمەس، بۆرە ھەققىدىكى ئاجايىپ-غارايىپ ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسىنى جياڭ روڭ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ توقۇپ چىققان، دېدى.

لېكىن «ئىلاھىي تايغان» غا كىرگۈزۈلگەن بۆرە ھەققىدىكى كۆپتىن-كۆپ ھەقىقىي ۋەقەلەر بۆرىلەرنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە سىرلىق ئىكەنلىكىنى يېتەرلىك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەن ئىككىلا مىسالنى تونۇشتۇرىمەن:

«بىر كۈنى داگدەن گوتۇب تاغىسى چۆلتوم بىلەن ئۇلاستاي دەرياسىنى ياقىلاپ ئۇنىڭ ئېقىمىغا كېتىپ بارغاندا، تۇيۇقسىز بىر بۆرىنىڭ ئۇدۇل ئۆزلىرىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرگەن. ئۇلار بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي بۆرە كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپلا، كۆكنىڭ قەھرىدىن بۆرىنىڭ ئۈستىگە ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان يوغان بىر قارا قۇشنى بايقىغان. بۆرە مۇنداق جەددىي مىنۇتتا قاراقۇشنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك چارىسى مۇشۇ ئىككى ئادەمگە ئەگىشىپ مېڭىش ئىكەنلىكىنى پەم قىلغان. بۆرە ھاسراپ-ھۆمىدەپ ئىككەيلەننىڭ يېنىغا كېلىشى بىلەن، ھېلىقى قارا قۇشمۇ قوغلاشتىن توختاپ، تېزلىك بىلەن ئۇچۇپ كەتكەن. ھېلىقى بۆرە ئاسمانغا زەن سېلىپ قارىۋېتىپ، ئاندىن ئالدىرىماي-تېنىمەي دەريانىڭ شەرقىدىكى تۆپىلىككە ئاقسىغان پېتى مېڭىپ كەتكەن.» (P86)

«دادام ماڭا شەرقىي يايلاقتا يۈزبەرگەن مۇنداق بىر قىززىق ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەنىدى: ئۇنىڭ دېيىشىچە، بىر يەرلىك ئەمەلدارلار قاراڭغۇ چۈشكەن بىر كېچىدە تەنھا بىر بۆرىنى ماشىنا بىلەن قوغلىغان. تولا يۈگۈرۈپ جېنى تۈمشۇقىغا كېلىپ قالغان بۆرە يول بويىدىكى ئېلېكتىر ستولبىسىنىڭ قېشىغا كەلگەندە بىراقلا غايىپ بولۇپ كەتكەن. ئەمەلدار ماشىنىنىڭ ئۈستىدىكى قاتار چىراغنى يېقىپ، بۆرىنى بىر ھازا ئىزدىگەن. شۇ چاغدىلا ئۇ بۆرىنىڭ ئېلېكتىر ستولبىسىنىڭ قېشىغا كەلگەندە بىراقلا غايىپ بولۇپ كەتكەن. ئەمەلدارلار ماشىنىنىڭ ئۈستىدىكى قاتار چىراغنى يېقىپ، بۆرىنى بىر ھازا ئىزدىگەن. شۇ چاغدىلا ئۇ بۆرىنىڭ ئېلېكتىر ستولبىسىغا چىڭ چاپلىشىپ (ئىككى پۇتى بىلەن ئۆرە تۇرغان) لىقنى كۆرگەن.» (P83-P84)

موڭغۇل بۆرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان موڭغۇللارنىمۇ ھەيران قالدۇرۇۋاتقان يەردە، ئۇلارنىڭ ئەقىل- پاراستى ئۇنچىلىك ئەمەس دەيدىغانغا بىزنىڭ نېمە ھەددىمىز؟ بىزنىڭ جۇڭگولۇق خەنزۇلىرىمىز پەقەت گەپ ئاڭلايدىغان ئۆي ھايۋانلىرى بىلەنلا تونۇشلۇق، ياۋايى بۆرىلەرنىڭ تۆھپىسىنى، ئەقلىي

مىقدارىنى ۋە ئۇلارنىڭ پەم-پەزىلىتىنى ھېچقانچە بىلمەيدۇ. لېكىن، خوش بولىدىغان ئىش شۇكى، بۆرە بىلەن دەرقەمتە بولىدىغان بۇ دەۋىردە بۆرە ھەققىدىكى بىلىم بىلەن بۆرە مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگەشكەن ھالدا بۆرىنى بىلىدىغان، بۆرىنى ياقتۇرۇپ قالىدىغان، بۆرىنى ھۆرمەتلەيدىغان پۇقرالار گېئومېترىك سان شەكلىدە كۆپىيىشكە باشلىدى.

ئەڭ ئاخىرىدا، «ئىلاھىي تايغان» دىكى مەندەك بىر قېرى بۆرىنىڭ كۆزىدىنمۇ ياش ئاققۇزغان ئىككى ئابزاس مۇھەببەت ۋەقەسىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ قويۇشنى لايىق تاپتىم:

بىر ياش يىلقىچى ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئايدالادا ئوتلاۋاتقان يىلقىلارنى بىر يەرگە يىغىش ئۈچۈن باراتتى. ئۇ يىلقىنى يىغىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ تارقىلىپ كەتكەن جايلىرىنى، شۇنداقلا تۆت ئەتراپتىكى ئۆزگىرىشنى دۇربۇن بىلەن كۆرۈپ بېقىشقا، كۆزىتىپ بېقىشقا ئادەتلەنگەنىدى. بىر كۈنى ئۇ مۇشۇنداق كۆزىتىۋېتىپ، ئۈچ بۆرىنىڭ تۇمشۇقلىرىنى يېقىن قىلغان پېتى غەرب تەرەپتىكى بىر قۇم ئازگىلىغا كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ قالىدى. ئازدىن كېيىن، بىر بۆرە كۆرۈنمىدى، قالغان ئىككىسى داۋاملىق كېتىۋەردى. ياش يىلقىچى ئوخشاش ۋاقىت ۋە ئوخشاش ئورۇندا بۇ ئەھۋالنى ئۇدا بىر نەچچە كۈن كۆزەتتى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ كۆپ قېتىم تەكرارلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ھېلىقى قۇم ئازگىلىغا بېرىپ كۆرۈپ باقماقچى بولدى، نەتىجىدە ئۇيەردە ھېچنەرسە يوق بولۇپ چىقتى. ئۇ غەلىتەلىك ھېس قىلىپ، ئۆزىنى ئەجەپلەندۈرگەن بۇ ئىشنى ئۆزئارا يېقىن ئۆتىدىغان بىر نەچچە يىگىتكە سۆزلەپ بەردى. ئۇلار زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ۋەدىلەشتى. بىر كۈنى ئۇلار قۇم ئازگىلىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئازگالنى ئوۋچەي-توۋچەي قىلىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن ئاقتۇردى-دە، ئازگالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە بىر جايغا ئىنچىكە بىر تال ياغاچنىڭ توغرىسىغا قويۇلغانلىقىنى ، ياغاچ قويۇلغان يەردىكى قۇمنىڭ تېگىدىدىن بۆرىنىڭ بۇرنى چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئالدى بىلەن بىر پاي ئوق ئېتىۋېتىپ، ئاندىن ياغاچنىڭ ئىككى بېشىنى تۇتۇپ شارتتىدە تارتىپلا، ئالدى ئىككى پۇتى يوق بىر ئانا بۆرىنى سۆرەپ چىقتى. ئەسلىدە  ئىككى پۇتى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بۇ ئانا بۆرە ماڭالمايدىكەن. ھەركۈنى كېچىسى باشقا ئىككى بۆرە كېلىپ،ئانا بۆرىگە ياغاچنى چىشلىتىدىكەندە، ئۆزلىرى ئۇنىڭ ئىككى بېشىنى چىشلەپ، ئانا بۆرىنى سەيلە قىلدۇرىدىكەن. تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى ئانا بۆرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ يوشۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى قايتىپ كېتىدىكەن.

جەنۇبىي گوبى ئۆلكىسىدىكى بىر چارۋىچى يوقىلىپ كەتكەن تۆگىسىنى ئىزدەپ

www.kitaphumar.com

سىرتقا مېڭىپتۇ. ئۇ بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قولىدىكى دۇربۇن بىلەن تۆت ئەتراپىنى كۆزىتىپتۇ. تۇيۇقسىزلا قىزغۇچ بىر تۆگىنىڭ سۇنىڭ بويىدىن مېڭىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپتۇ. تۆگىنىڭ ئالدىدا خىرە-شىرە مىدىرلاپ تۇرغان يەنە بىر نەرسە باردەك. قىززىق يېرى، ھېلىقى تۆگە چارۋىچىلىق مەيدانى تەرەپكە ئەمەس، ئەگرى-بۈگرى چىغىر يولنى ياقىلاپ، قورام تاشلار چوقچىيىپ تۇرغان قىيا تەرەپكە ماڭغۇدەك. تۆگىنىڭ ئادىتىنى پىششىق بىلىدىغان چارۋىچى ئازراق ئويلىنىپلا ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتىپتۇ-دە، دەرھال ئاتقا مىنىپ تۆگە تەرەپكە چېپىپتۇ. تېخى تۆگىگە يېقىنلاشماي تۇرۇپلا، بىر بۆرىنىڭ تۆگىنىڭ ئالدىدىن ئۇچقاندەك قېچىپ يۈگۈرۈپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. چارۋىچى تۆگىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىسا، تۆگىنىڭ ئۈستىدە بىر بۆرە مىنىپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇ ئالدى ئىككى پۇتى بىلەن تۆگىنىڭ لوكىسىنى مەھكەم قامالللىۋالغان ھالەتتە ئىكەن. كەينى ئىككى پۇتى بۆرە تۇتىدىغان قاپقاندا ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە ئەركەك بۆرە ئىككى پۇتىدىن ئايرىلغان ئانا بۆرىنى تۆگىگە مىندۈرۈپ، ئۆزى ئالدىدا تۆگىنى يېتىلەپ ماڭغانىكەن. ئۇلارنىڭ زادى قانچە ئۇزۇن يولنى ماڭغانلىقىغا ھېچكىممۇ زادى بىرنەرسە دېيەلمەيدىكەن. بىچارە تۆگە ئورۇقلاپ، بىر تېرە-بىر ئۇستىخانلا بولۇپ قاپتۇ. چارۋىچى قېشىغا بارغاندا، تۆگىنىڭ ئىككى كۆزىدىن ياش ئېقىپتۇ. ھارۋىچى ھاياتلىق ئۈچۈن تۆگە مىنىپ ماڭغان ئانا بۆرىنى ئۆلتۈرمەپتۇ، ئۇنى توختىغان جايغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. چارۋىچى كېتىدىغان چاغدا، ئانا بۆرىنىڭ يىغلىغان پېتى ئالدىغا قاراپ ئۆمىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قوينىڭ بىر پۇت گۆشىنى قالدۇرۇپتۇ-دە، تۆگىنى ئېلىپ يولغا چۈشۈپتۇ.....

2011-يىلى دېكابىر

(«غەربىي يۇرت موڭغۇللىرى مۇنبىرى» « 西部蒙古论坛» ژۇرنىلىنىڭ 2012-يىللىق 2-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىمىن ئەھمىدى (شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ سابىق مۇدىرى)

تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات

مەنبە: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى 2012-يىللىق 5-سان

# ئۇيغۇرلاردا ھۆكۈمدارلارغا كىتاب تەقدىم قىلىش ئادىتى

ئىمىن تاجى تۇرگۇن

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتوتى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى كەسپىنىڭ 2009-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

كىتاب ـ ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى يېزىق، قەغەز ۋە مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانلار ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەت يېزىقسىز دەۋرنى باشتىن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، بۇ تارىختا «تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋر» دەپ ئاتالدى. يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ كاتتا مۆجىزىلەرنىڭ بىرى سانىلىدۇ. چۈنكى يېزىق ئارقىلىق ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئەجداتلىرىنىڭ تارىخلىرىنى خاتىرلەشكە ۋە ئەۋلادلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ئۇچۇرلۇق قىممىتىگە ئىگە بولغان پائالىيەتلىرىدىن خەۋەردار قىلىشقا باشلىغان. مەتبەئە تېخنىكىسى بارلىققا كەلمىگەن شارائىتتا، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تاش ئابىدىلەرگە، قىيا تاشلارغا ۋە غارلارغا ئۆزلىرىنىڭ يېزىقى ئارقىلىق تارىختىن خەۋەردار قىلىپ كەلگەن. مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن كىتابلارنىڭ سەھىپىسى، مەزمۇن يەتكۈزۈشچانلىقى ۋە ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق بولۇش جەھەتتە ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئىگە بولدى. ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن يېزىق ئىجاد قىلىش ۋە مەدەنىيەت تارقىتىش جەھەتتە باشقىلارغا قارىغاندا ناھايىتى زور تارىخى تەرەققىياتلارغا ئىگە بولغان. شۇڭا دۇنيادىكى تۈركلوگ ۋە ئۇيغۇرشۇناسلار ئۇيغۇرلارنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئۇستازى دەپ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تەرىپلەيدۇ. مەسىلەن، زەكىي ۋەلىدىي توغان «ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا قۇۋۋەتلىك مەدەنىيەتلىرىمۇ يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تىلى باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۈچۈن ئەدەبىي تىل بولۇپ كەلگەن» [1] دەپ باھا بەرگەن. ئېلىمىز ئالىمى چېڭ سۇلۇ بولسا «شەرقى ئاسىيانىڭ تاغلىق ئۆلكىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ھېچقايسىسى غەربى ياۋروپا

www.kitaphumar.com

ئالىملىرىنى ئۇيغۇرلاردەك ئۆزگە تارتالمىغان»②دەپ، شەمسىددىن ساقى بولسا «قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەدەنىي تەرەققىياتتا ئەڭ ئالدىدا كەتكەن خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا ئورتاق ئەدەبىي تىل ئىدى» ③دەپ باھا بەرگەن.

ئۇيغۇرلار يېزىقنى نىسبەتەن بۇرۇن ئىجاد قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىلىرىنى ئاچقان مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئالىملىرىمىزدىن ئابدۇقىيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ ۋە ئىسرائىل يۈسۈپلەر تەتقىقاتلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ 2000 يىلدىن ئارتۇق يېزىق تارىخىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان»④. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخىدا سوغدىلار ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. يەنى ئۇيغۇرلار سوغدى ھەرپلىرى ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى ئىجاد قىلغان.

مىلادى 8-7 ـ ئەسىرلەردە مۇڭغۇل يايلىقىدىكى ئۇرخۇن ۋە سېلىنگا دەريالىرى ۋادىلىرىدا تىكلەنگەن مەڭگۈ تاشلارنى تۈرك-ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى كىتابنىڭ نەمۇنىلىرى دېيىشكە ھەقلىقمىز. گەرچە ئۇلار قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل تاشلارغا ئويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆك تۈرك خانلىق(744-552- يىللار) ۋە ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ (840-744-يىللار) سىياسى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھەربى يۈرۈش ۋە قەبىلىلەر يۆتكىلىشىدەك بىر قاتار مۇھىم ساھەلەر بويىچە بىزگە ناھايىتى مۇھىم ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان«قەغەزسىز كىتابلاردۇر». بۇلار ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەتتىن كېيىن (ئەڭ بۇرۇن تىكلەنگەنلىرى مىلادى 580-يىلدىن باشلىنىدۇ، ئەڭ كېيىن دېگەنلىرى 820-يىللىرى تىكلەنگەن. مۇشۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ ئۇلارنى رەسمىي ئوقۇپ يەشكەن ۋاقىت 1893-يىلغىچە بولغان ناھايىتى ئۇزۇن دەۋر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) بايقىلىشى ۋە يېشىپ ئوقۇلۇشى دۇنيا تۈركلوگىيە تەتقىقاتىغا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىپ بەرگەن. مانا مۇشۇ مەڭگۈ تاشلار يەتكۈزگەن ئۇچۇرلار ئارقىلىق تارىخشۇناسلار تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت سەمەرىلىرىدىن خەۋەردار بولۇشتەك ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشتەك پۇرسەتكە ئېرىشەلىگەن. 1959-يىلى 12-ئايدا گەنسۇ-شىنجاڭ تاشيولى كېڭەيتىپ ياسالغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگلىرى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى سىڭگىم بۇددا خارابىلىقىدا تاشيول قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ قېزىش-تازىلاش ئېلىپ بارغان. ئەينى ۋاقىتتا 2-نومۇرلۇق ئىزدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە لوغەتنىڭ 11 پارچە كەمتۈك ۋارىقى تېپىلغان⑤. ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ لوغەت پارچىسىنىڭ 9-ئەسىرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان»⑥.

www.kitaphumar.com

بىز ئالدىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەندەك قەغەز ۋە مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى كىتابلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچ ئالدىنقى شەرت ئىدى. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەزچىلىكى ۋە مەتبەئە تېخنىكىسى قايسى ۋاقىتلاردى باشلانغان دېگەن مەسىلە ئالدىمىزدىكى مۇھىم مەسىلىدىن ئىبارەت.

ئەنئەنىۋى كۆز قاراش بويىچە قەغەز ئەڭ دەسلەپ مىلادى 89-يىلىدىن مىلادى 105-يىلىغىچە بولغان ئارلىقتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشىغان سەيلۇن تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ھەم مىلادى 105-يىلى سەيلۇننىڭ بۇ ئىجادىيىتى شەرقى خەن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ تارتۇقلىشىغا ئېرىشكەن دەپ قارىلىدۇ. دەرھەقىقەت ، ھازىرچە قەغەزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىجاد قىلىنىپ، ئاندىن ئوتتۇرا شەرق ۋە غەرب دۇنياسىغا تارقالغانلىقىدە پاكىتنى ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما يېقىنقى دەۋردە ئارقا-ئارقىدىن بايقالغان ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى كۆز قاراشقا گۇمانىي سۇئال قويىدى. شىئەندىكى بىيچاڭ خارابىسىدىن تېپىلغان غەربى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان قەغەز پارچىلىرىنىڭ سەيلۇن ئىجاد قىلغان قەغەزنىڭ يىل دەۋرىدىن 200 يىل بۇرۇن ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى»⑦. ئۇنىڭدىن باشقا 1933-يىلى خۇاڭ ۋېنبى شىنجاڭنىڭ لوپنۇر رايونىدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان قەدىمكى قەبرىدىن غەربى خەن سۇلالىسى پادىشاھى شۈەندى دەۋرى بولسا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 73-يىلىدىن 49-يىلىغىچە بولۇپ، لوپنۇردىن تېپىلغان بۇ قەغەزلەرنىڭ يىل دەۋرى سەيلۇن ئىجاد قىلغان قەغەزنىڭ يىل دەۋرىدىن 100 يىل بۇرۇن ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى⑧. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تارىم ۋادىسىدىكى ئەجداتلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا قەغەز ياساشقا باشلىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى ھەققىدىمۇ ئۇيغۇر ئالىمى ياسىن ھوشۇر ئەپەندى تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كىتىلگەن يازمىلارنى ۋە مەتبەئە بويۇنلىرىنى(بۇلارنىڭ ھەممىسى پارىژدا ساقلانماقتا، ئالىم ياسىن ھوشۇر بۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ پارىژدىكى بىر نەچچە يىللىق تەتقىقاتى داۋامىدا ئىسپاتلاپ چىققان) تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەجداتلىرىنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى 12-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 13-ئەسىرنىڭ بېشىدىلا ئىجاد قىلىپ بۇنىڭ بىلەن ھەر خىل كىتابلارنى بېسىپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلىغان⑨. مانا مۇشۇ خىلدىكى مەتبەئە تېخنىكىسى بىلەن يېزىلغان ۋە بېسىلىپ چىققان كىتابلار دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپاندا كۆپلەپ ساقلانغان بولۇپ، بۇلار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن چەتئەل ئېكىسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ ئېلىپ كېتىشى بىلەن چەتئەللەردىكى كۇتۇپخانا، مۇزېي ۋە

باشقا تەتقىقات ئورگانلىرىدا ساقلانماقتا. تۇرپاندىكى مەتبەئە تېخنىكىسى ھەققىدە تۈركىيە ئالىمى شىناسى تېكىن مۇنداق دېگەن :« شۇ ۋاقىتتا ئېيدىقۇتتا بېسىلغان كىتابلارنىڭ سەۋىيىسى دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى»[10]

كىتاب سوۋغا قىلىش ـ ئىنسانلار تارىخىدا ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. كىتاب باشقا سوۋغىلارغا ئوخشىمايدۇ، كىتابلار ئارقىلىق ئىنسانلار ناھايىتى زور نەپ ۋە لەززەتلەرگە ئىگە بولالايدۇ. بۇ جەھەتتە دار كىتابنىڭ رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ شائىر فىردەۋسى 30 يىل بۇ كىتابنى يېزىپ (ئۆزىنىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىنى دېمەكچى) ئىراننى قۇتقۇزۇپ قالدىم دەپ ئېيتقان. دېمىسمۇ بۇ كىتابتا خاتىرلەنگەن ئىران ۋە تۇران خەلقلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇشلىرى خاتىرلەنگەن. ئىراننى قۇتقۇزۇپ قالدىم دېگىنى بۇ كىتابتا شۇ دەۋردىكى ئىرانىيلارنىڭ تارىخى خاتىرلىنىش ئارقىلىق ئەۋلادلارغا بۇ ھەقتىكى تارىخى ناھايىتى ئېنىق قالدۇرۇلغانلىق كۆزدە تۇتۇلغان.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مەدەنىيەت ئەرباپلىرى ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق يېزىپ چىققان ئىلمىي ئەمگىكىنى شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمدارلارغا سوۋغا قىلىش ئارقىلىق ئۇنى بىر تەرەپتىن ئەبەدىي مۇلۇك قىلىپ ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ۋە ئەۋلادلارنى ئۇنىڭدىن خەۋەردار قىلىشنى ئۆزىگە يۈكلەنگەن مۇقەددەس ۋەزىپە دەپ قارىغان ھەمدە بۇ ئادەتنى خېلى يېقىنقى مەزگىللەرگىچە ساقلاپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ قىممەتلىق ئەمگەكلىرىنى ھۆكۈمدارلارغا تەقدىم ئېتىشىنى نوقۇل ماددى مەنپەئەت نوقتىسىدىن تەھلىل قىلىساق بىر تەرەپلىملىككە يول قويغان بولىمىز. مېنىڭچە ئۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەمگىكىنىڭ ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈلۈپ ئەبەدىي ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئۇ دەۋرلەردە بۈگۈنكىدەك تەرەققى قىلغان نەشرىياتلار بارلىققا كەلمىگەن. كىتابلارنىڭ كەڭ دائىرىدە خەلق ئاممىسىنىڭ قولىغا يېتىپ كېلىشى ۋە ئۇلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ بەھرىلىنىشى ناھايىتى تەسكە توختايدىغان بىر دەۋردۇر. شۇنداق شارائىتتا كىتاب كۆچۈرۈشنى مەخسۇس كەسىپي ئادەت قىلغان ۋە خۇدا يولىدا ساۋابلىق ئىش دەپ قارالغان. پۈتۈكچىلەر كېچە-كۈندۈز مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ كىتابلارنى قولىيازما ھالەتتىن كۆچۈرۈپ تارقاتقان. ئۇلارنى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى كاتتا ئەزىمەتلەر دەپ سۈپەتلىمەي تۇرالمايمىز ،ئەلۋەتتە. گابائىن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ پۈتۈكچىلىكى ھەققىدە مۇنداق يازغان : «قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي كىتابلارنى

كۆچـۈرۈش ئۇلـۇغ سـاۋابلىق ئىـش(قەدىمكـى ئۇيغـۇر تىلـىدا BuYANدېـيىلگەن) دېـگەن چۈشەنچىسىدىنمۇ بۇنى بايقاش مۇمكىن. (چۈنكى دىنىي كىتابلارنى كۆچۈرۈش ئۇچۇن ناھايىتى كۆپ كۈچ تەلەپ قىلىناتتى). خۇددى يايلاق تۈركلىرى ئەجەل تىشى(balbal) نىڭ ئېقتىدارى ئۆلگۈچىگە ئۆتىدۇ دەپ ئىشەنگەنگە ئوخشاش قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدىمۇ دىنىي كىتابلارنى كۆچۈرۈشنىڭ ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. بۇددا ۋە مانى دىنىي كىتابلىرىنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىنىڭ ئاخىرىغا ھەممىشە خاتىمە يېزىلاتتى. خاتىمىدە دائىم مۇنداق گەپلەر ئۇچرايدۇ، كۆچۈرۈلگەن كىتابلارنىڭ بىرىنچى ساۋابى ئالدى بىلەن خان سارىيىغا، ئاندىن مەرھۇم ئاتا-ئانىلارغا ، ئاندىن قالسا ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوست-بۇرادەرلەرگە بولسۇن⑪.

## ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇدكاشغەرى ۋە ئۇنىڭ شاھ ئەسرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»

تارىخى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئەڭ دەسلەپ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ شاھ ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى ئەينى دەۋردىكى ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 27-خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان. ئاپتۇر مەھمۇت قەشقەرى، قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولۇپ، ئۇ تەخمىنەن 1008-يىلى تۇغۇلۇپ (ئىلگىرىكى كىتابلاردا 1005-يىلى تۇغۇلغان دەپ قەيىت قىلىنىپ كېلىنگەن ئىدى، بۇ ھەققە ئالىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىق خاتىرە پائالىيىتىنى ئەزىزانە قەشقەردە 2005-يىلى ئۆتكۈزۈپ داغدۇغا بىلەن خاتىرلىگەن. چەتئەللەردە بولسا 1008-يىلىنى ئالىمنىڭ تۇغۇلغان يىلى دەپ قارايدۇ. 2008-يىلى تۈركىيە، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، تۈرمەنىستان قاتارلىق ئەللەردە بىر نەچچە قېتىم خاتىرلەش ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ بېيجىڭ، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر شەھەرلىرىدىمۇ مۇشۇنداق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى ھەممە مۇشۇ يىغىن ۋە پائالىيەتلەرنىڭ سوۋغىسى سۈپىتىدە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ تولۇق ئېنىدىكسلىق نۇسخىسى ئىشلەندى) 97 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كەڭ دالا-سەھرالىرىنى ئايلىنىش ۋە ئۆزىنىڭ ئەسەرگە ماتېرىيال توپلاش ئۇچۇن 1058-يىلى قەشقەردىن يولغا چىقىپ 15 يىلغا يېقىن دالا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ شاھانە ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. مىلادى 1072-يىلىدىن 1076-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ

ئەسەرنى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 4 قېتىم تۈزۈتۈپ ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى، قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەر باغدادتا خەلىپىلىكنىڭ 27-سى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلىنغان. ئاپتور ئۆز ئەسىرىنىڭ بېشىدىلا بۇ كىتابنى ئۈنىڭغا تەقدىم ئېتىش ۋە بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مۇددىئاسى سۆپىتىدە ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ ئۇلۇغ تەڭرىگە سىغىنىپ بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۈنىڭغا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دەپ ئات قويدۇم، بۇ كىتابنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇقەددەس ئورنىدا ئولتۇرغان ھاشىم ئۇرۇغىدىن ۋە ئابباسىيلار سۇلالىسىدىن يولباشچى بولغان خوجىمىز، ئىگىمىز، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ۋە تەڭرى تەيىنلىگەن خەلىپە مۇھەممەت ئوغلى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللا ھەزرەتلىرىگە ئارمىغان قىلدىم⑫ دەپ يازغان.

ئاپتور يۇقىرقى ئەسىرىدىن باشقا يەنە «تۈركىي تىللارنىڭ نەھۇگە ئائىت جەۋھەرلەر» ناملىق يەنە بىر پارچە ئەسەرنى يازغانلىقىنى تىلغا ئالغان»⑬. بۇ كىتاب تا ھازىرغىچە بىرەر يەردە بايقالغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق. بۇ ئېھتىمال ئۇيغۇرلار تارىخىدا يۈز بەرگەن بىر قانچە قېتىملىق كىتاب كۆيدۈرۈشتەك قارا دولقۇندا كۆيۈپ كۈلگەن ئايلانغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

بۇ ئەسەر 11-ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، تارىخى، ئەدەبىياتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، پەلسەپىۋى كۆز-قاراشلىرى، تېبابەتچىلىكى ھەربى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى، مىللەتلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ۋە پىسخىك ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن بىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇزاق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ مەھمۇد قەشقەرى ياشىغان دەۋرگىچە بولغان يىراق قەدىمكى تارىخنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شېئىر-قوشاقلار، رۇبائىي، مەرسىيە، ماقال-تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەردىن مۇپەسسەل مەلۇمات بىرىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»- تۈركىي سۆزلەر ئەرەبچە بىلەن ئىزاھلانغان لۇغەتتۇر. ئاپتور بۇ ئەسەرنى ئۇزۇن مۇددەتلىك تىل تەكشۈرۈش ئەمەلىيىتى داۋامىدا يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «مەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن. ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن-ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما،

قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيلىرىنى ئىنقىلاپ چىقىپ ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئۇبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم»⑭.

بۇ ئەسەرنى ئىبراھىم مۇتىئىي باشچىلىقىدىكى ئالىملار 1981-يىلى 1-تومىنى، 1983-يىلى 2-تومىنى، 1884-يىلى 3-تومىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. ھازىرغىچە 10 نەچچە خىل چەتئەل تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى نەشرى قىلىنىپ تارقىتىلدى.

## بۈيۈك شائىر، مۇتەپەككۇر ۋە دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ شاھ ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىگ»

يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1018-1019-يىللىرى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ يەنە بىر مەدەنىيەت مەركىزي بالاساغۇندا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» ناملىق ئەسىرىنى ئۇ ئۆزۈن مۇددەت توپلىغان ھاكىمىيەت باشقۇرۇش بىلىملىرى ۋە تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن يېزىپ چىققان بولۇپ، بۇ قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەتنى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، قاتمال قۇرۇلمىلارنى ئىسلاھ قىلىش، قانۇن -تۈزۈملەرنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدىكى پىروگرامما خاراكتېرلىك ئەسەردۇر. ئۇ بۇ ئەسىرىنى 1070-يىلى پۈتتۈرۈپ شۇ يىلى قاراخانىيلارنىڭ خانى ھەسەن بۇغراخانغا نورۇز سوۋغىسى سۈپىتىدە سوۋغا قىلغان»⑮. بۇنىڭدىن باشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 1080-يىلى ۋە 1082-يىلى «قامۇس»، «سىياسەتنامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنىمۇ يازغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ»⑯.

ئاپتور ئەسىرىنىڭ بېشىدا «ئەك سۆيۈملۈك پەرزەنتىم، مەن سىلەر ئۈچۈن شۇنچە مۇشەققەت چېكىپ، ھاياتلىق ئۈلۈگلارنى پۇختىلىشلىشىڭلار ئۈچۈن ئىش-ھەرىكەت ۋە يولۇڭلارنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە «قۇتادغۇ بىلىگ» ئەسىرىمنى سىلەرگە مىراس قالدۇردۇم، ھەر قاچان يولۇڭلاردىن ئازماي ئۇشبۇ يول بىلەن ماڭغايسىزلەر، بۇ دۇنيانى ئىزدىسەڭلارمۇ يول مۇشۇ، ئۇ دۇنيانى ئىزدىسەڭلەرمۇ يول مۇشۇ» ⑰ دەپ ئۆزىنىڭ كىتابىنى نېمە ئۈچۈن يازغانلىقىنى قەيت قىلغان.

بۇ ئەسەر قايسى ئەل پادىشاھلىقىغا، قايسى ئىقلىمغا يەتسە ئۆزلۈكى ۋە پەۋقۇلاددە گۈزەللىكىدىن شۇ ئەلنىڭ ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى نوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا ھەر تۈرلۈك

www.kitaphumar.com

ئـات ۋە لەقەم بەرگەن. چـىنلىقلار «ئەدەبـۇل مۇلـۇك»(ئەمرلەرنـىڭ ئەدەب-قائىـدىلىرى)، مـاچىن ھېكىملىـرى «ئـايىنۇل مەلىـكە»(مەملىـكەت دەسـتۇرى)، مەشـرىقلىقلەر «زىننەتـۇل ئۇمرا» (ئەمرلەر زىننىتى)، ئىرانلىقلار «شاھنامەئىي تۈركىي» دەپ نـاملارنى بەرگەن. يەنە بەزىلەر «پەندنامە مۇلۇك»(ئەمرلەرگە نەسھەت)، تـۇرانلىقلار «قۇتـادغۇ بىلىـگ» (بەخـت كەلتۈرگۈچى بىلىم) دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان»⑱.

بـۇ ئەسـەرنى ئەھـمەت زىيـائى قاتـارلىق ئـالىملار 1984-يىلـى ھـازىرقى زامـان ئۇيغـۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىـپ نەشـر قىلـدۇرغان.ھـازىرغىچە بـۇ ئەسـەرنىڭ 6-7 خىـل تىلـدىكى تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىندى.

## ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى ۋە ئۇنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر بوسۇغىسىدا) ناملىق ئەسىرى

قاراخـانىيلار سۇلالىسـىنىڭ ئـاخىرقى مەزگىللىرىـدە، ئەينـى دەۋر ئەدەبىـي تىلـى ـــ «خاقانىيە تىلى» (ئەسەردە بۇ تىل قەشقەر تىلى دەپ ئاتالغان) دا يېزىلغان ئەدىب ئەھـمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلـەر بوسۇغىسى) نـاملىق ئەسـەر قاراخـانىيلار خانلىقى دەۋرىـدىكى ئەبىي مىراسلار قاتارىدا مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ سانىلىدۇ.

ئەسـەرنىڭ كېيىن باشـقىلار تەرىپىـدىن كۆچـۈرۈلگەن نۇسخىسـىدىن «ئەتەبەتـۇل ھەقايىق» كۆچۈرگەن 15-ئەسىردە ئـۆتكەن تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىـڭ ئەمرلىرىـدىن بىـرى بولغـان بۇيـۈك ئەمىـر ئارسـلان خوجـا تارقـان تەرىپىـدىن داسـتاننىڭ ئاخىرىغا ئـىلاۋە تەرىقىسىدە قوشۇپ قويۇلغان بىـر پارچە شېئىرىدىن ئەدىبنىـڭ يـۈكنەك دېگەن يەردىن ئىكەنلىكـى، دادىسـىنىڭ ئىسـمى مەھـمۇد يـۈكنەكى ئىكەنلىكـى، ئۇنىـڭ ئەسـىرىنىڭ «ئەتەبەتـۇل ھەقـايىق» دېگەن ئەرەبـچە نـام بىـلەن ئاتالغـانلىقى ھەمـدە ئەسـەر تىلىنىـڭ «قەشقەر تىلى» بىلەن يېزىلغانلىقى مەلۇم.

تارىخى مەنبەلەردە يـۈكنەك شـەھىرىنىڭ سـەمەرقەند ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى مەلـۇم. ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى 12-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 13-ئەسـىرنىڭ باشـلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئەسـەرنى 1484-يىلـى شـەيخزادە ئابدۇلرازاق كۆچۈرۈپ ساقلىغان نۇسخىسىغا ئاساسەن نەجىپ ئاسـىم بـۇنى 1915،1916 ۋە 1934-يىللىرى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلدۇرغان.

بـۇ داسـتان پەنـدى-نەسـھەت تېمىسـىدىكى ئەسـەر بولـۇپ، 14 بـاپتىن تـۈزۈلگەن.

ئۇنىڭدا تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان 11 چوڭ مەسىلە چۈشەندۈرۈلگەن.

ئەينى ۋاقىتتا قاراخانىيلار سۇلالىسى شەرق ۋە غەربى قىسىملارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ھەمدە 12-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن باشلاپ بەزىدە قىتانلارغا بەزىدە خارازىم خانلىقىغا قارام ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. فېئودال تەپرىقچىلىق، بۆلۈنمىچىلىك، ئۇرۇش ئاپەتلىرى، قاششاقلىق، جاھالەت ۋە باشقا قاتمۇ-قات زۇلۇملار بۇ ئەدىبنى ئادالەت، ھەققانىيەت ۋە خەلقپەۋەرلىك ئىدىيەلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، كىشىلەرنى ئادالەتكە، ئىنساپقا ۋە ئىنسانى ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى تۇرغۇزۇشقا چاقىرىش نىيىتىدە بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىققان ھەمدە يېزىپ بولۇپ قاراخانىيلارنىڭ بىگى مۇھەممەد داد ئىسپەھسالارغا تەقدىم قىلغان» ⑲

## چوس گىخودزىر ۋە ئۇنىڭ «گىراماتىكا» ناملىق كىتابى

چوس گىخودزىر 14-13-ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇر تىلشۇناسى ۋە ئالىمى. ئۇ شىنجاڭدىن يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا جەلپ قىلىنغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارغا ئىگە بىلىم ئىگىسى، تەدبىرلىك سىياسىئون، دانا مۇتەپەككۇر، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن تىلشۇناس ۋە ئالىم سۈپىتىدە تونۇلغان ھەمدە «دۆلەت ئۇستازى» دېگەن پەخرلىك نامغا ئىگە بولۇپ، ئوردىدا ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەن.

چوس گىخودزىر قۇبلايخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن «گىراماتىكا» ناملىق بىر كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا موڭغۇل تىلىنىڭ گىراماتىكا قائىدىلىرى بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب ئارقىلىق موڭغۇل تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى ۋە تەلەپپۇزىنى توغرىلاش قائىدىلىرىگە ئاساس سېلىنغان. ئۇ ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا تاتاتۇڭا تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان موڭغۇل يېزىقىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق ئىسلاھ قىلىپ چىققان بولۇپ، بۇرۇنقى يېزىقتىن پەرقلەندۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن «يېڭى موڭغۇل يېزىقى» دەپ ئاتالغان ھەمدە موڭغۇل ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ئەنسارى ۋە ئۇنىڭ «نادىر نوملار يەشمىسى»، «نەسىرنامىدىن پارچىلار»، «نەسرنامە»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر»،« دورا ئۆسۈملۈكلەر» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى ئەنسارى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان مەشھۇر تەرجىمشۇناس بولۇپ، تەخەللۇسى «گوباۋ»(دۆلەت گۆھىرى) ئىدى.

«يۈەن سۇلالىسى يىپقى تارىخى» نىڭ 192-جىلدىدا دىيىلىشىچە، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بىشبالىقتا ئولتۇرۇشلۇق بۇدددىست ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا بۇددا نوملىرىنى ئوقۇغان ۋە كۆزى تەلماتلىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. مۆڭكۆ خان تەختكە ئولتۇرغان يىللىرى (مىلادى 1251-يىللىدىن 1259-يىلىغىچە) ئوردا تەرپىدىن ئىلمى خىزمەتكە تەكلىپ قىلىنغان.

## يۈەن شىزو (قۇبلايخان)

تەختكە ئولتۇرغان يىلى (1260-يىلى ) ئەنسارى تەرجىمە قىلغان ئون جىلدلىق بۇددا نومى «نادىر نوملار يەشمىسى» نى قۇبلايخانغا تەقدىم قىلغان. قۇبلايخان ئۇنى ئوردىنىڭ كاتىباتلىق، تىلماچلىق ئىشلىرىغا قاتناشتۇرغان. ئالدىنقى سۇلالىلەرنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىدىن خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن ، قۇبلايخان ئۇنى يەنە مەخسۇس تارىخى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا بويرۇغان.

ئۇ دەسلەپ بۇ بۇيرۇققا ئاساسەن «نەسىرنامىدىن پارچىلار» نالىق كىتابنى خەنزۇچىدىن مۇڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلغان. ئىككىنجى قېتىمدا يەنە «جىنگۈەن يىللىرىدىكى مۇھىم سىياسى ئىشلار» ناملىق كىتابنى تەرجىمە قىلغان. بۇ كىتابنىڭ مۇڭغۇل تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى قۇبلايخان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مۇڭغۇل-ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماي ، بەلكى ھەكىمىيەت يۇرگۈزۈش ۋە تەجرىبە-ساۋاق يەكۈنلەشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە «ئىبرەتنامە» ناملىق كىتابنى تەرجىمە قىلىپ قۇبلايخانغا سوۋغا قىلغان. بۇ كىتابتا ئىلگىرىكى سۇلالىلەردىكى دىۋان بەگلىرى بىلەن ۋەزىر-تۆرىلەرنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى، ئىپچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى ۋە ئۇنىڭغا كۆرۈلگەن چارە-تەدبىرلەر بايان قىلىنغان . ئەنسارى بۇ تەرجىمە ئەسىرىنى قۇبلايخانغا ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئەنسارىنىڭ ئوردا ئىچىدىكى تەسىرمۇ خېلى يۇقىرى بولغاچقا، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان ۋە قەلەمكەشلەر ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە بولغان.

كېيىنكى ۋاقىتلار ئۇ بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي يەنە سىماگۇاڭنىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ناملىق تارىخى ئەسەرنى، تىبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلەردىن «كۆپ ئۇچرايدىغان قىيىن كېسەللىكلەر دەستۇرى»، «دورا ئۆسۈملۈكلەر»

قاتارلىق كىتابلارنىمۇ تەرجىمە قىلىپ قوبلايخانغا سوۋغا قىلغان»⑳.

ئۇ 1293-يىلى ۋاپات بولغىچە مانا مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك ۋە ئىمي تەرجىمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان.

## مىرزا ھەيدەر كوراگان ۋە ئۇنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرى

مىرزا ھەيدەر كوراگان 1550-يىلى تاشكەنتتە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەت ھۈسەيىن كوراگان تاشكەنت ۋە ئۇراتېپە ھاكىمى بولغان. ئاتىسى 1508-يىلى شايبانىخان تەرىپىدىن ھىراتتا ئۆلتۈرۈلگەندە، ئۇ بۇخاراغا قېچىپ كەلگەن ۋە بۇ يەردە ۋاقىتلىق پاناھلانغان.

ئۇ 1513-1509-يىللىرى نەۋرە ئاكىسى بابۇر شاھنىڭ ھوزۇرىدا بولغان. ئۇ بۇ جەرياندا بابۇر بىلەن سەمەرقەنت ۋە بۇخارالارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان بىر قانچە قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتناشقان. ئۇ 1513-يىلى سەئىدىخاننىڭ يېنىغا كەلگەن بولۇپ تاكى سەئىدىخان ۋاپات بولغان 1533-يىلىغىچە بولغان 20 يىلدا سۇلتان سەئىدىخان بىلەن ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا بىللە بولغان.

سۇلتان سەئىدىخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئابدۇرەشىدخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغان، ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇرەشىدخان ئاقسۇنىڭ ھاكىمى ئىدى. دادىسىنىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال يەكەنگە كەلگەن. ئابدۇرەشىدخان يېڭى يىلنىڭ 1-كۈنى كېلىپ تەختكە ئولتۇرغىنى ياخشى دېگەن مەسلىھەتنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگۈچىلەر مىرزا ھەيدەر ۋە ئۇنىڭ تاغىسى سەئىد مۇھەممەت مىرزىلارنىڭ خانلىق تەختكە ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىنىسى ئىسكەندەر خاننى ئولتۇرغۇزۇشنى قەستلەپ، ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك دەپ خاننى ئىشەندۈرگەن. شۇنىڭ ئابدۇرەشىدخان ھەق-ناھەقنى سۈرۈشتۈرمەستىنلا ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا چىققان سەئىد مۇھەممەت مىرزا ۋە بىر قانچە ئوردا ئاقساقاللىرىنى قەتل قىلغان. مۇشۇنداق شارائىتتا ،مىرزا ھەيدەر يەكەندىن چىقىپ كەشمىرگە كەتكەن.

ئۇ 1546-1541-يىللىرى كەشمىردە تۇرغان يىللىرىدا «تارىخى رەشىدىي » ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان. ئاپتور ئەسلى بۇ كىتابىنى ئابدۇرەشىدخانغا بېغىشلاش ۋە ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ يۇقارقىدەك بىر قاتار سىياسى ۋەقەلەر سەۋەبىدىن ئەمەلگە ئاشمىغان.

بۇ ئەسەرنىڭ بىر نۇسخىسى ھازىر لىنىنگىرات، تاشكەنتتىكى بىر قىسىم مۇزېي ۋە كۇتۇپخانىلاردا ساقلانماقتا. ھازىرغىچە بۇنىڭ 7 خىل تىلدىكى تەرجىمە نۇسخىسى نەشىر قىلىندى.

## مۇھەممەت سىدىق بەرشدى ۋە ئۇنىڭ «سىدىقنامە» ناملىق ئەسىرى

مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى 18-ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى ۋە مۇتەپەككۇرى بولۇپ، 1715-يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇ ئىلىم ئىزدەش يولىدا ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. قانۇن، ئەدەبىيات بە ئىسلامىيەت پەنلىرى بويىچە ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى بولۇپ تونۇلغان.

ئۇ شەرق ئەللىرى مەدەنىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش جەريانىدا 11-ئەسىردە ئۆتكەن ئىران ئالىمى قابۇس ئىبنى ۋەشمىگىرنىڭ ئۆز ئوغلى كىلانشاھقا ۋەسىيەت ئورنىدا يېزىپ قالدۇرغان «قابۇسنامە» ناملىق ئەسىرى بىلەن تونۇشقان. بۇ ئەسەرنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆزىمۇ شۇ ماۋزۇدا بىر ئەسەر يېزىشنى پىلانلاپ، خەلق ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بىرىپ ماتېرىيال توپلاش مەقسىتىدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئارىلاپ يازماقچى بولغان ئەسەرنىڭ تىلى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىغان. نەتىجىدە شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەر ھاكىمى مۇھەممەت ئىبراھىم بەگ ئىبنى كىپەك بەگ ئىغلىنىڭ تەۋسىيىسى ۋە ياردىمى بىلەن 1785-يىلى «سىدىقنامە» نامىدا ئاتالغان دىداكتىك ئەسىرنى يېزىشقا باشلاپ 1787-يىلى تاماملىغان.

بۇ ئەسەر دىداكتىك خاراكتېردىكى ئەسەر بولۇپ، 44 باپتىن تۈزۈلگەن. مەزمۇنى تولىمۇ كەڭ دائىرىدە بولۇپ، سىياسەت، پەلسەپە، قانۇن، ئەدەبىيات، دىن، ئەخلاق ، تۇرمۇش ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق ئىلىم-پەننىڭ ھەممە ساھەسىگە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بىرىلغان.

## مۇھەممەت ئېۋەزبىن مەۋلانە سەدىرىدىن قاراقاشى ۋە ئۇنىڭ «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ناملىق ئەسىرى

شائىر مۇھەممەت ئېۋەز قاراقاشى مەۋلانە سەدىرىدىن قاراقاشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، 18-17-ئەسىرلەر ئارىلىقىدا قاراقاشنىڭ ھازىرقى ماڭلاي يېزىسى تەۋەسىدىكى مۇغاللا كەنتىدە

ياشاپ، ئۆمرىنى ھەر قايسى پەنلەر ئىجتىھاتى ۋە تەتقىقاتى بىلەن ئۆتكۈزگەن.

ئۇ ئىلىمسۆيەر ئاتىسىنىڭ بىۋاستە تەربىيىلىشى ۋە ئائىلىسىدىكى قويۇق ئىلمىي كەيپىيات مۇھىتىدا ئەتراپلىق ئۆسۈپ يېتىلگەن شائىر ۋە ئالىمدۇر. دادىسى مەۋلانە سەدىرىدىن قاراقاشى ئىلىمنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان ۋە ئۆزىمۇ ئۆمرىنى ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەم بولغاچقا، ئوغلىنى تەربىيەلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ئۆزى ئوغلىنى بىۋاستە تەربىيەگە ئېلىپ، دىنىي ئىسلامنىڭ مۇقەددەس ئەھكاملىرىدىن تارتىپ تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي ھېساب، ئىلمىي نۇجۇم، يەتتە ئىقلىم، توققۇز ئەفلاك.... » لارغىچە يىتەرلىك تەربىيەگە ئىگە قىلغان. ئاتىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيلىشى نەتىجىسىدە ئۆزى ئۆگەنگەن ئىلىملەر بويىچە ئۇ زېھنى ئۆتكۈر ئالىم بولۇپ يېتىلگەن.

ئۇنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىدىن «مەخدۇم ئەزەم»، «تەزكىرەئىي خوجا ئىسھاق» قاتارلىق تارىخى ئەسەرلىرى ۋە «مەجمۇئەتۇل-ئەھكام» ناملىق كالىنىدارچىلىق ۋە ئىلمىي نۇجۇمغا ئائىت ئەسىرى، شۇنداقلا بىر قىسىم شېئىرلىرى مەلۇم. «مەخدۇم ئەزەم»، «تەزكىرەئىي خوجا ئىسھاق» قاتارلىق تارىخى ئەسەرلىرى 18-17-ئەسىرلەردە شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن زور سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەقەلەر ۋە تارىخى شەخسلەر توغرىسىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ «تەزكىرەئىي ئەزىزان» دېگەن كىتابلىرى بىلەن ئۆز-ئارا ماسلىشىپ، بىر-بىرىنىڭ كەم يېرىنى تولۇقلايدۇ.

ئاپتۇرنىڭ «مەجمۇئەتۇل-ئەھكام» ناملىق ئەسىرى ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، فىزئولوگىيە ۋە ئەخلاق قاتارلىق پەنلەرنىڭ نوقتىسىدا تۈزۈپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى مۇشۇ ساھەگە ئائىت ئىلىملەرنى توپلىغان مۇشۇ ھەقتە ئۇچۇر بەرگەن. ئاپتۇر بۇ ئەسەرنىڭ بېشىدىلا مۇنداق يازغان: « بۇ پېقىر خاكسار، پەرىشان رۇزىگەر مۇھەممەت ئەۋەز ئىبنى مەۋلانە سەدىرىدىن قاراقاشى ..... بىر كەلىمە ھۆكەما ئەھۋالىدىن ۋە تارىخ، ھېساب، جەمەل، توققۇز ئەفلاك، يەتتە ئىقلىم، ئاجايىبات ۋە غارايىباتى ئالەم، شەھەرلەر، قەلئەلەر، ئىلمىي ھەندەسە ۋە نۇجۇم، ئىلمىي ھەيئەت مۇقەددىماتى ئىلمىي ھېساب، پاراسەت ۋە ھۆكۈمدىن جەمئىي قىلىندى ۋە ‹مەجمۇئەتۇل-ئەھكام› دەپ ئات قويۇلدى»(21) دەپ يازغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىدىن ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاتاقلىق تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ تەتقىق قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاپتۇرنىڭ بۇ ئەسىرى شۇ زامان ئۇيغۇر تەبىئىي پەن تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە.

www.kitaphumar.com

ئـاپتۇر بـۇ ئەسـەرنى ئەينـى ۋاقىتتىكـى قاراقـاش ھـاكىمى مـىرزا شـاھباز بەگنىـڭ تەشەببۇسى بىـلەن يېزىـپ چىققان ۋە ئاخىرىـدا ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغـان. بـۇ ئەسـەر ھـازىر ئـاپتونوم رايونلـۇق قەدىمكـى ئەسـەرلەر ئىشخانىسـىدا سـاقلانماقتا. قەدىمكـى ئەسـەرلەر ئىشخانىسـىنىڭ ئـالىي مـۇھەررىرى ئەركىـن ئىمىنىيـاز قۇتلـۇق بـۇ ئەسـەرنى نەشـرگە تەييارلىغان.

## موللا مۇھەممەت تۆمۈر قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ «كەلىلە دەمنە» ناملىق تەرجىمە ئەسىرى

مـوللا مـۇھەممەت تۆمـۈر قەشـقەرى 18-ئەسـىردە ياشـىغان ئاتـاقلىق تەرجىمـان ۋە ئەدىبلەرنىـڭ بىـرى. ئـۇ ئەينـى ۋاقىتتـا قەشـقەردىكى مەدرىسـىلەردە ئوقـۇپ ئەرەب، پـارس تىللىرنى ناھايىتى ياخشى ئۆگەنگەن تەرجىمە ئۇستازى، مەشھۇر خەتتات ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ مۆتىۋەر ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولۇپ تونۇلغان.

ئۇ ھىندى پەيلاسوپى بىد باي بىرەھمەننىڭ «كەلىلە دەمنە» ناملىق ئەسىرى بىـلەن ئۇچرىشىش جەريانىـدا بـۇ ئەسـەرنىدىن كەڭ خەلـق ئاممىسـىنى بەھرىلەنـدۈرۈش ئۈچـۈن ئۇنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئارزۇسى تۇغۇلغان ۋە بـۇ ئىشقا ھىجرىيەنىـڭ 1131-يىلى تۇتۇش قىلىپ پارسچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن تەرقىمە قىلىشقا باشلىغان.

بـۇ پەلسـەپىۋى ــ پـىكىر مـۇلاھىزىلەرنى ئەكـس ئەتتـۈرۈگـۈچى مەسـەل خارەكتېرلىـك ھىكايىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا تۈرلـۈك جـانىۋارلار ۋە ھايۋانلارنىـڭ ھايـاتى، ئۇلارنىـڭ ئـۆز-ئـارا مۇناسـىۋىتى ۋە زىـددىيەتلىرىنى بايـان قىلىـش شەكلى بىلەن كىشىلىك جەمئىيەتنىـڭ ئىجتىمـائىي جەريـانى، پادىشاھلارنىڭ جەمئىـيەت بىـلەن بولغـان مۇناسـىۋىتى، تۈرلـۈك گـورۇھ ۋە تەبىقىلەرنىـڭ ئـۆز-ئـارا مۇناسـىۋىتى ۋە ھىلىگەرلىك، ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

موللا مـۇھەممەت تۆمـۈر قەشـقەرىنىڭ بـۇ ئەسـەرنى تەرجىمـە قىلىشـقا شـۇ ۋاقىتتىكـى قەشـقەر ھۆكۈمـدارى مـۇھەممەت ئىمـام بەگ سـەۋەب بولغـانلىقى ئۈچـۈن ، ئـاپتور ئـۆز تەرجىمىسىنى «ئاسار ئىمامىيە» دەپ ئاتىغان. ئەسـەرنىڭ ھـازىر ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى تەرجىماننىـڭ ئـۆز قەلىمـى ئـارقىلىق يازغـان نۇسخىسـى بولـۇپ، ئۇنىڭـدىن تەرجىماننىـڭ يۈكسەك قەلەم ماھارىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

موللا مۇھەممەت تۆمۈر قەشقەرى بۇ ئەسەردىن باشقا يەنە پارس يازغۇچىسى ھۈسەيىن

كاشفىنىڭ «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» ناملىق ئەسەرنى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان.

## موللا سىدىق يەركەندى ۋە ئۇنىڭ «نەسرىي مىرزا مۇھەممەت ھۆسەيىنگە» ناملىق ئەسىرى

موللا سىدىق يەركەندى 18-19-ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى ۋە يازغۇچىدۇر. ئۇ «نەسرىي مىرزا مۇھەممەت ھۆسەيىنگە» ناملىق ئەسىرىبىلەن مەشھۇردۇر. يازغۇچى بۇ ئەسەرنى 1808-يىلى يەكەندە يازغان بولۇپ، نەۋائىينىڭ «خەمسە» ناملىق شېئىرىي داستانىنى نەسرىي شەكىلدە رومان قىلىپ تۈزۈپ چىققان. ئاپتورغا بۇ ئىشنى ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەن ھاكىمى مىرزا مۇھەممەت ھۆسەيىن بەگ تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاپتور بۇ ئەسەرگە «نەسرىي مىرزا مۇھەممەت ھۆسەيىنگە» دەپ نام بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىنغان.

ئۇنىڭغا «خەمسە» نىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «لەيلى-مەجنۇن»، «سەددىي ئىسكەندەر» قاتارلىق داستانلار كىرگۈزۈلگەن.

## مۇھەممەت سادىق قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ «تەزكىرەئىي ئەزىزان» ناملىق ئەسىرى ۋە «تارىخ تەبەرى» ناملىق تەرجىمە ئەسىرى

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى 18-19-ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان ئاتاقلىق تارىخشۇناس، ئالىم ۋە يازغۇچى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار يوق. پەقەت ئۇنىڭ «تەزكىرەئىي ئەزىزان» (ئۇلۇغلار تەزكىرىسى)، «زۇبدەتۇل مەسائىل» (دىنىي مەسىلىلەر جەۋھىرى)، «تەزكىرەئىي ئەسھابۇل كەھىف» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى ۋە ئۆز دەۋرىدە بەك شۆھرەت تاپقانلىقىدىن خەۋەردار بولالايمىز.

ئۇنىڭ «تەزكىرەئىي ئەزىزان»(ئۇلۇغلار تەزكىرىسى) ناملىق ئەسىرى 1771-يىلى يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنى يېزىشقا ئەينى دەۋردىكى قەشقەر ھاكىمى مىرزا ئوسمان بەگنىڭ ئانىسى رەھمىخان ئاغىچا دەۋەت قىلغان ۋە يېزىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىنغان.

1840-يىلى ئۇ يەنە «زۇبدەتۇل مەسائىل»(دىنىي مەسىلىلەر جەۋھىرى) ناملىق ئەسىرىنى يازغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە 1846-يىلى ئەرەب تارىخشۇناسى تەبەرىنىڭ

«تارىخ تەبەرى» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلغان ۋە بىر قانچە باپلارنى قوشۇپ « تارىخى ئىسكەندىرىيە ۋە تاجىنامە شاھى» ناملىق ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش ۋە يېزىشقا قەشقەر ھاكىملىرىدىن ئىسكەندەر بەگ تەشەببۇس قىلغانلىقتىن ئەسەر ئۇنىڭ نامىغا بېغىشلانغان ۋە ئۇنىڭغا سوۋغا سۈپىتىدە بېرىلگەن.

## ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە ئۇنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى» ناملىق ئەسىرى

ئابدۇرېھىم نىزارى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى ۋە ئاتاقلىق رېئالىزمچى شائىرى. ئۇ 1770-يىلى قەشقەر بۇلاقبېشى مەھەللىسىدە كىچىك قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن ۋە ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى پېشۋالىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوزۇق ئېلىشقا باشلىغان.

ئۇ ئۆمرىنىڭ 60 نەچچە يىلىنى ئوقۇش، ئوقۇتۇش، كاتىپلىق ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن. زوھۇردىن ھېكىمبەگ 1830-يىلى ئۇنى ئوردىسىغا ئېلىپ كاتىپلىق خىزمىتىگە تەيىنلىگەن. بۇ خىزمەتتە ئۇ 10 نەچچە يىل قىلغان. ئۇ 1837-يىلىدىن كېيىن «مۇھەببەت داستانلىرى» ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشىپ 1838-يىلى تاماملىغان. ئەسەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، «رابىئە-سەئىدىن»، «ۋامۇق-ئوزرا»، «مەھزۇن-گۈلنىسا»، «پەرھات-شېرىن»، «لەيلى-مەجنۇن» قاتارلىق داستانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شائىر بۇ ئەسىرىنى تۇرپان ۋالىيسى پىردۇننىڭ تەكلىپى بىلەن قەشقەردىن تۇرپانغا بېرىپ يېزىپ چىققان بولۇپ، بۇنى زوھۇردىن ھېكىمبەگ تەشەببۇس قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى نەۋائىينىڭ «خەمسى» سىدىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەڭ چوڭ شېئىرىي داستاندۇر.

ئابدۇرېھىم نىزارى بۇنىڭدىن باشقا يەنە 1839-يىللىرى زوھۇردىن ھېكىمبەگنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن «دۇررۇل نىجاد»(نىجادلىق ئۈنچىلىرى) ناملىق ئەسەرنى يازغان. ئەسەر سوئال -جاۋاب شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، سوئال مۇدىر خۇدىبىن ناملىق سەلبىي ئوبرازنىڭ ئېغىزىدىن بېرىلىپ جاۋاب مۇقبىل رۇشەندىل ناملىق ئىجابىي پېرسوناژ ئېغىزىدىن ئېلىنغان. ئەسەر تۈۋرۈلۈشى نەسرىي-نەزم شەكلىدە بولۇپ، ئومۇمىي كىتاب 88 سوئالغا . 92 جاۋاب بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

www.kitaphumar.com

## تۆردى نازىم غېرىبى ۋە «كىتاب غېرىب» ناملىق ئەسىرى

تۆردى نازىم غېرىبى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 19-ئەسىردىكى مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ 1802-يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇ ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. نىزارى ئۇنىڭ ئىلىمگە بولغان ئىشتىياقى ۋە ئىقتىدارىنى بايقاپ، ئۇنى خەتتاتلىق ئىشلىرىغا سالغان ۋە كېيىنرەك ئۇنى ئۆزى ئىشلەۋاتقان كاتىبات ئىشخانىسىنىڭ كاتىپلىقىغا قويغان.

ئۇ 1837-يىلى ھۆردىن ھېكمىبەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «كىتاب غېرىب» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان. بۇ ئەسەر 2150 مىسرادىن بېيىتتىن تۈزۈلگەن شېئىرىي ماقالە بولۇپ، 36 ماۋزۇ، 58 سوئال-جاۋاب بىلەن تۈزۈلگەن.

## موللا نىياز خوتەنى ۋە ئۇنىڭ «قىسسەسۇل غەرايىپ» ناملىق ئەسىرى

موللا نىياز خوتەنى- ئۇ 18-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ، 1777-يىلى تۇغۇلغان ۋە 20 نەچچە يېشىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە فېئودالىزمغا قارشى روھ جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ، ئۇ ئۆمرىدە كۆپلىگەن نەزمە، تارىخ، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ئائىت ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن 2080 مىسرالىق تارىخى داستانى «تەزكىرەئى ئىمام زەبىبۇللا»، «ئەرزنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن باشقا «قىسسەسۇل غەرايىپ» ناملىق ئەسىرى بار.

شائىرنىڭ «قىسسەسۇل غەرايىپ» ناملىق ئەسىرى خوتەن خانى ئابدۇلئەزىزنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمىدا، نوھ ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ چىڭگىزخانغىچە، ئىككىنچى قىسمىدا، چىڭگىزخاننىڭ ئەسلى نەسەبى، تۇغۇلۇشى ۋە جەڭ قىرغىنچىلىقى، ئۈچىنچى قىسمىدا، ھومايۇن پادىشاھنىڭ نەسەبى توغرىسىدىكى ۋەقەلەر، قىسسەلەر ۋە رىۋايەتلەر بايان قىلىنىغان. بۇ كىتابنىڭ ئەسلى قولىيازمىسى گوۋېجو ئۆلكىلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانغان بولۇپ، بەزى جايلىرى ئۆچۈپ كەتكەچكە ئوقۇش بىر قەدەر قىيىن. 1994-يىلى بۇ ئەسەرنى ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى نەشرگە تەييارلاپ ئىچكى قىسمىدا تارقاتقان.

www.kitaphumar.com

## مۆجىزى ۋە ئۇنىڭ «تەۋەرراخى مۇسقىيۇن»(مۇزىكانتلار تارىخى) ناملىق مۇزىكىغا ئائىت ئەسىرى

مۆجىزى خوتەندە ئۆتكەن شائىر ۋە مۇزىكانت بولۇپ، تۇغۇلغان يىلى ئېنىق ئەمەس. ئۇ 1854ـ1855 ـ يىللىرى «مۇزىكانتلار تارىخى» ناملىق ئەسەرنى يازغان.

ئۇ فېئودال دىنىي چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن تارىختا كۆمۈلۈپ قالغان مۇزىكا ئالىمى ۋە شائىر ئاماننىساخان نەفىسىنى تارىختىكى 17 نەپەر مۇزىكا پىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ زور ھۆرمەت بىلەن خەلققە تونۇشتۇرغان ۋە قەدىرخان ياركەندىنىڭ نادىر مۇزىكا ئالىمى، تەڭداشسىز ناخشىچى ۋە ئۇستا شائىر ئىكەنلىكىنى،راۋاب بىلەن ئەشئارنى كەشىپ قىلغانلىقىنى، «ۋىسال» ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلغانلىقىنى، مۇزىكا ئىلمىي توغرىسىدا كۆپلىگەن ماقالىلەرنى يازغانلىقىنى، «دىۋان قەدىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بارلىقىنى، يەكەن خانلىقىنىڭ مەرپەتپەرۋەر پادىشاھى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ كىچە ـ كۈندۈز ئايرىلمايدىغان ئەڭ يېقىن كىشىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىران، ئىراق، تەبرىز، خارازىم، بەلخ، شىراز قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن شاگىرتلىرى بولۇپ ئۇلارغا مۇزىكا دەرسى ئۆتكەنلىكىنى يازغان»(22). بۇ ئەسەر بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا يېزىلغان تۇنجى ئىلمىي ئەسەر بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بىز ئەينى دەۋر ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر مۇزىكىسىنى تەتقىق بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئىگە بولالايمىز.

بۇ ئەسەر ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن ھاكىمى ئەلشىر بەگنىڭ ھاۋالىسى بويىچە يېزىلغان ۋە يېزىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىنغان.

## ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ۋە ئۇنىڭ «ئىلى تارىخى» ناملىق ئەسىرى

ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ـ ئىلىدىكى يېڭى مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى، ئىجتىھادلىق تارىخچى ۋە ئۇيغۇر فولكلور بايلىقىنى رەتلەپ، قازغۇچى بولۇپ، 1897 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ سۇ دەرۋازا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، 1903 ـ يىلىدىن 1908 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى تائالىيە مەكتەپتە ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئۆلىماسى ئابدۇ مۇتائالى خەلپەمنىڭ قولىدا، ئاندىن «خانىقا مەكتەپ» تە ئوقۇغان. 1916 ـ يىلى ئۇ جەمئىيەتتىكى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ قوللىشى ۋە

ئۆزىنىڭ خىراجىتى بىلەن خۇنخاي مازارغا تۇنجى قېتىم «ئاقارتىش مەكتىپى» نى ئېچىپ ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئۇ مائارىپ ئىشلىرى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي يەنە ئۆزىنىڭ ۋاقتى ۋە زېھنىنى تارىخ تەتقىقاتىغىمۇ بېغىشلاپ ئىلى تارىخى ۋە باشقا تارىخى تېمىلار بويىچە ئىزدەنگەن ۋە «ئىلى تارىخى»، «موختەرەمە تارىخى»، «ئىسلام خەلىپىلىرى ۋە سۇلتانلىرى تارىخى»، «مۇسۇلمان ئۆلىمالار تارىخى»، «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللەر توپلىمى؛ قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

ئۇ «ئىلى تارىخى» ناملىق ئەسىرنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمغا ئۆز قولى تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئارمان قىلغان. ئەپسۇس ئۇ بۇ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالمايلا 1948-يىلى 2-مارتتا 51 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا بۇ ئەسىرنى ئوغلى ئابدۇرىشىت ئىمىنغا تاپشۇرۇپ بۇنى ئەخمەتجان قاسىمغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغان. ئابدۇرىشىت ئىمىن بۇ كىتابنى ئەخمەتجان قاسىمغا تەقدىم قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان خېتىدە : «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، شىنقاڭدا تېنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى ئەپەندى جانابلىرىغا ھۆرمەت بىلەن بۇ ئېلتىماسنى يېزىشىمدىكى مەقسەت بۇ ئەسەر ـ «ئىلى تارىخى» نى ئاتىمىز ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئوغلى تەرىپىدىن 1948-يىلى 28-يانۋاردا يېزىلىپ پۈتكەن ئىدى. ئاتام ئەسەرنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى ماڭا كۆچۈرۈپ، رەتلەپ چىقىشنى تاپشۇرغان ئىدى. مەن كۆچۈرۈش ھازىرلىقىدا تۇرغان ۋاقتىمدا ئاتام كۆز يۇمدى. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا « مەن بۇ تارىخنى يېزىشنى مۇشۇ يەردە توختاتتىم، بۇ كىتابنى رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى جانابلىرىغا ئۆز قولۇم بىلەن تەقدىم ئەتمەكچى ئىدىم، ئۇ كىشى سەرپ قىلغان 22 يىللىق ئۆمرۈمنى زايا قىلماس دەپ ئىشىنەتتىم، بىراق مەن بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمىدىم. ئەمدى مېنىڭ ئورنۇمدا سەن تەقدىم قىلارسەن دەپ ۋەزىيەت قالدۇرغان ئىدى، ھازىمىز، قازىمىز بىر تەرەپ بولغاندىن كېيىن كۆچۈرۈپ، رەتلەپ 1949-يىلى 1-يانۋارغا ئۈلگۈرتتۈم، مۇشۇ يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ كىتابنى ۋەسىيەت بويىچە سىز رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى جانابلىرىغا تەقدىم قىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. ئەلۋەتتە، جانابلىرىنىڭ بۇ كىتابنى ئاتام مەرھۇم ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ قولىدىن تاپشۇرۇپ ئالغاندەك قوبۇل قىلىشلىرىنى ھۆرمەت بىلەن ئۈمىد قىلىمەن.

www.kitaphumar.com

ئېھترام ئىلە ۋەسىيەت بويىچە تەقدىم قىلغۇچى: ئابدۇرېشىت ئىمىن تارىخ
1949-يىلى 1-يانۋار» دەپ يازغان.

«ئىلى تارىخى» ناملىق بۇ ئەسەر ئاپتورنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخ تەتقىقاتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ 18-19-ئەسىر شىنجاڭ تارىخى جۈملىدىن ئىلى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە بولغان قىممەتلىك ئەسەردۇر. بۇنىڭ شاپىگىرافتا بېسىلغان نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئىنىستىتوتىدا ساقلانماقتا.

يېغىنچاقلىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىش بىلەنلا قالماي، يەنە ئۇيغۇر ئاپتورلار ئۆزى يازغان كىتابنى قىممەتلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە خەلقنىڭ قولىغا ساق-سالامەت يېتىپ بېرىپ ئۆتكەندىن ئەۋلادلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن شۇ ۋاقتىنىڭ پادىشاھلىرىغا، ھۆكۈمالىرىغا ۋە يۇرت چوڭلىرىغا سوۋغا قىلىش قىلىش بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە داۋاملاشقان. ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ ئۆز ئەسىرىنى شۇ ۋاقىتتىكى پادىشاھ، ھاكىم ۋە يۇرت چوڭلىرىغا سوۋغا قىلىشىنى بىر خىل مەمەدانلىق ياكى ئۆزىنى كۆرسىتىپ بېرەر نەپكە ئېرىشىش يولىدا ئەمەس ، بەلكى ئىنسانى روھ ۋە خەلقچىللىق مەيدانىدا تۇرۇپ ئۆز ئەسىرىنىڭ ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئەبەدىي ساقلىنىشىنى ئۈمىد قىلىش، يوقۇلۇپ، يىرتىلىپ ياكى خەلقنىڭ قولىغا يېتىپ بارالماسلىقىدىن ئەنسىرەشتىن ئىبارەت ئىلمى سۆيەر ۋە خەلقچىللىق روھىدىنىڭ نامايەندىسىدىن ئىبارەت. ئۇلار بۇ جەھەتتە ئۇلار ھېچقانداق شەخسىي مەقسەت ۋە باشقا تەمەدە بولمىغان.

نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر ئاپتورلار ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزىنىڭ كىيىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى، ئانا يۇرتتىكى ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئانا ـئانىسى ياكى يۇرتتىكى ئەزىز خەلقىگە ۋە ياكى بىرەر خاتىرە كۈنلەرگە (دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايون ۋە ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ مانچە يىللىقىغا بېغىشلاش شەكلىدە) بېغىشلاش ۋە ئۇلارنى خاتىرلەش شەكلىدە ئۆز ئەسەرلىرىنى داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

**ئىزاھاتلار:**

③① روس ئالىملىرى كوللىكتىپ تۈزگەن : «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»(ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىلى نەشرى، 36،25-بەتلەر.

② چېڭ سولۇ : « ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى، 1989-يىللىق 2-سان، 101-بەت.

④ ئابدۇقىيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ : «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىلى نەشرى، 1،23-بەتلەر.

⑤⑥ قۇربان ۋەلى : «بىزنىڭ تارىخى يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى، 11، 16-بەتلەر.

⑧ مۇيىڭ : «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى قەغەزچىلىكى»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1979-يىللىق 3-ئاينىڭ 12-كۈنىدىكى سانى (خەنزۇچە)

⑨ ياسىن ھوشۇر، شى جىنبو : «ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژورنىلى، 1998-يىللىق 1-سان، 184.بەت.

⑩ شىناسى تېكىن : ‹‹ قەدىمكى تۈركلەردە كىتاب، قەغەز ۋە تامغىلار››، تۈركىيە ئىستانبۇل نەشرىياتى، 1993-يىلى نەشرى، 13-بەت.(يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ۋە ئابدۇبەسىر شۈكۈرىلەر يازغان ‹‹مەدەنىيەت كارۋانلىرى›› ناملىق كىتابتىن (2005 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) ۋاستىلىك سېتات ئالدىم )

⑪ ئاننا مارىيا فون گابائىن : قارا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1980-يىللىق 3-سان، 58-بەت.

⑫⑬⑭ مەھمۇت قەشقەرى :تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى، 34،3-بەتلەر.

⑮⑯⑰⑱ يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق : «11-ئەسىر ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى، 337،85،18،10-بەتلەر.

⑲ ۋ.ۋ. بارتولد (روسىيە) : «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە» (ئۇيغۇر سايرانى روسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى نەشرگە تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 208-بەت.

⑳ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق توختى : «يوەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن

مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى، 125،121-بەتلەر.

(21) ئابدۇللا سۇلايمان : «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»(ئەدەبىيات-سەنئەتكە ئائىت قىسمى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى، 165-بەت.

(22) موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى : «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»(ئەنۋەر بايتۇر ۋە خەمىت تۆمۈرلەر نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991-يىلى نەشرى، 2.بەت.

## پايدىلانملار :


1. مەھمۇت قەشقەرى :تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى.

2. ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق توختى : «يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى.

3. ھاجى ئەخمەت : «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989-يىلى 12-ئاي 2-نەشرى،

4. يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق : «11-ئەسىر ئۇيغۇر ئېدىئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى.

5. ئابدۇللا سۇلايمان : «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»(ئەدەبىيات-سەنئەتكە ئائىت قىسمى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى.

6. ئابدۇشۈكۈر ئىمىن باھاۋۇدۇن تارىخ : «مەرىپەتچىنىڭ ئەمگىكى خەلق مىراسىدۇر»، «مىراس» ژورنىلىنىڭ 2006-يىللىق 5-سانى.


بۇ ماقالە «مىراس» ژورنىلىنىڭ 2011-يىللىق 3-سانىغا بېسىلغان.